ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# TANGRITAG

# تەڭرىتاغ

6

1996

غەرب ئەدەبىياتىدىكى «بۆرە» ئوبرازى

شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى يېنىش، كۆيۈش

سېھىرلىك دوقمۇش

جەننەت چۆشى

شېئىرنىڭ بىر قانىتى

ئاق ئالتۇن ناۋاسى

ISSN 1004-1745



چەت ئەل فوتو- سۈرەتلىرىدىن

www.uyghurkitap.com



ئۇچرىشىش

ئالىم خالىدىن فوتوسى

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1996 - يىل 6 - سان

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت.

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

ئومۇمىي 59 - سان


مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


جەننەت چۈشى ......... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 1

سېھىرلىك دوقمۇش ......... ئابباس مۇنىياز 11

يولتوزسىز كېچە ......... ئەھمەت داۋۇت 19

ئاغىنەمنىڭ ھېكايىسى ......... قادىر ئارسلان 81


## شېئىرلار


شىمالدىكى كۆز ھارپىسى ......... غەنى رەشىدى 21

ئىككى شېئىر ......... توختى سابىر 23

گىياھ چۈشى ......... ئەخمەت سېيىت 22


## ئاق ئالتۇنلار ناۋاسى


كېرەم قاسىم ئەۋجى، ئەمەر ئەمەت، مۇھەممەتئىمىن ئوبۇر شەيدائىي، جانەم ئابلىمىت، تاھىر سالام، تەلئەتجان مۇھەممەدى، ئايتۇرسۇن راخمان، مۇنايىم ھاشىم، ئامان ئىمىن، تۇراخان توختى (تەنها گۈل)، ئېزىز راخمان، رەھىم راخمان، پاتىگۈل سەمەت ......... 34


## ماقالىلەر


روھىيەت ۋە مەدەنىيەت ......... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 24

شېئىرنىڭ بىر قانىتى ......... ئادىل تۇنىياز 87

روھنىكى سەنئەت ۋە سەنئەتنىكى روھ ......... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 97

غەرب ئەدەبىياتىدىكى «بۆرە» ئوبرازى ......... ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى 92


## دولان كۆيى


ئۆمەرجان ساماساق، ئاسىيە ئابدۇرېھىم، تۇرسۇن ھەسەن ......... 55

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن، قەيسەر تۇرسۇن، ئەخمەتجان تۇرۇپ
نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، سېيىت مىجىت، مامۇت ھېكىم، نۇرمۇھەممەت ھاشىم ...... 60

## يۇزمۇ — يۈز

شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى يېنىش، كۆيۈش (سۆھبەت خاتىرىسى) .......... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 67

## ئىزلىنىش ھېكايىلەر

ئاخۇنۇم جىجىق ........................................ كورەشچان ئۆمەر 71

## كېيىنكى - ژۇرناللاردىن

ئامەتچوڭ ھەققىدە رىۋايەت (ھېكايە) ........................ مۇھەممەت ئىمىن 99

## ئايتور، مۇھەررىر، كىتابخان

خەلقىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئىپتىخارلىق ھېسسىياتقا چۆمۈلىشى .............. ئەخەت داۋۇت 102

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

گارسىيە لوركا شېئىرلىرىدىن ........................ پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى 103

## مىسرالاردىن تەمسىلەر

مىسرالاردىن تەمسىلەر ........................................ 106

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................................ 107

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم، ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.

مۇقاۋا 1-بەتتە: كەچكۈز ئالىم خالىدىن فوتوسى

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر تۇمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت



# جەننەت چۈشى

(ھېكايە)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

تۈن قاراڭغۇسى.

ئۆيلىرى شالاڭ، چۆلسىرەپ تۇرغان مەھەللە خۇددى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەكلا جىمجىت تىمتاسلىققا چۆمگەن.

ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇزلار يوق، كىشىلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشكەن. سۇررەڭ ئاسمان ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تولىمۇ تىنىق ۋە ئېغىر. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا چەكسىز بوشلۇققا يېيىلغان مۇقەددەس تېنى مۇشۇ مىنۇتلاردا خۇددى تارتىشىپ قالىدىغاندەك، ھېلىلا يىغلىپ كىچىككىنە مۇنەكچىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك زېرىكىشلىك ھەم بىچارە، مىڭ يېرىدىن مۇڭ، ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ...

بىراق سىراجىدىن موللامنىڭ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھەپىلىسى يوق، ئۇ پەقەت مۇشۇنداق جىمجىتلىقنى، قاراڭغۇ كېچىنىلا خالايدۇ. «ئوغلۇم تېخى توك تارتىپ، يورۇقتا ئولتۇر دەيدا. نېمە قىلىمەن ئارتۇق پۇل خەجلەپ، مۇنۇ ئاتا - بوۋامدىن قالغان جىن چىراق توك دېگەن نېمىدىن مىڭ ياخشى. توك كېلەرمۇ دەپ تەلمۈرمەيسەن، ئۆچۈپ قالارمۇ دەپ غەم يېمەيسەن، بىرەر كىلو كىرسىننى ئېلىپ قويساڭ، ئۇزۇن جاھان پۇل خەجلىمەيمۇ يورۇقلۇقتا تۇرۇۋېرىسەن، ھېلىقى توك دېگەن بىرنېمىسى خۇشى تۇتسا كېلىدۇ، بولمىسا يوق. ئاي ئاخىرىدا بىرمۇنچە پۇل تۇتۇۋاتقان...» سىراجىدىن موللام تۈن نىسبى بولۇپ قالغان بولسىمۇ تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇيقۇ دېگەن غەپلەت، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك، ئىماننىڭ سۇسلىشىپ بېرىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ناھايىتى ئاز ئۇخلايتتى. كۆكۈش ئىس چىقىرىپ، كۆچەپ كۆيۈۋاتقان جىن چىراق قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ، مۇڭداش ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئاجىز نۇرغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى، يەنە بىر ھازا سۆزلىدى.

— قەدىناس چىرىغىم، سەن نېمىشقىمۇ جانسىز بولۇپ قالغانسەن؟ سۆزلىيەلىگەن بولساڭ بەك ياخشى بولاتتى، ئىككىمىز مۇشۇنداق ئۇزۇن كېچىلەردە ھاللاشقان بولاتتۇق، مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنگەن بولاتتىڭ. ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ئوغلۇم يەتكۈزمىگەن مېھىر-شەپقەتنى سەنمۇ بولسا يەتكۈزەتتىڭ. راست دەيمەن، كىممۇ مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنسۇن، جەننەتتىن ئىبارەت مۇقەددەس جايغا كىممۇ مەندەك ئىنتىلسۇن؟ كۆڭلۈمدىكىنى يەنىلا ساڭا ئېيتاي، ماڭا تەسەللى بېرەلمىسەڭمۇ بىر ئاڭلاپ باق: مەن جەننەت ئۈچۈنلا ياشاپ كەلدىم، جەننەت، جەننەت زادى قەيەردە، راستتىنلا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىمۇ، جەننەتكە ئېرىشمەك شۇنچە مۇشكۈلمۇ؟ يېشىم 60 قا بېرىپ قالدى، جان دېگەن ئامانەت نەرسە، بىلىۋاتامسەن، تەڭرىم ھامان بىر كۈنى ئۆز ئامانىتىنى ئالماي قويمايدۇ. ئويلاپ باقسام ئۆمرۈمدە بىرەر گۇناھلىق ئىش

قىلغان بەندە ئەمەسمەن، سەنمۇ بىلىسەن، مۇشۇ مەھەللىدە مەندىن بۆلەك جەننەتكە كىرەلىگۇدەك تۇزۇك ئادەممۇ يوق. خۇدا بۇيرۇسا جەننەتكە سېنىمۇ ئالغاچ كېتىمەن، كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ يەردىمۇ توك تارتىپ ئولتۇر دەيدىغان ئادەم بارمۇ-تېخى! قايسى كۈنى جەننەتتى چۈشەپ قاپتىمەن. سەنمۇ قولۇمدا تۇرغۇدەكسەن، جەننەت دېگەن جەننەت، ئۇ يەردە نېمە دېسە تەييار، ھەتتا گۈزەل ھۆرلەرمۇ بار ئىكەن، — بوۋاي سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تىللىرىنى تامشىپ، بوغدىيىكى توختىماي لىپىلداپ، ئاغزىغا كەلگەن شۆلگەينى «غۇرت» تىدە يۇتۇۋەتتى، خۇددى نېمىدىندۇر نومۇس قىلغاندەك يۈزلىرى كۆيۈشتى، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئىككى تەرىپىگە قارىۋېتىپ، ئاۋازىنى پەسەيتتى، ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى،— ئۇ ۋاقىت كىچە دېگۈدەكمەن، راست جەننەتتە كىچە بولامدۇ-بولمامدۇ، بەلكىم بەزىدە كىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى بۇنداق ئىشلارنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ، شۇڭا كىچە بولۇشى كېرەكتۇ، شۇنداق قىلىپ بىر ھۆر قىز ئالدىمغا كەپتۇ، جەننەت ئەمەسمۇ، راھەتنى شۇ يەردە كۆرىدىغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتىمەن، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك، قىز مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭغۇدەك، ئۆزۈمچە ئىزا تارتىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بوپتىمەن، لېكىن قىز مېنى پەقەتلا قويۇپ بەرمىگۇدەك، بىر چاغدا مەخمەلدەك يېشىل ئوتلاققا كەلگەندە، قىز مېنى ئۆزىگە چىڭ تارتىپ تۇرۇۋالغۇدەك. . . ھاي، ھاي مەرمەردەك ئاپئاق پەدەن، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرەك، تولغان كاسا. . . ئاياللىم تۇگەپ كېتىپ مۇنداق كۆكرەكلەرنى كۆرۈپ، مامۇقتەك يۇمشاق كاسىلارنى سىلاپ باقمىغىلى قاي زامان دەيسەن؟ شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بەھۇزۇر. . . ھەي شۇ قېتىم قالتىس چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، — بوۋاي كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يۇمدى، ئەلەم بىلەن خۇرسىندى، كېيىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنداق چۈش كۆرەلمىدىم، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، پەرىزات بىلەن بىللە ياتقىنىمنى ئويلىسام، ئازراق خىجىل بولۇپمۇ قالىمەن، ئۆگىنىپ قالغان خۇي-دە، ياشلىقىمىزدا قالىتتى ئەركەكتۇق.

بوۋاي پىچىرلاشتىن توختىدى، ئەتراپ قاراڭغۇ، ئەل ئۇيقۇدا، زېمىن ئويغاق. جىن چىراق يەنىلا بىر خىل كۆيمەكتە. ئۆيدە ھەتتا چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بوۋاي خىيال قىلىپ ھارغان ئىدى. ئۇنىڭ تەسۋى تۇتقان قوللىرى باياتىنقى ھاياجاندىنمۇ ئەيناۋۇر توختىماي تىترەيتتى، كۈنسايىن ئازلاۋاتقان ساقىلى خۇددى مۇكچىيىپ قالغان ئەتىسىز تەنلىرىگە ئوخشاشلا بىچارە، چوكىدەك بۇرتۇپ چىققان تومۇرلار ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاپ قويغان تانىدەك تەرەپ - تەرەپكە يېيىلغان.

مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشكەن، پەقەت زېمىنلا ئويغاق، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇدەك ئادەم يوق، ئۇنىڭ باغرى تىلىنغان، ئىچىدىكى ھەسرەتنى تىڭشايدىغانغا ھېچكىم يوق ئىدى. بىراق، سىراجىدىن موللامنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ئانچە خۇشى يوق، ئۇ ھازىر چارچىغانىدى. شۇ تاپتا شېرىن بىر ئۇيقۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ، چىدىغۇسىز مەستخۇشلۇق بىلەن ئۇنى قىستاپ كەلمەكتە. بوۋاينى ئاستا-ئاستا ئۇگدەك بېسىشقا باشلىدى.

. . . ئېكەك كەتكەن چۆللۈك، قۇم بارخانلىرى، ئەتراپ تولىمۇ غۇۋا، بوۋاي ھەرقانچە تېز ماڭسىمۇ خۇددى پۇتلىرىغا ئېغىر تاش ئېسىۋالغاندەك ئالدى تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتقان نۇرنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك پۇتىدىكى مەسە-كالىچىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈۋەردى، ئۇ ھاسىرايتتى، پۈتۈن ئەزايىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. بوۋاينىڭ بولارنى ئويلاپ تۇرغۇدەك تاقىتى يوق، ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ نۇرغا - جەننەتكە بېرىۋېلىشنىلا ئويلايتتى، لېكىن قېرىشقاندەك ئارىلىق شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ تېخىچە يېتىپ بارالمايۋاتاتتى. ئۇ ھۆمۈدەپ ئۆلەي دېگەندە ئاران يورۇقلۇققا يېتىپ

باردى. پاھ، ئۇنىڭ كۆز ئالدى ئاجايىپلا بىر دۇنيا ئىدى: ياپيېشىل چىمەنلىك، رەڭگارەڭ گۈللەر، بۈك-باراقسان ئورمانزارلىق. يېشىل ياقۇتتەك چاقناپ تۇرغان كۆللەر، ھەيۋەتلىك تاغلار، بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازى، ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ. . .

«جەننەت، ئاخىرى جەننەتنى تاپتىم! — بوۋاي خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى، كىچىك بالىدەك سەكرەپ كەتتى، — بىر ئۆمۈر تارتقان جاپايىمغا چۇشلۇق ئەمدى ھۇزۇرلىنىدىغان بولدۇم، جەننەت دېگەن قانداق جاي؟ دەل ماڭا ئوخشاش پاك مۇسۇلمانلار كىرىدىغان جاي، بۇ يەر ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.» سىراجىدىن موللام تەسۋىرلىگۈسىز مەستخۇشلۇق ۋە ھاياجان ئىچىدە جەننەتنىڭ يوغان قوش قاناتلىق ئالتۇن دەرۋازىسىغا قەدەم باستى.

— توختاڭ! — ئىشىككە قارايدىغان غولام ئۇنى توستى، — خالىغانچە كىرىپ چىقىدىغان سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەس بۇ.

— بۇ زادى نېمە قىلىق ئوكىلار، مەن شۇنچە يىراقتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلسەم، جەننەتكە كىرگۈزمىگىنىڭلار نېمىسى، ئۇنداق قىلماڭلار مەن كىرىۋالاي، — بوۋاي خاپا بولغان ھالدا ئىككىسىگە يالۋۇردى.

— بولمايدۇ، سىزنىڭ كىرىشىڭىزگە رۇخسەت يوق، — ئۇلار كەسكىن ئىدى، — جەننەتكە كىرىشكە شەرتىڭىز توشمايدىكەن.

— نېمىشقا؟

— ئۇنداقتا ئېيتىپ بېقىڭا، سىز ئۆمرىڭىزدە قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— شۇمۇ گەپمۇ، بىر ئۆمۈر تۇۋا ئىستىغپار بىلەن ئۆتكىنىممۇ يەتمەمدا، يەنە نېمە ياخشى ئىش ئۇ؟

— ياق، ئۇ دېگەن مۇسۇلماننىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ھەرگىزمۇ ساۋاپلىق ئىشلارنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

— ئۇنداقتا مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— يىغىپ قويغان 20 مىڭ يۈەن پۇلىڭىزنى بىرەر خاسىيەتلىك ئىشقا ئاتىۋېتىڭ ياكى يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە قىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ھاي، ھاي ئوكىلار، بۇ نېمە دېگىنىڭلار، مەن ئۇ پۇلنى بېغىمنىڭ مېۋىسىنى، ئۆزۈم باققان قويلارنىڭ گۆشىنى يېمەي مىڭبىر جاپادا ھەجگە ئاتاپ يىغقان، قاراپ تۇرۇپ شۇنچىۋالا پۇلنى خەققە بىكارغىلا بېرەمدىم؟

— ئەقلىڭىزگە نەپسىڭىز مىنگەن ئادەمكەنسىز، شۇڭا بىزدىن يامانلىماي بۇ يەردىن كېتىپ قېلىڭ.

بوۋاينىڭ ئاچچىقى كەلدى، ھار ئالدى، شۇ يېشى، شۇ ساقىلى بىلەن شۇنچە يىراقتىن كېلىپ جەننەتكە كىرەلمىگەنلىكىدىن غەزەپلەندى. «جەننەت دېگەن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ماكانىمىز ئىدىغۇ، ئۇلار مېنى نېمىشقا كىرگۈزمەيدۇ، ئۆزۈمنىڭ نەرسىسىگە ئۆزۈم ئىگە بولالمامدىم؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر ئۆمۈر يېمەي-ئىچمەي يىغقان پۇل تۇرسا ئۇ، خەق ئوغرىلاپ كەلگەن پۇلنىمۇ باشقىلارغا بىكارغا بېرىۋەتمەيدۇ، بىرەر خاسىيەتلىك ئىشقا ئاتىۋېتىڭ دەيدا، ئۇ پۇلنى خەققە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا بىكارغا بېرىۋېتىدىغانغا بېشىم ئىششىپ قالمىسا مېنىڭ، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي.»

— ئۇنداق قىلماي مېنى كىرگۈزىۋېتىڭلار، سىلەرگە دۇئا قىلاي، — بوۋاي يەنە بىر قېتىم يالۋۇردى.

— بولمايدۇ، قانداق جاھىل ئادەمسىز، كېتىڭ دېگەندىكىن كەتمەمسىز؟!

خۇددى كۈچلۈك شامالغا دۇچ كېلىپ بەرداشلىق بېرەلمىگەن لەگلەك يىپىدەك، بوۋاينىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئۇ ئەمدى نەگىمۇ بارار، يەنە شۇ چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا توپىغا كۆمۈلۈپ يۈرەرمۇ، يەنە قاچانغىچە جەننەتنى خىيال قىلىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆتەر؟ قايتىپ كەتسە ئەلە-مەھەللە ئالدىدا سەت تۇرماسمۇ، دوزاخقا كىرسە قانداق بولار، بەك قىيىنىلىپ كەتمەسمۇ، شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا جەننەتكە كىرىدىغان گەپ. بوۋاي شۇلارنى خىيال قىلىپ،

دوزاخقا كىرىشنى ئىختىيار قىلدى.

— بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — بوۋاي بۇ قېتىم بىرىلغۇدەك بولدى، كۆزلىرى قەھرلىك چەكچەيدى.

— سىزنىڭ دوزاخقا كىرگۈدەك گۇناھىڭىز يوقكەن.

— ما ئىشنى، مەن مۇشۇنداق يۈرەمدىم؟

— شۇنداق، ئۆمۈر بويى جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا تۇرىسىز.

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس... مۇمكىن ئە...مەس...

سىراجىدىن موللام چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمگەن، سەللىسىمۇ بېشىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، تېز-تېز نەپەس ئالاتتى. ئاسمان سەتھى ئەمدى ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى توخولار بەس-بەس بىلەن چىللاشماقتا. «سۇبھانالللا، ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، قارا بېسىپتۇ-دە، نەدىنمۇ بىر قاملاشمىغان چۈش كۆردۈم، ئەتىگەندىلا كۆڭلۈمنى يوق يېگەندەك قىلىپ، — بوۋاي سەللىسىنى ئوڭشىغاچ بىرنېمىلەرنى دەپ سۆيلەندى، كېچىدە باشقىچە خىيالدا بولۇپتىكەنمەن، ئاللا-تائاللا ئالدىن بېشارەت بېرىپ مېنى ئاگاھلاندۇردىمۇ-يە؟»

بوۋاي بىرنېمىنى ئەسكە ئالغاندەك قولاشمىغان بىر ھەرىكەتلەر بىلەن مەسە-كالىچىنى كىيىپ، كېلەڭسىز ياغاچ ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ ساندۇق ئۇنىڭ بىردىنبىر تەۋەررۇكى ئىدى، ھەممە نەرسىسىنى مۇشۇ ساندۇققا سالاتتى. ئۇزۇن يىللار بولغان بۇ ساندۇق ئورنىدىن زادىلا قوزغىلىپ باقمىدى، ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرىدىغان چاشقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق مۇقىم ماكانى بولغىنىدىن خوشال، شۇڭا ئۇلار بوۋاينىڭ كۆزىچە ئۇياقتىن-بۇياققا بەھوزۇر چىپىپ يۈرەلەيدۇ. لېكىن بوۋاينىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە زادىلا رايى بارمايتتى، ئۇلارمۇ خۇدا يارانقان مەخلۇقات-دە!

بوۋاي ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالغان ئاچقۇچلار ئىچىدىن بىر دانە ئاچقۇچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ناھايىتى قوپال ياسالغان يوغان تۆمۈر قۇلۇپنى ئاچتى، ئادىتى بويىچە ئۈستى تەرەپتىكى ئەسكى-تۇسكىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىدىن يەنە بىر قەلەي ساندۇقنى ئېلىپ ئاچتى، مانا مۇشۇ ساندۇقتا بوۋاينىڭ پۇللىرى — ئۆمۈر بويى يىغقان دەپىن-دۇنيالىرى بار. بوۋاي ھاياجان ئىچىدە پۇللارغا تىكىلدى: باغلام-باغلام پۇل، بەزىلىرىنىڭ چۆرىلىرى قىرچىلغان، كونىراپ ئەسلى رەڭگىنى يوقىتاي دەپ قالغان، بەزىلىرى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كۆكىرىپ كەتكەن... ئەمما بوۋاي مۇشۇ پۇللار بولغىنى ئۈچۈنلا روھى قانائەت تېپىپ، بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئاشۇ توقماق-توقماق پۇللار ئارىسىدا يەنە رەھمەتلىك مومىيىنىڭ ئالتۇن زىرىسىمۇ بار ئىدى. زىرە كىرلەشكەن، ئۆزايىدىن ئالتۇندەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. «سىلەر مېنىڭ بايلىقىم، ھاياتىم، — بوۋاي ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا پىچىرلىدى، — پەقەت سىلەر بىلەنلا مەن جەننەتكە كىرەلەيمەن، بىراق، سىلەر مېنىڭ ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇشۇمغا ئازلىق قىلىسىلەر، شۇڭا مەن يەنە ئازراق پۇل جايلىشىم كېرەك، ھەجگە بارمىسام جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھازىرلانمىغان بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن سىلەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن...». بوۋاي بامدات نامىزىنى ئۆتەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۇللارنى كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆز ئورنىغا سالدى-دە، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ھۆرۈپ، پۇچۇق ئىشتىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

## 2

مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى چىغىر يول بويىغا جايلاشقان بۇ بىر ئېغىزلىق پاكار كېسەك ئۆي، ئەتراپىدىكى خىش ئۆيلەر ئارىسىدا ئادەمگە خۇددى رىسىدە بولغان گۈزەل قىزنىڭ مەڭزىگە چىققان سۈگەلدەك بىقىمسىز تۇيۇلۇ بەرسىمۇ، لېكىن دىرىزىسىمۇ بولمىغان مۇشۇ قىڭغىر ئۆي

سىراجىدىن موللام ئۇچۇن مۇقەددەس، جېنىدەكلا ئەزىز. شۇڭا باشقىلارنىڭ بۇ توغرىسىدا دەيدىغان ھەرقانداق سۆزلىرى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. كۈندۈزى بولۇشىغا قارىماي ئۆي ئىچى خىرە، تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاجىز نۇر دەستىسىلا ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يوغان كالىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن يىل يېيىلىپ ياتقان كىگىز كونىرىغان، ئاچچىق توپا ھىدى بۇرۇننى ئېچىشتۇراتتى. ئەمما بۇۋاي مۇشۇ ئاچچىق ھىدنى كۈندە نەچچە رەت قانماي پۇرايتتى، چۈنكى مۇشۇ كىگىزلەر رەھمەتلىك مومىيى بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنىڭ يالدامىسى، ئۇنىڭدىن قاڭسىق پۇراق ئەمەس، سۆيۈملۈك مومىيىنىڭ ھىدى كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئەزەلدىن تېگىل بولمىغان بۇ بەختتىن، خاتىرجەم ئىستىقامەت قىلالىغانلىقىدىن خۇشال. شۇنداق بولغاچقا ئوغلى سادىقنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىدىن پەرۋايى پەلەك، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇ يەنىلا بالا، ئاق-قارىنى پەرق ئەتمىگەن، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئالەم، مۇشەققەت ئالىمى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئىمانسىزلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھى قورۇنىدىغان يولغا مېڭىۋاتاتتى.

سىراجىدىن موللام بۈگۈنمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كۆرگەن چۈشىنى ئويلاش بىلەن ھەلەك، ئۇ يەنىلا جەننەتنى چۈشىگەنىدى. بىراق، بۇ قېتىم چۈشى باشقىچە: «توۋا، ئادەم شۇنداقمۇ چۈشەيدىكىنا، جەننەتكە كىرەلمەي تۇرسام، سادىق دېگەن ئاتىكاچى مېنى دادامكەن دېمەي بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ كىرىپ كېتىۋاتامدا، ئۇ نېمىشقا جەننەتكە كىرىدىكەن، يا بىرەر ۋاخ ناماز ئوقۇمىسە ... بۇ بىر چۈشقۇ، مېنى قارا بېسىپتۇ، چوقۇم قارا باسقان نېمە، بولمىسا مۇنداق چۈشىمەيتتىم، توۋا قىلدىم، ئەجەب يېقىنقىنىڭياقى چۈشۈم بۇزۇلىدىغان بولۇپ قالدى دېسە.» بوۋاي بىر ھازا نېمىلەرنىدۇر سۆپكۈچلەپ، ئاللادىن ئۆز گۇناھىنى تىلىدى، جەننەتنى ئويلاپ، يەنە شېرىن خىيالغا پاتتى.

مۇجۇقىغا ماز تىقىپ قويىسمۇ كار قىلمىغان كونا ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى سىراجىدىن موللامنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىنى بۇزۇۋەتكەن كىرگۈچى ناكەسكە غەزەپ بىلەن قارىدى: يەنە شۇ كەنت كادىرلىرىكەنغۇ، تايىنلىق سېلىق سېلىپ كىرگەندۇ، نېمە بوپ كەتتى بۇ خەق، پۇل-پۇللا دېگەن، قاچانمۇ پۇلغا توياركىن، بىكارغىلا بىرمۇنچە پۇلنى بۇلىغاندەك ئېلىۋاتقان... بۇۋاي ئورنىدىن ئازراق قىمىرلاپ قويىدى، «نېمە گەپ؟» دېگەندەك ئۇلارغا خۇش ياقمىغان بىر ئەلپازدا تىكىلدى.

— سالامەت تۇرۇپلا سىراجىدىن قارى، ئاز-تولا تالا-تۈزگىمۇ چىقىپ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسىلە بولامدۇ، قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسىلە كۆزلىرىگىمۇ زىيانلىق.

«ئاسماندا-قاسقاندا گەپ قىلىپ يۈرىدا ماۋۇ كادىر، — بۇۋاي جىلى بولدى، — تىلىنى چايناپ ئۇنى-بۇنى دېگۈچە نەق گەپنىلا دېسە بولامدۇ، ئادەمنىڭ ئىمانىنى ئېزىقتۇرۇپ.»

— ھەر ھالدا خۇداغا شۈكرى، ھەر قايسىلىرى نېمە ۋەجىدىن مېنى ئىزدەپ كەپقالدىلىكىن؟— بۇۋاي ئاخىرى ئۆزى گەپ تەشتى.

— بۇ مۇنداق گەپ، — باياتىنقى ياپىلاق بۇرۇن، كەكە ساقال كەنت كادىرى ئاۋۋالقىدەكلا سوزۇپ گەپ قىلىشقا باشلىدى — مەھەللىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى خىش بىلەن يېڭىلاپ سالايلى دېگەن، شۇڭا جامائەت ئازراق ياردەم قىلامدىكىن دەپ ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ يىغىش قىلىۋاتىمىز، سىلىمۇ ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە، مەكتەپنى خىش بىلەن سالساق سىلىنىڭ نەۋرىمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ؟

— گەپنى ئۈزۈپلا دەي، مەندە پۇل يوق، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۆيۈممۇ مۇشۇنداق كونا، خىشتا سالاي دېسەممۇ پۇل بولمىغاندىكىن تۇرۇپ قالدىم، بولمىسا ياردەم قىلغۇم بار ئىدى، بىراق، بۇ ئىشقا كەلگەندە مەن پەقەتلا ئامالسىز، يېنىمدا ھازىر بىر تىيىنمۇ پۇل يوق.

كەنت كادىرلىرى چىقىپ كېتىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بوۋاي ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ، ساندۇقنى ئاچتى. رىتى بىلەن تىكتۈۋېتىلگەن يۇلنى ئېلىپ. يورنىغا يېقىن ئەكەلدى، نىمدىگەن يۇراقلىق، يۇل ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق خۇش يۇراق چاچىدىكەن-دە! بىر ئۆمۈر قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇ يۇللار يەقەت ماڭىلا تالىق، ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. مەكتەپ سالارمىش تېخى، ئۆتكەندە مەھەللىگە مەسچىت سالىمىز دېگەندىمۇ بىر ۋاراق بەرمىگەن يۇل ئۇرسا بۇ، ئەمدىزە ھېچكىمگىمۇ ئەسقاتمايدىغان مەكتەپ ئۈچۈن بېرىۋېتىمەنما، سىلىنىڭ نەۋرىمۇ ئوقۇيدۇ دەيدا، مەن يا ئۇنى مەكتەپنە ئوقۇتىمەن دېمىسەم، ئۆزلىرى يېشى توشۇپتۇ دەپ مەجبۇرى نىزىملاشتى، ئوقۇتما دېسەم سادىق ئۇنىمىدى، نىمە قىلىدۇ ئارتۇق چىقىم تارتىپ، بۇ خەقنىڭ موكتەپ دېگەن بىزنىمىسى دىنسىزلارنى قىيامغا يەتكۈچە قايىنتىپ، سېپى ئۆزىدىن ئىمانسىز قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان قازان، يەنە تېخى نەۋرەمنى ئوقۇتقىنىمغا خۇش بولماي، يۇزنى داپتەك قىلىپ يۇل تىلەپ كىرگىنىنى . . .

بوۋاي بىرھازاغىچە يۇلنى ئۇ قولىدىن - بۇ قولىغا ئېلىپ، ھاياجان بىلەن قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنى، يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە «جەننەت، جەننەت» دەپ سوقماقتا.

ئىشىك تۇيۇقسىز چېكىلدى، بوۋاي يۇللارنى ھاپىلا-شاپىلا ئۆز ئورنىغا سالدى. كىمدۇ بۇ، يەنە شۇنداق تېنەپ قالغان سىلىقچىلارمىدۇ، ئادەمنى ھەجەپ تىنچ قويمىدى. بوۋاي بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاچتى-يۇ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، پەقەت خالىمايدىغان مېھمان - ئوغلى سادىق.

— دادا، نىمانداق ئۆيگە بېكىنىۋالدىڭ، تالا-تۈزگە چىقساڭ، سىرتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولساڭ بولمامدۇ، — سادىق كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇ گەپلەرنى دېدى.

— يەنە شۇ گەپمۇ، — بوۋاي تېرىكتى، — باياتىنقى سىلىقچىلارمۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى، ئەمدى سەن قوپتۇڭمۇ؟

— سىلىقچى دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ — سادىق قىزىقسىنىپ سورىدى.

— كىم بولاتتى، مۇشۇ مەھەللىنىڭ كادىرلىرى، باياتىن مەكتەپنى خىش بىلەن سالىمىز، يۇلىمىز يەتمىدى، ياردەم قىلسىلا دەپ كىرىپتۇ.

— يۇل بەردىڭمۇ؟

— نىمىنى بېرىمەن؟ ئۇلارغا بېرىدىغانغا چۈشۈپ قالغان يۇل بارمىكەن؟

— ھەي دادا، ئۇلار سەندىن شۇنچە ئۇمىد كۈتۈپ كىرسە، قۇرۇق قول يولغا سالدىڭما؟

— بولدى كاپشىما! — بوۋاي تېرىكتى، — سەنمۇ شۇ خەقنىڭ دېپىنى چېلىۋاتىسەنغۇ، ئېشىپ-تېشىپ قالغان يۇلۇڭ بولسا ئۆزۈڭ بەرمەمسەن؟

— بەردىم، مەن يىغقان يۇلۇمدىن 500 كوي بەردىم، — سادىق دادىسىغا مەغرۇر تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھاياجان، كىنايە، قەتئىيلىك ۋە ئاچچىق تەنە بار ئىدى.



— نىمە؟! 500 كوي! — بوۋاينىڭ بەدەنلىرى سىلكىندى، كۆزلىرى ھېلىلا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى، نەپىسى تېزلىشىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى، — ھەي ئەخمەق، شۇنچە يۇلنىمۇ مەكتەپكە بەرگۈلۈكما، كاللاڭ نەگە كەتتى سېنىڭ؟! دۆتلىشىپسەن، ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن،

جاھاندا سەندەك ھاماقەت بولماس. 500 كوي. . . 500 كوي، ئۈنچىلىك پۇلنى ساراڭمۇ ھۆكۈمەتكە بىكارغا بېرىۋەتمەيدۇ!

سادىق دادىسىنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، خۇددى يۇلتۇزسىز كېچىدەك قار يېغىۋاتقان يۈزلىرىگە قاراپ ئەپسۇسلاندى، ئۈمىدسىزلەندى، نېمىشقىدۇر كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «دادا، نېمانداق قىلىسەن، مەكتەپكە پۇلنى مەن بەرسەم، سېنىڭ نېمىشقا ئاچچىقىڭ كېلىدۇ؟ بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق نادانلىقتا، موھتاجلىقتا ياشايمىز؟! كېيىنكىلەرنى نېمىشقا ئويلىمايدىغانسەن دادا. ئۇنداق قىلما، ئۆزۈڭنى ئايا، شۇنچە باغ-ۋاراندىن بولغان كىرىمنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ، مەكتەپكە، يېتىم-يېسىرلارغا بەرسەڭ خەقمۇ خوش بولىدۇ، خۇدامۇ راۋا كۆرىدۇ. قارىغىنا، ئورۇقلاپ يۈزلىرىڭ قوشۇقتەكلا بولۇپ قاپتۇ. بەي دېسەڭ نېمە كەم؟ جېنىڭنى ئۇنداق قىينىما، تېنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. . .» سادىق ئىچىدە دادىسىغا نۇرغۇن گەپلەرنى دېدى، لېكىن بۇ گەپلەرگە دادىسىنىڭ ئەسلا ئۇنىمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا خوش ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىش كېرەك.

— دادا، ھەممىلا ئادەم خىش ئۆيگە كۆچتى، بۇ ئەسكى تامنى چېقىپ، خىشتا سالايلى.

— خەق كۆچكەن بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى، — بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ قەدىناس ئۆينى «ئەسكى تام»لىق دەپ ئاتىغانلىقىدىن كۆڭلىدە نارازى بولدى، مەن ساڭا تالاي قېتىم ئېيتتىم، بۇ ئۆتكۈنچى ئالەم، راھەت كۆرۈش بىزگە يات، ئۇ دۇنيالىقىمىزنى ئويلايلى دەپ، گېپىمنى ئاڭلىماق تۇگۇل، ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۇردۇڭ، خوتۇن-بالىلىرىڭغا تېخى نەسىھەت قىلمايسەن، ئايالىڭمۇ تەپ تارتماي بەزىدە يالاڭباشتاق يۇرىدىكەن، سىلەرگە ئۇ دۇنيالىق كېرەك ئەمەسما؟

— شۇنداقلا دەيدىكەنسەن دادا، ئۇ دۇنيالىقنى ئەمەس، بۇ ئالەمنى بىر ئويلىغىنە، ئۆتكەندە قويلارنىڭ قوتىنىنى يۇختىلاپ قايتا سالايلى دېسەم، خۇدايىم ساقلايدۇ دېدىڭ، بوران چىققان ھېلىقى كۈنى كېچىسى ئاللە قوينى بىراقلا ئوغرى ئالدى، قېنى خۇدانىڭ ساقلىغىنى، ئۆزىمىزگە زىيان بولدى شۇ.

— بولدى كاپىلداۋەرمىگىنە، — بوۋاينىڭ تاقىتى تۇشقانىدى، — نېمانچە كۇپىرانە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ، نومۇس قىلماي خۇداغا شەك كېلىدىغان گەپلەرنى دەۋاتىسىنا، قوينى ئوغرى ئالسا، ئۇمۇ ئاللاتائالانىڭ پۈتمىشى بىلەن بولغان، ئاللا ئىگەم ئۆزى بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالغۇسى كەلسە، ھەر خىل يوللار بىلەن قايتۇرۇۋالىدۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ، ئاڭلىغانسەن، ئۆتكەندە قايسى بىرسىنىڭ قويى تۇغۇپتىكەن، قوزىنىڭ دۈمبىسىدە ئەرەبچە «ئاللا» دېگەن خەت يېزىقلىق چۈشۈپتىمىش، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، بۇمۇ خۇدانىڭ كارامىتى بولماي نېمە؟

سادىق دادىسىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم گەپ تاكاللاشقان، قىزىرىشقان، بەزىدە بوۋاي ئۇنى ئىككى بالىنىڭ دادىسىكەن دېمەي ھاسىسى بىلەن قوغلاپ، سۈرۈپ-توقاي قىلغان، ئەمما بۇلار سادىققا بەرىبىر ئىدى، ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى دادىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۆزگىرىپ كېتىشى.

بوۋاي ئۆيدە يەنە يالغۇز قالدى. كونىرىغان كېگىز، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئاچچىق پۇراق، تۆگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاجىز نۇر دەستىسى بوۋايغا يىللاردىن بېرى ھەمراھ. ئۇ ئاشۇ پۇراقتا، ئاشۇ گىرىمسەنلىككە ھەشقىپىچەكتەك ياماشقان، پۈتۈن نىيەت-ئىقبالى جەننەتكە كىرىش ئىدى. شۇڭا باياتىن ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقلا خوشلىشىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس، پەقەت ئوغلىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى خۇددى بىرسى يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك ئۇنى ئارامسىزلاندۇردى، «بالا دېگەن بالا بولۇشى كېرەكتىغۇ، نېمىشقا مەن بىلەن تاكاللىشىدۇ، بۇ قىيامەتنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى بەندىنىڭ زىيادە ئېزىشىمۇ؟ ھەرقانچە ئازسىمۇ بۇنچىلىك ئازماس.» بوۋاي شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالغاندەك تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان نانغا تىكىلدى: «ھەي، ئەجەب بىر چاغلاركەندۇق، رەھمەتلىك مومىيىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر-ئىككى تونۇر ناننى بىراقلا يېقىپ، يوغان سېۋەتكە قاچىلاپ، تورۇسقا - ئاشۇ تانىغا ئېسىپ قويىدىغان، ئۇ چاغلاردا نان دېگەندىن غەم يېمەيتتىم، ھېلىمۇ شۇنداق تېجەشلىك بولغىنىم ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل يىغىۋالدىم، ئەتىگەندە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقنىڭ پولوسىنى يەيدىغان گەپ، بىكارغا كەلگەن تاماق-تە، زورلاپ تۇرۇپ يېيىش كېرەك، بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى. . . —

بوۋاي كىملەردىندۇر كۆڭلى سۆيۈنگەندەك، كۆزلىرىنى يۇمدى، چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىلەندى، — ئاللانىڭ كۆزى باركەن، بولمىسا بۇ كەمگىچە بۇرۇنقىدەك يۈرگەن بولسام، ئاللىقاچان دوزىخى بولۇپ كېتەتتىم. »

بوۋاينىڭ ياش ۋاقتىدىكى «ناشايان» ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئويلىغۇسى يوق، ئاشۇ ئىشلار ھەر قېتىم يادىغا يەتكەندە ئۇنىڭ چۈشكەن قىلدەك تولغىنىدۇ، يۈرىكى سۇ بولىدۇ. ئازابلىنىدۇ، پۇشايمان ئىچىدە خۇدادىن بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيدۇ. شۇنداق، ئۇ ياشلىقىدا سىراجىدىن موللام ئەمەس، سىراجىدىن «بۇلبۇل» ئىدى. راۋاب چېلىپ، ناخشا توۋلايدىغان بولسا، ھەرقانداق ئادەم قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتاتتى. بولۇپمۇ قىز كۆچۈرگەن چاغلاردا ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، هارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، شۇنداق ناخشا ئېيتاتتىكى، ئۇنىڭ تاڭ ساباسىدەك لەرزان، بۇلبۇلنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋازى ئاخشىمى تويغا قاتناشقان قىز-چوكانلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇلارنىڭ تولغىنىپ ئۇخلىيالماسلىقىغا سەۋەب بولاتتى. كېيىنچە دىنىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بىراقلا ئۆزگەردى، راۋابنى ئايالىنىڭ يالۋۇرغىنىغا قارىماي ئۇرۇپ چۇل-چۇل قىلىۋەتتى، ساقالنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، موللىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ھاراق ئىچمەيدىغان، كەيپ-ساپا يولىغا ماڭمايدىغان مۆمىن بەندىگە ئايلاندى. بۇنى كۆرگەن جامائەت ئۇنىڭدىن سۆيۈندى، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان بولدى. بۇ سىراجىدىن موللامنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇش، جەننەتكە كىرىش ئارزۇسى ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇنلاپ كۆيۈپ، گۈلخانغا ئايلاندى. بۇ گۈلخان بارغانسېرى لاۋۇلداۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە جەننەتكە كىرىشنىڭ بىردىنبىر ئاچقۇچى ھەجگە بېرىپ، تېخىمۇ پاكلىنىش ئىدى. ئۇ شۇ ئارمان بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇل يىغىۋاتاتتى.

سىراجىدىن موللام ئېرىنچەكلىك بىلەن كاڭدىن چۈشتى. پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ھەرگىز نامازنى قازا قىلغۇسى يوق، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئوغلىنىڭ ئۆيىدە قورسىقىنى توقلايدۇ، ئەمما تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم پۇللارنى يەنە بىر قېتىم يوقلاش كېرەك، بولمىسا نامازنى خاتىرجەم ئوقۇيالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئىشكىنى ئىچىدىن چىڭ تاقىغاندىن كېيىن ساندۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. . .

تۆڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاجىز نۇر، دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق ھىد، كىرلەشكەن پۇللارنى توختىماي ھىدلاۋاتقان بوۋاي. . .

3

تۈن قاراڭغۇسى.

ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز يوق. سىراجىدىن موللام ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئىچىدە توختىماي ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئەمدى ئالدى تەرەپتىكى نۇرغا قاراپ ئەمەس، باشقا يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھالسىزلانغان، لېكىن جەننەتكە كىرىش ئىستىكىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. «جەننەتكە بەرىبىر كىرگۈزمەيدۇ، — ئويلىدى بوۋاي، — ئۆتكەندىمۇ شۇنداق بولغان، جاپا تارتىپ ئۇ يەرگە بارغاننىڭ نېمە پايدىسى، ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا جەننەتكە بېرىپ باققىنىم تۈزۈك، جەننەت بىر ئەمەس سەككىزغۇ. . . » بوۋاي بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن ئۈمىد ئىچىدە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. قاراڭغۇلۇقتا كىيگەن ئاپئاق كىيىملەرنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى، بەلكىم ئۇ كىيىم كىيمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ ماڭغانچە گاڭگىراپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. گاھ

بوران چىقىپ قۇم - توپىلار كۆزىگە كىرسە، گاھ چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغاتتى. بوۋاينىڭ بۇلارغا پەرۋايى پەلەك، ئۇ چوقۇم جەننەتنى تېپىشى كېرەك. ئۇ مېڭىۋەردى، تۇرۇپ يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ماڭسا، تۇرۇپ تاشلىققا چىقىپ قالاتتى. قىرلىق تاشلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تىلىۋەتتى، بىردىنلا قىپقىزىل قانلار بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى، ئەمما بوۋاي ئازراقمۇ ئاغرىق ھېس قىلمايتتى. قىزىق ئىش، ئۇنىڭ قېنى ئاققان جايلاردىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىزىدىن ئۈنۈپ چىققان قىزىلگۈل بىردەمدىلا بۇ كەڭ كەتكەن چۆل-باياۋاننى قاپلىدى. بوۋاي بۇنىڭدىن ھەيران، ئۇ ئۆمرىدە گۈل تېرىش تۇگۇل، مۇنداق جىق گۈلنى كۆرۈپ باقمىغان. «- نېمە كارامەتتۇ بۇ؟- بوۋاي ئىزىراپ ئىچىدە ئارقىسىغا پات-پات قاراپ قوياتتى، — گۈل دېگەن رەڭگارەڭ بولۇشى كېرەكتىغۇ، نېمىشقا بۇ گۈللەرنىڭ ھەممىسىلا قىزىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگىمۇ قان رەڭگىدە، بۇمۇ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىمىدۇ؟ مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەم نەگە بارارمەن، بۇ يول ھېچ تۈگىيدىغاندەك ئەمەس.» بوۋاي شۇ تەرىزدە مېڭىۋەردى، ئۇ ئەمدى ماڭغانچە غەيرەتكە كەلمەكتە، روھلانماقتا ئىدى. ئەمما باشقا بىر جەننەتنى تېپىپ چىقالىشىغىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى، شۇنداقتىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ مېڭىۋەردى. ئۇ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئەندىكىپ توختاپ قالدى، ئالدىدا يېقىنلا يەردە ئاقۇش نۇر كۆرۈندى.

— ھەي ئىنسان، شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كېلىپ، ئەمدى نەگە باراي دەيسەن؟ — خىتاب قىلدى نۇر.

— جەننەتنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم، شۇڭا قايتىپ كېتەي دەيمەن، — بوۋاي لاغىلداپ تىترىدى.

— ئەمدى قايتىپ كەتسەڭ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسەن، ھېلىمۇ سېنىڭ يوقاتقىنىڭ ئاز ئەمەس، لېكىن سەن بۇ قېتىم نۇرغۇن قان ئاققۇزدۇڭ، بەدەل تۆلىدىڭ، ئەمدى تەلىپىڭ ئىجاۋەت بولغاندا بۇرۇنقى ئارزۇيىڭدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟

— تەلىپىم راست ئىجاۋەت بولدىمۇ؟

— سەن تېخى ھېلىلا ئۆلدۈڭ، بىردەمدىن كېيىن پەرىشتىلەر سېنى جەننەتكە ئېلىپ كەتكىلى كېلىدۇ، — ئاۋاز توختىدى، ئاق نۇرمۇ يوقىدى. بوۋاي خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردە ھاياجانلانسا، بىردە ھەيران قالاتتى. «بۇرۇن شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ كىرەلمىگەن جەننەتكە بۇ قېتىم ئەجەب تېزلا كىرىدىغان بولۇپ قاپتىمەن، بۇنىڭدا زادى نېمە سىر بولغىيتتى؟» بوۋاي شۇلارنى ئويلىغاچ پەرىشتىلەر قاياقتىن كېلەركىن دېگەن ئۈمىد بىلەن تۆت ئەتراپىغا قارىدى. دەل ھېلىقى ئاقۇش نۇر كۆرۈنۈپ تۇرغان تەرەپتىن پەرىشتىلەر بوۋاي تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى.

— قېنى مەرھەمەت، بىز بۇيرۇق بويىچە سىزنى جەننەتكە ئېلىپ كېتىشكە كەلدۇق، — پەرىشتىلەر تۇشمۇ-تۇشتىن بوۋاينى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بوۋاي شۇ تاپتا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، مېڭىسى قۇرۇق، خۇشاللىق يېشى كۆزلىرىدىن توختىماي قۇيۇلاتتى، ئەمدى راھەت كۆرۈش، ھەقىقىي بەختكە مۇشەررەپ بولۇش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز شادىيانىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، جەننەتكە بارغاندىن كېيىن بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى ھېلىقى كۆنى چۈشىدە بىرگە بولغان ھۆر قىزنى ئىزدەپ تېپىش. . . بوۋاي ھۆر قىزنى ئەسكە ئېلىش بىلەنلا قايتىدىن جانلاندى، ئۆزىنىڭ پەرىشتىلەر بىلەن لەرزان ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى. شۇ مىنۇتلاردا پەقەت جەننەتكە تېزرەك بېرىپ، ھېلىقى ھۆر قىز بىلەن بىرگە بولۇش ئىستىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇددى تورغا ئوخشاش مەھكەم چىرمىغانىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇچۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي جەننەتنىڭ يوغان ئالتۇن دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدابولدى. بوۋاي ھېلىقى كۆنى ئۆزىنى توسقان غۇلاملارغا قارىدى، ئۇلار ئەمدى بېشىنى تۆۋەن قىلغان ھالدا بوۋاينىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. بوۋاي تۇرۇپلا بىر ئىش ئېسىگە كەچكەندەك پەرىشتىلەردىن ئالدىراپ سورىدى:

— مەن ئۆتكەندە شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ جەننەتكە كىرەلمىگەن، بۇ قېتىم ئىشىم ئاسانلا ئوڭغا تارتتى، سەۋەبىنى بىلىپ قالسام.

www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، پەرىشتە ئېغىز ئاچتى، — سىز بۇ قېتىم نۇرغۇن بەدەل تۆلىدىڭىز، رىيازەت چەكتىڭىز، قان ئاققۇزدىڭىز، ئۇندىن قالسا... — ھېلىقى پەرىشتە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قولىنى ھاۋادا شۇنداقلا شىلتىپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تۆت چاسا ئەينەكنى پەيدا قىلدى، — مانا بۇ جاھاننامە ئەينىكى، بۇنىڭدا باقى ئالەمدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، سىز بۇلارنى كۆرسىڭىز ھەممىنى چۈشىنىسىز.

بوۋاي يېقىن كەلدى، ئەينەككە سىنچىلاپ قارىدى: پاھ، سانجاق-سانجاق ئادەملەر، ھەممىسى تونۇش چىراي، ئوغلى سادىق ھېلىمۇ بېلىگە ئاق بەلباغ باغلىغان، كۆپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك بىلەن سۆزلىمەكتە:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، ئېزىز قېرىنداشلار، بۈگۈن مەن دادامدىن قالغان 20 مىڭ يۈەن پۇلنى مەھەللىمىزدىكى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلماقچى. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ مەرھۇم دادامنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مەكتەپىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى تىلەيمەن!

— سىراجىدىن قارىمغا رەھمەت!

— مەرھۇمنىڭ ئورنى جەننەتتە بولغاي!

— ... ...

تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان كىچىككىنە مەھەللىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇششاق باللارمۇ، ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ خۇشاللىقتىن تۇۋلىماقتا، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلماقتا، بەزىلىرى ئاياغسىز، بەزىلىرىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىدىن مۈرە-ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغان... لېكىن، ئۇلار بۈگۈن خۇشال، خۇددى بايرام بولغاندەك سولغۇن، مىسكىن چىرايلارنى ھاياجان كۈلكىسى قاپلىغان...

— نېمە؟! — بوۋاي ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، ئەينەكنى ئۇرۇپ چۇل-چۇل قىلىۋەتتى، — ما ئەقىلسىزنىڭ قىلغان ئىشىنى خەپ. بۇ موخونىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بەرمەيدىغان بولسام، — بوۋاي غەزەپتىن جالاقلاپ تىترىدى، ئۇنىڭ چىرايى قارىدىغان، خۇشاللىقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى، ئۇ جىددىي بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇساتتىن ئارقىغا بۇرۇلدى.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — پەرىشتىلەر ئۇنى تۇتۇۋالدى، — سىز ئوغلىڭىز قىلغان خاسىيەتلىك ئىشنىڭ ھىممىتى بىلەن جەننەتكە كىرمەكچى بولۇۋاتىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلىڭىز سىز ئولتۇرغان ھېلىقى ئۆينى چېقىپ، ئورنىغا «ياشلار قىرائەتخانىسى» سالدى.

— يەنە تېخى شۇنداقمۇ ئىش بارما؟! بولدى بەس، مەن جەننەتكە كىرمەيمەن، مېنى ئاشۇ گەپ ئاڭلىماس ياغاچ قۇلاقنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس، — بوۋاي تىرەجەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — ئەڭ بولمىغاندىمۇ شۇ پۇللارنى مەسچىتكە ئىئانە قىلىۋەتسە، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنسە نېمە بولىدۇ؟! مەن جەننەتكە ۋاقتىنچە كىرمەي تۇراي. دەرھال بېرىپ سادىق دېگەن ئېشەك قۇلاقنىڭ ئەدىپىنى بېرەي، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار، ئىست پۇل!

بولمايدۇ، سىز ئۆلدىڭىز، شۇڭا باقى ئالەمگە قايتىپ بارالمايسىز، — پەرىشتىلەر بوۋاينى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىمىغىنىغا قويماي جەننەتكە ئەكىرىپ كەتتى. بوۋاي توختىماي تىپىرلايتتى، يۇلقۇناتتى، پۇت-قولى ھاۋادا توختىماي پولاڭلايتتى، «مەن جەننەتكە كىرمەيمەن، بېرىپ سادىق بىلەن ھېسابلىشىمەن، ئىست پۇلۇم...!» بوۋاي ھەدەپ ۋارقىراپ-جارقىرايتتى، ئەمما ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى جەننەتتىكى بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايرىشى بىلەن ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئارىسىدا ئاڭلانماي قالدى.

# سېھىرلىك دوقمۇش

(ھېكايە)



ئابباس مۇنىياز

«خوتۇن خەق دېگەن ئادەمنىڭ باغرى قېنىپ ئۆتىدىغان نەرسە ئەمەس» . ئۇ يەنە شۇنداق ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى كىيگەن، تولغان بەدەنلىرىدىن نازاكەت ياغىدىغان، ھەر قەدىمىدە ئەۋرىشىم بەللىرى سۇسىرىغان بېلىقتەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئاپئاق بەدەن بىر قىز يېنىدىن ئۆتۈشكە ئۇنىڭ ئىسكە ئىختىيارسىز ھالدا شۇ خىيال كەلگەنىدى.

ئۇ ھەدېسىلا ئارقىسىغا قاراپتتى. ھەر قارىغاندا، ئۇنىڭ خۇنۇك بولغىنىغا قارىماي ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزلىرى قىزنىڭ فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقىغا ئاران پاتقان پۇتلىرىغا، قايىنامدەك ھەر تەرەپكە تولغىنىپ كېتىۋاتقان سېھىرلىك كاسىسىغا ئەگىشىپ كېتىپ قالىدىغاندەك، ئەسلى ئورنىنى ۋە كوچىدا باشقا كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، ھېلىقى ئاپئاق پۇتا قارىچۇقلار ئارقىلىق كۆزىگە تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ۋە ئاستا - ئاستا يوغىناپ ئەبەدىيلىك قېتىپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

«ئۇنىڭ پۇتىسى بەكلا چىرايلىق، مۇشۇ قىزنىڭ پۇتىسىدەك. . .» . تولىمۇ يىراقتىن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى سۇس ئاڭلىناتتى، جەينەكسىمان دوقمۇش ئۇنىڭ ئالدىغا چېپىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ياققا بولسا بىلىنمەس ھالەتتە يېقىنلاپ كېلەتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا شۇ پۇتا - تولغان، ئاپئاق، يېقىملىق، سېھىرلىك! . . .

ئۇ، قىيماسلىق بىلەن ئارقىسىغا يەنە بىر قاراپ قويدى. پۇتىسى ئۆزى شەيدا بولۇپ قالغان پۇتىغا ئوخشايدىغان ھېلىقى قىز ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. «ئەپسۇس! . . .» ئىلگىرىمۇ تالاي قېتىم شۇنداق دېگەنلىكىگە ئۇ ئۆزىمۇ ئىقرار. لېكىن، بۇ قېتىم قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن پۇتنى ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى، ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. خۇدا قىزلارنىڭ پۇتىسىنى ئادەمنى قىيناش ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن يارىتامدىغاندۇ؟ بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۇتىسى. . . ئاپئاق بىلىق، ياق، بېلىقنىڭ فوپال، قاتتىق قاسىرىقى بار، ئۇ دېگەن يۇمشاق، چېگىتسىز پاختا. بۇمۇ توغرا ئەمەس. پاختا دېگەن جانسىز، ھېسسىياتسىز، ئۇ بولسا تىرىك جان، ئادەمنى غىدىقلاپ، ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان سېھىرلىك جان! . . .

ئۇ، بېسىپ بولماس بىر خىل ئازاب ئىچىدە بېشىنى كۆتەردى. ئەسلىدىنلا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرى ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ كۆز ناھايىتى ھېسسىياتلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن خۇنۇك ئىدى. ئۇنىڭدىن مۇشۇ ياشتىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدە بولىدىغان چاقناق نۇرلار، ئويناق ئىپادىلەرنى

تاپقىلى بولمايتتى. پەقەت ئاللىقانداق بىر نەرسىگە زىيادە قىزىقىشتىن پەيدا بولغان كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە كېيىنكى قارىچۇقلىرىدا تۆپە - تۆپىلەپ قېتىپ كەتكەن يوقالماس سىماھلار لا ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلايتتى، ئۇنى شادلاندۇراتتى، روھلاندۇراتتى. . .

ئۇ بويى پاكارلار قاتارىغا كىرەتتى، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى، قويۇق قارا قاشلىرى، قىزلارنىڭكىدەك چىرايلىق بۇرنى، نېپىز لەۋلىرى، ئاپئاق ۋە ئۇششاق چىشلىرى، ئۇنىڭغا سۆلەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان يارىشىملىق بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى ناھايىتى قاملاشقان يىگىت قىلىپ كۆرسىتەتتى. شۇڭىنىسى، ئۇ تاشمايماق ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئۇ ناھايىتى پەخىرلىنەتتى. «ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تاشمايماق بولىدۇ.» دەيتتى ئۇ.

كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. ماشىنىنىڭ تىنىمسىز سەكرەۋاتقان يىڭنىسى ئۇنىڭ مېڭىسىگە سانجىلاتتى، توختىماي سانجىلاتتى!. . .

ئۇ، مۇشۇ ئاۋازغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭسىز ياشيالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. دەل ئاشۇ ئاۋازدىن، ئاشۇ توختاۋسىز سەكرەپ تۇرىدىغان يىڭنە ئاستىدىن تۇتام - تۇتام پۇل تىرىقلاپ چىقاتتى. يەنە تالاي ئابروي ئىگىلىرى، گۈل بەدەن نازىنىنلار. . . كىيىم شەكلىدە يىڭنە ئاستىغا، ئۇنىڭ يىڭنىسىنىڭ ئاستىغا كىرەتتى.

«ئۇنىڭ ئاشۇ يوتىسى!. . .»

ماشىنا بىر خىلدا شىرىلدايتتى. قورچاقتەك ياسىنىۋالغان بىر جۈپ قىز ئىككى ماشىنىدا ئايرىم - ئايرىم تىكىمچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قېنىق گىرىملىرى، ئۇپا - ئەتىرلىرىنىڭ ئۆتكۈر ۋە مەززىلىك پۇراقلىرى، ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ يېپىق ئىشىكىدىن سىغدىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلايتتى، سەزگۈسىنى ئويغىتىپ، ئەسەبلىرىنى قوزغايتتى. . .

ئۇنداق قىلماڭا ئۆمەرجان. . . تاشقىرىدىكى ئۆيدە شاگىرتلىرىڭىز بار جۇمۇ. . .

ئۆمەرجان توختىماي ئۆلچەيتتى. دىققەت[illegible] تارتقۇدەك بەدەننى ئۆلچىگەندە (بۇنداق بەدەن [illegible] ئۇچرايتتى) ھېمىشە تىترەيدىغان قوللىرى ھازىر يەنە تىترەۋاتاتتى.



— مانا، مانا. . . ھازىرلا. . .

ئۇنىڭ قوللىرى قىزنىڭ ئاللىقاچان ئۆلچىنىپ بولغان يوتىسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس سىلاپ يۈرەتتى، ئۇنى يەنە تەكرار - تەكرار ئۆلچەيتتى. قىز نارازى بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بىراق يوتىسىنى ئىچ تەرەپتىن تولىمۇ ئالدىرىماي، ھەۋەس بىلەن ئۆلچەۋاتقان چىرايلىق قولنى ئىتتىرىۋەتمەيتتى. ئۇنىڭ نارازىلىقى نازلىق، سۈكۈتى سەنئەتلىك ئىدى. ئۇ ئارتىست بولسا كېرەك، بەدەنلىرى تولىمۇ قاملاشقانىدى. يۇمران ئېتىنىڭ تېگى - تېگىدىن سۇزۇكلۇك، ئىسسىقلىق تارىلاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قىلچە قوزغىيالمايدىغان ئورۇقلاردىن ئەمەس ئىدى؛ بىر دەمدىلا سەسكەندۈرىدىغان كېلەڭسىز سېمىزلەر قاتارىغىمۇ كىرمەيتتى. ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس. . . بەدەنلىرى تولغان-يۇ، سېھىرلىك، بەكلا سېھىرلىك!

ئايال فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ شالاڭ تالالىرى ئارىسىدىن سېمىز ۋە ئاپئاق يوتا بىمالال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇششاق تۆشۈكلىرىدىن ئىسسىق ۋە سېھىرلىك

نۇرلار ئويناقلاپ چىقاتتى.

— مانا... ھازىرلا...

ئۆمەرجان مەست بولۇپ كەتتى. فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى ئۇنى ئەڭ ئاسان مەست قىلالايتتى. تېخى يېقىندىلا ئۇ «فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى كىيدىڭ» دەپ سىڭلىسىنى بولدى دېگۈچە ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى بەدەنگە چىپپىدە كېلىدىغان بۇ پايپاققا ئامراق بولۇپ قالغانىدى...

«كاساپەت... كاساپەتنىڭ يوتىسى!...»

ئۇ سىملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭدا فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى كىيىدىغان چىرايلىق قىزلار ناھايىتى كۆپ چىقاتتى. يەنە تېخى بۇ خىلدىكى پايپاقنى كىيگەننى ئاز دەپ، تولغان كۆكسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قولتۇقى ئوچۇق بالېت كىيىملىرىنى كىيىپ، مۇز ئۈستىدە پىرقىراشلىرى، چىرايلىق يوتىلىرىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا يېقىملىق كۆتۈرۈشلىرى..

. گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئوينايدىغان قىزلارمۇ، تەنتەربىيىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكى ۋە ئېلان پروگراممىسىدىكى يېرىم يالىڭاچ قىزلارمۇ... ھەممىسى دېگۈدەك فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى... ھېچ بولمىغاندا پادىچى شىمى كىيەتتى. ئۇنىڭچە پادىچى شىممۇ بولىدىغان كىيىم ئىدى. شۇنداق يارىشىملىق، ئۇنى كىيگەن قىزلارنىڭ يوتىلىرى... فىگۇرا گۈزەللەشتۈرۈش پايپىقى ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ئەڭ گۈزەل ئۇقۇم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، گۈزەللىكنى شۇنىڭ بىلەن باغلايتتى، يەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەشكە تىرىشاتتى. مۇشۇ پايپاقنى لايىھىلىگەن كىشىلەرنى غايىبانە ماختايتتى. «غەربلىك دېگەن ھۇزۇرلىنىشنىمۇ، ھۇزۇرلاندۇرۇشنىمۇ بىلىدىغان خەقكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ھە دېسىلا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ...». ئۇ بۇ گەپنى كىيىم - كېچەكلەرگە قارىتىپ ئېيتىۋاتامدۇ ياكى باشقا تەرەپلەرگىمۇ... ئۆزىگىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمما مۇشۇ مەزمۇندىكى گەپلەر چىقىپ قالسىلا غەزىپى قاينايتتى... نېمىشقا قاينىمىسۇن؟ ئۇنىڭ ئىگىلەپ كۆرۈشىچە، غەرب ئەللىرىدە ھۈنەر - سەنئەت قەدىرلىنىدىكەن، ھۈنەرۋەنلەر، سەنئەتكارلار يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەن. ئۇلارنىڭ كاتتا - كاتتا ئىمارەتلىرى، بىرقانچىدىن پىكاپلىرى، ئۇنلاپ ئاشنا، ئاداشلىرى بولىدىكەن. ئۇنىڭچۇ؟... يوق! كۆڭلى خۇش بولغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. نەچچە نۆۋەت خوتۇن يەڭگۈشلىگىنى بىلەن بىرەرسىدىنمۇ تەلىيى چىقمىدى. راست ئەمەسمۇ؟ كىنودىكى خوتۇنلارغا قارىسا ئىش باشقىچە. ئۇلار ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ، ئۆزىنى ھۇزۇرلاندۇرالايدىغان پەللىگە يەتكەن. كىنودا شۇنچىلىك بولغان يەردە تۇرمۇشتا قانچىلىك بولماقچى؟! بۇ يەردىكى خوتۇن خەقلەر بەئەينى بىر بوت! ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىنىڭمۇ ئەرلىرىنى تولۇق رازى قىلالىغۇدەك ساۋاتى يوق. ھەممىسى ھېسسىياتسىز قورچاق، سۆيدۈرۈشنى بىلىپ، سۆيەلمەيدىغان؛ خۇش قىلىش غېمىدە يۈرۈپ، خۇش قىلالمايدىغان ھارارەتسىز بوت!... كىنودىكى غەرب قىزلىرىنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى، ئۇلارنىڭ ياراشقان گىرىملىرى.

.. ئەمما بۇ يەردىكى خوتۇنلار يەنە تەن بەرمەيدۇ، ھە دېسىلا ئەرلىرىنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ... ئۆزىدە نېمە كەم، يەنە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك، ئويلاپمۇ كۆرمەيدۇ. خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇۋەتكىنىگە ئۇنى ئەيىبلەپ دېمىگىنى قالمىدى. «خوتۇن بىدىكى» دەپ باقتى، «شاللاق»مۇ دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولغىنىدا بۇنداق توختىماي يېغىۋاتقان دوق - تەنىلەرگە، مەسخىرە - كەمسىتىشلەرگە چىدىماي، دۇكاننى تاشلاپ قاچار ئىدى. ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ يۇرتى! يەنە كېلىپ، خوتۇن يەڭگۈشلەشنى ئۇ ئىجاد قىلغان ئىشمىدى؟ خوتۇن دېگەننى دىتىغا ياقسا ئالىدىغان، ياقمىسا قويۇۋېتىدىغان نېمە. خوتۇن ئالسا ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئالىدىغۇ ئۇ. قويۇۋەتكەن ھالەتتىمۇ ھېچقايسىسىنى رەنجىتمەي چىرايلىقچە قويۇۋەتتى. قولىغا بىرمۇنچە پۇل بەردى. ئالتۇن - جابدۇقلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ تارتىۋالمىدى. قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرى ئىچىدە، ھەتتا پۈتۈن ئائىلىلار ئىچىدە ئۇنى تىللايدىغان بىرەرسىمۇ يوق...

— ئە... ئەتە كېلىڭ... ماڭا قاراڭە.

.. ئە... تە...

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق قىلماڭ. . . شاگىرتلىرىڭىز گۇمانلىنىپ قالىدۇ. . . مەن بىلىمەن، خوتۇنىڭىز بار ئادەم جۇمۇ سىز. . . قويۇۋېتىڭ، ۋىيەي!. . . جىڭ گەپنى قىلىڭە، زادى قاچان پۈتىدۇ؟

— ئەنە. . . ئە. . . ئەتىلا!

زىيادە ھاياجانلىنىش ئۇنى خىيالدىن سەل سەگىتتى. ئۇ ياقتۇرىدىغان ھېسسىياتچان غەرب قىزلىرى ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، ئۇلارنىڭ تونۇش چىرايى بىردىنلا پاك - پاكىز تۈزۈپ كەتكەندى. ئەمدى ئۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيتتى. ئۆزى تونۇمايدىغان، ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان ناتونۇش چىرايلارنى ماختاپ كەتكىنىگە ئۇ سەل ھەيرانمۇ قالدى. «بىزنىڭ قىزلارمۇ تەڭداشسىز گۈزەل، بولۇپمۇ شۇ ئالىيە» . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئارتىستكا ئالىيەنىڭ گۈزەل سىماسى پۈتۈنلىشىپ بېرىۋاتاتتى.

جەينەكسىمان، سېھىرلىك، مېھرى ئىسسىق دوقمۇش، ئۇ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. كىيىم تىكىش ماشىنىسى يەنىلا بىر خىلدا شىلدىرلايتتى. ئۇ يىراق - يىراقلارغا تۇتاشقان بۇ دوقمۇشنىڭ قەدىمكى تىنۋشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە يىڭنىسى ئاستىدىن تالاي - تالاي كىشىلەر — سىمىزلەر، ئورۇقلار، چوڭلار، كىچىكلەر؛ بولۇپمۇ قىزلار، جوكانلار، جۇۋانلار. . . توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى.

. . . ھازىدارلار ئۆمەرنى ئوراپ يىغلايتتى. ئاق باغلىغان ئۆمەر قىشلىق ئۇزۇن پەلتو قېتىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. قېيىن ئانىنىڭ يىغىسى ھەممىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى:

— . . . جېنىم بالام!. . . گۈلۈم بالام!. . . تۇرمۇشنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرەلمەي كەتكەن بالام!. . . ۋاپا قىلىپ جاپا كۆرگەن بالام!. . . ئۆمەرجاندا يۈرىقىڭىز قالغاندۇ بالام، تېنىقىڭىز قالغاندۇ بالام. . . ئۇنى بىر سۆيۈۋالاي بالام، يۈرىقىڭىزنى بىلىۋالاي بالام!. . .

ئانا دەريا - دەريا ياش تۆككىنىچە ئۆمەرنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە، بويۇنلىرىغا. . . قانماي سۆيەتتى، ئۆمەر ئۇزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى-يۇ قاچالمايتتى. قېچىپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەزەپلىك كۆزلىرىدىن قورۇناتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ ئەنە ئارىلاشقان يىغىسىدىن خورلۇق ھېس قىلاتتى. لېكىن مەرھۇم، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئايالى ئىدىغۇ؟ نەچچىنچى ئايالى؟ «. . . رۇقىيەم ئالتە؛ ئابىدە، ياق، ئاسىيە يەتتە. . . ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ مەلىكەممۇ، قايسىتى خۇدايىم. . . » . ئۇ بەكلا ئازابلىنىپ كەتكەچكە، نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، خاتىرىسى جايىدا بولماي قالدىمۇ، ياكى بوغۇزىغا كەپلىشىۋالغان ئاچچىق يىغا ئۇيلاشقا يول قويمىدىمۇ، چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كەلگەن پىكىرنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقىنىغا قاراپ بىردىنلا ئۇنمۇ سىلىپ يىغلىۋەتتى:

— ۋاي خېنىم!. . . گۈلۈم خېنىم، مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىڭىزغۇ خېنىم!. . . ئەمدى قانداق قىلارمەن خېنىم!. . . .

ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭلا ئۇ يەر - بۇ يەردە قۇلاق يېقىپ كۇسۇرلىشىشلار باشلاندى:

— مۇشۇ مۇناپىق خورلاپ كېسەل قىلىپ قويغان بۇ بالىنى.

— ھەممىنى قىلغان مۇشۇ پىستەك. ھە دېسىلا تالاغا قاراپ. . .

— قانداق قىلارمەن خېنىم دېگۈچە ئەمدى كىمنى ئالارمەن خېنىم، دەپلا يىغلىسا بولماسمىدى بۇ شاللاق. قاراڭلار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، ياش قويۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن ئايالارنىڭ كۆكسىنى تىمسقىلاپ يۈرمەمدۇ؟. . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئەتراپنى يىغا - زار قاپلاپ كەتكەندى. ئۆمەرمۇ نارام - نارام ياش تۆكەتتى. . . ئۇ، يىغلاۋېتىپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ياش ئاستىغا يوشۇرۇنغان نېمىگىدۇر تەشنا بولۇۋاتقان كۆزلىرى ئاجايىپ يېقىملىق، سېھىرلىك بىر جايغا قادىلىپ قالغانىدى. كۆكرەك! بۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل بىر ئايالنىڭ تولغان، چىرايلىق، جەلپكارانە كۆكسى ئىدى! ماۋۇ كۆزنىڭ يامانلىقىنى. . . يىراقنى كۆرەلمەيدىغان تۇرۇپ يەنە شۇ يەرنى ئىزدەپ تاپقىنىنى. . . قالتىس كۆزدە بۇ، قالتىس!. . .

قىز بەكلا گۈزەل ئىدى. ئاق كىيىم كىيگەن بەدەنلىرى گويا بىر گۈزەل، نازۇك كېپىنەك

بولۇپ كۆرۈنەتتى. «. . . ھە ئېسىمگە كەلدى. بۇ مەرھۇم ئايالىمنىڭ يېقىن دوستىغۇ؟ — ئۇ، شۇنداق ئويلاۋاتسىمۇ يىغلاشنى زادىلا توختىتالمايتتى، — ئىلگىرى ئەجەب دىققەت قىلماپتىكەنمىنا. . . ئۇنىڭ كۆكسى نېمانداق يوغان. . . بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ بۇنداق ئەمەستى، خۇددى تاختىلاپ قويغاندەك. . . ئەمما، ئۇنىڭ ئېرى. . . توغرا، ئۇ تېخى توي قىلمىغان ئەمەسمۇ؟ راست، توي قىلمىغان! . . . ئۇنايدۇ، ئۇنتىمەن! قايسىبىر ئايال ماڭا «ياق» دېگەن گەپنى قىلىپ باققان! . . . خەق، خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. بىرقانچە خوتۇن ئالغان بولسام نېمە بوپتۇ. دوستى بىلەن ئۆي تۇتسام، خوتۇنىنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ. . . ھە راست، قېيىن ئاننى ئۇبدان بىر رازى قىلىۋېتەي، نېمە ئالىمەن دېسە شۇنى بېرەي، نەق پۇلنىمۇ جىقراق بېرەي. . . يېتىم - يېسىرلارغىمۇ ھەر ئايدا ئۆزۈم خالاپ بىرمۇنچە پۇل بېرىۋاتىمەنغۇ. مەكتەپكە، مەسچىتكە ھەر يىلى بېرىۋاتقىنىممۇ ئاز ئەمەس. . . خوتۇنۇمنىڭ ئاپىسى بولغاندىكىن قانچىلىك بەرسەم ئەرزىيدۇ. . . ئەرزىيدۇ! »

ماشىنىلار يىراق - يىراقلاردىن سوزۇپ سىگنال بېرەتتى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى كۆپكە تونۇش. ئەمما تار بۇ دوقمۇشنى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا تۇتاشتۇراتتى. ئۇ، جەينەكسىمان بۇ سېھىرلىك دوقمۇشنىڭ قەدىمى، ئۇنىڭ تىنىقى ئىدى. . .

قوڭۇر چاچلىق ئايالنىڭ سۈتتەك سۈزۈك كۆكسى. . . بولۇق، ھېسسىياتلىق، مۇھەببەتلىك. . .

«ئۇستاتلىقنى قارا. . . قالتىس تارتىپتۇ - ھە! . . . ». ئۇ نېمىشقا شۇنچىلىك شېرىن بىلىنىدىغاندۇ؟ ئۇ ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ جۇغلانمىسى، سىمۋولى، ئاياللارنىڭ كوزۇرى! ئۇ شۇنداق قارايدۇكى، ئاياللارنىڭ كۆكسى ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇ ئەرلەرگە گۈزەللىك، لەززەت. . . بېغىشلايدۇ. ئەرلەرنى پەقەت شۇ نەرسىلا بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرالايدۇ. . . ئۇنىڭ كۆكسى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس. . . بولۇق كۆتۈرۈلۈپ چىققان-يۇ، چىڭ، ئۇتلۇق، ھېسسىياتلىق. . . ئىلگىرىكى ئايالىمنىڭ نامىزىدا تېپىشىپ ئالغان بۇ خوتۇنۇمنىڭ كۆكسى بولسا ئۇنداق ئەمەس. . . ئۆلۈك بېلىقنىڭ قورسىقىدەك سوغۇق، جانسىز، ھاراراتسىز. . . لېكىن، ئالىيە قىزنىڭ. . . شۇ ئالىيەنىڭ كۆكسى ئۇنداق ئەمەس. . .

ئۇ ئېغىر تىنىپ قويدى. خىيال ئۇنى چارچىتىپ قويغانىدى. يول تېخى ئۇزۇن. . . ئۇ قىسقا پاچاقلىرى بىلەن بىر خىلدا ئاستا قەدەم ئالاتتى. . .

«ئالىيەنىڭ. . . كاساپەتنىڭ كۆكسى! . . . »

بىر - بىردىن چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئوماققىنە ئىككى قىز تەپكۈنى ئەستايىدىللىق بىلەن يەڭگىل تېپەتتى. ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرى بىر خىلدا شىرىلدايتتى. ئىككى جۈپ چىرايلىق كۆز، تىنىمسىز سەكرەۋاتقان يىڭنە ئۇچىغا كىرىشىپ - سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئىككى جۈپ قولاق ماشىنىغا قوشۇلۇپ شىرىلداۋاتقاندەك قىلاتتى. شىرىلداشقا كۆنگەن بۇ قۇلاقلار ئاشۇ توختىماس ئاۋاز بىلەن قوشۇلۇپ يىراق - يىراقلارغا باراتتى. چۈشۈرۈلگەن پەردىلەردىن، ھىم يېپىلغان ئىشىكلەردىنمۇ سىغدىلىپ كىرىۋېرەتتى، خۇددى ئۇلار ئىشلەتكەن كۈچلۈك ئەتىرنىڭ ئۇچۇچان پۇرىقىدەك. . .

— ئەتە كېلىڭ، دېگەن ئەمەسمۇ ئۆزىڭىز، پۈتمەيتتىغۇ مانا؟ سەيپۇڭلارنىڭ ھەممىسى يالغانچى بولامدۇ-نېمە، ھە، ئۆمەرجان؟ . . .

. . . كۆكسىڭىز خاتا ئۆلچىنىپ قاپتۇ. . . خاپا بولماڭ ئاپئاق قىز. . . خاپا بولماسسىز؟ باركاللا! ئارتىستقۇ سىز دېگەن. . . ھەببەللى، يەنە بىر ئۆلچىۋالاي، ماڭا قاراڭ. . .

— ئۇنداق قىلماڭ. . . سىزنىڭ ئايالىڭىز بار ئادەم، ۋىيەي. . . تۇتماڭ دەيمەن. . . كەچكىچە ئۆلچەۋېرىدىكەنسىز. . . شاگىرتلىرىڭىز. . . سىزنىڭ ئايالىڭىز بار ئادەم. . . مەن ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. . .

— قويۇۋېتىمەن! . . . سىز. . . سىز بىلەن. . .

— مەن بىر نىكاھلىق بولغان جۇمۇ. . . يەنە ئەتە كېلىمەنمۇ-يا؟ كىيىمگە. . . ۋىيەي، بولدى ئەمدى. . .

— ئون نىكاھلىق بولسىڭىزمۇ مەيلى. . . پەقەت سىزنىلا. . . ئەتە، چوقۇم ئەتە. . .

www.uyghurkitap.com

... ماشىنا شىرىلدايتتى. قورچاقتەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر جۈپ قىز بىر-بىرسىگە مەنىلىك قارىشىپ قوياتتى-يۇ، لېكىن، ھامان ئۆز ئىشىغا بەند ئىدى. ئۇلارنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرى ماشىنا ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، پاراڭ چىقىۋاتقان ئىچكىرىكى ئۆيگە — ئۇستىسىنىڭ ئۆلچەش ئۆيىگە بىمالال كىرىپ-چىقىۋاتاتتى...

ئۇلار ئۆزلىرى تىكىۋاتقان رەختتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ يېڭنە سانجىلىپ كېتىۋاتقان قىسمىدا، تولىمۇ كىچىك جايدا ئۇستىسى نامايان بولاتتى: ئۇ، ئىنتايىن چىرايلىق بىر ئارتىستكا قىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىنى ئۆلچىگەن بولۇپ، قايتا-قايتا سىلايتتى. قىز ناز قىلاتتى، سىلكىنەتتى، ئۇستامنىڭ قوللىرىمۇ توختىماي تىترەيتتى...

گىرىمنى بەكلا ياراشتۇرۇپ قىلغان بىر شاگىرت قىزنىڭمۇ كۆكسى قىچىشقاندەك بولدى.

.. ئۇنىمۇ ئۆمەرجان سىلاۋاتاتتى. دەل ئاشۇ ئۆيدە، ئاشۇ كارىۋاتتا، «سىزنىڭ بەدەنلىرىڭىز بەك ئۆلچەملىككەن» دەپ...

يەنە بىر قىزنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى... ئۆمەرجان ئۇنىڭ يوتىسىنى ئۆلچەۋاتاتتى، دەل شۇ ئۆيدە، قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى ئاشۇ كارىۋاتتا، «بىر قىزنىڭ مودا شىمىنى سىزگە ئۆلچەپلا تىكىۋېتەي» دەپ...

ئۆمەرجان نۇرغۇن شاگىرتنىڭ ئۇستىسى ئىدى... ئۇنىڭ قەلب كۆزىدە ئارتىستكا ئالىيەنىڭ گۈزەل سىماسى خېلىلا پۈتۈنلىشىپ قالغانىدى.

قىزلار ئىشتىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئۇلارنىڭ چىشلىرى ئۈنسىز غۇچۇرلايتتى. كۆزلىرىدىن ئەلەم ئۇچقۇندايتتى، قېنىق سۈرمە ئوراپ تۇرغان چاناقلىرىدا ياش ئەگىيتتى...

ئوڭ قولىدا سۆرۈلۈپ تۇرغان بىر نەرسە ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ — بالا ئىدى، ئۆمەرجانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوغۇل بالا! ئۇ، شۇندىلا ئۆيىدىن ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ چىققانلىقىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ، بالىلارغا ئانچە قىزىقمايتتى. لېكىن، مۇشۇ ئوغلىغا مېھرى چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئوغۇل بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭغا بەكلا ئامراقلىق قىلاتتى. ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىدىن بو[illegible] بىرقانچە قىزى بارغۇ بولمىسا... «قىز دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ئەسقاتمايدۇ...». ئۇ، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئوغلىنى بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، بېشىنى كۆتەردى. ئارقا تەرىپىدىن قىپقىزىل بىر نەرسە قارا كۆرۈنۈپ كېلىۋاتاتتى. «ئاياللمۇ-نېمە ئۇ، كىمدۇ؟». ئۇ، يولنى ئاستا داۋام قىلدى. نۇرۇپلا ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ كەلگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدى. «كىچىك بالا دېگەن ئىشنى بۇزىدۇ، كىچىككىنە گەپنى يېيىپ... زادى كىمدۇ ئۇ؟» ئارقىدىن كېلىۋاتقان «قىزىل رەڭ» ئۇنى باشقىچە قىلىپ قويدى. ئۇ يىراقنى كۆرەلمەس بولغاچقا، قىپقىزىل ئۇ نەرسە كۆزىگە سۇۋارىلا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋالدى. يا بېشى يوق، يا چېچى... مۇشۇ قىزىل رەڭ دېگەنمۇ قالتىس-ھە؟!... ئۇنىڭ خوتۇن خەق بىلەن نېمە ئالاقىسى باردۇ؟... قىزىل رەڭ، ھەتتا ئېسىپ قويۇلغان قىزىل كويتا، قىزىل شىم-كوسارلارمۇ... ئۇنى باشقىچە قىلىپ قويىدۇ. سەت قىزلارمۇ قىزىل كىيىم كىيسىلا ئۇنىڭ كۆزىگە ئوتتەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ قىزىل كىيىم كىيگەن بولسىلا، قىزمۇ، چوكانمۇ، جۇۋانمۇ... يەنە تېخى سېمىزمۇ، ئورۇقمۇ... خاس چىرايلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە گۈزەل كۆرۈنۈۋېرىدۇ. گۈزەللەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئۇنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ، ئۆكۈندۈرىدۇ... بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپ، كۆرگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كۆزىنىڭ كاشىلىسىمۇ-يا، بۇ؟... ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىكىن دېسە، ئۇ «چىرايلىق» دېگەننى دوستلىرى ياراتماي يۈرگەن... مۇشۇ قىزىل رەڭ دېگەننىزە!... ھەي... ئۇنىڭ كۆزى! «خوتۇن خەق دېگەن، ئادەمنىڭ باغرى قانماي ئۆتىدىغان نەرسە زادى. بىرسى دەپتىكەنغۇ، ئادەم ئۈچ نەرسىگە قانمايدۇ دەپ. بىرسى، ئۆمۈر؛ ئىككىنچىسى، مال-دۇنيا؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇن!... بۇ ئۈچ نەرسىگە زوڭتوڭ، دۆلەت باشلىقى دېگەنلەر قېنىپ ئۆتەمدىغاندۇ؟ قانىدۇ، چوقۇم قانىدۇ!... ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خوتۇنلارنىڭ كۆپلۈكى... ھەي، ئادەم زوڭتوڭ

بولۇپ قالسا-ھە! ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ تېنىدىكى بىر ئەزا بولۇپ قالسىمۇ».

ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. خىيالچان كۆزلىرى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتى. نېمىشقىدۇر، ئۆزىنىڭ بايامقىدىن ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. «ۋۇي، يېتىشىۋالاي دەپ قالدىغۇ... خوتۇنىنىڭ ئاچىسى شۇمۇ-نېمە؟... ھەجەپ ئوخشايدىكىنا...».

«دېگەنبىلەن قېيىن ئىگىچىمۇ بەكلا چىرايلىق چوكان-ھە!؟ — كېتىۋېتىپ بىردىنلا شۇنداق ئويلاپ قالدى-ئۇ، — بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئادەمنى يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ قارايدىغان ئاشۇ يوغان كۆزلىرىنزە!... شۇ كېچىسى... يالغۇز يانقان ئاشۇ كېچىسى ئۇپۇل-توپۇل مۇشۇ خوتۇننى چۈشەپ قالغىنىمنى دېسە... شۇڭا، ئەتىسىگىلا ئۇنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ئىچىم كۆيۈپ، ئالمادىس خوتۇنۇم... مۇشۇ لىڭتاسما خوتۇنۇم ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى — خوتۇنۇمنىڭ ئاچىسىنى ئالسام... دېدىم. راست، شۇنداقمۇ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن-ھە! ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن خەقلەر شۇنداق قىلىدىغۇ... ئاچىسى ئۆلسە، سىڭلىسىنى ئالىدىغۇ، ئۇ خوتۇنىنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرىنزە... تېخى توي قىلمىغان ئەمەسمۇ... ئۇنىڭ شۇ كۆزلىرى!...»

«ئالىيەنىڭ... كاساپەتنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق!»

قاتناش تۈگۈنى بولغىنىغا قارىماي شۇنچە تار لايىھىلەنگەن بۇ دوقمۇش خۇددى ئېگىلىپ تۇرغان بىر جەينەككىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ دەل ئاشۇ ئېگىلگەن قىسمىنى مەركەز قىلىپ، ئىككى ياققا سانجاق-سانجاق قورۇلۇشلار سېلىنغانىدى. «جەينەك»نىڭ ئىككى بېشىدىكىلەر بىر-بىرىسىنى كۆرەلمەيتتى. شۇڭلاشقا بۇ يەر سىرلىق ئىدى. بۇ يەر، ئۇن-تىنسىز ھالدىلا يىراق-يىراقلارغا تۇتىشاتتى...

ماشىنىنىڭ كۈچلۈك سىگنال ئاۋازى بارغانچە يېقىنلاپ كېلەتتى. جەينەكسىمان دوقمۇشمۇ ئۇزاققا قالمىغانىدى. ئەمما، ئۆمەرجان ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل سەزگۈسىنى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ رىتىملىق شىرىلدىشى ئېگىلەپ كەتكەنىدى...

— ئەتە كېلىڭ دېگەنتىڭىز. بۇگۈنغۇ پۈتكەندۇ؟...

— پۈ... پۈتۈپمۇ قالدى... لېكىن، كۆزىڭىز...

ئويلىغىنى بىلەن بۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشكە بولمايتتى. مانا بۈگۈن، ئۇ ئۆزى ۋەدە قىلغان «ئەتە» بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ ھالقىلىق پەيت قولدىن كەتسىلا... ياق، ئۇ، شاگىرت قىزلارغا تاپىلاپ قويغان، چوقۇم ئۆلگۈرتىدۇ! «خوتۇننى قويۇۋېتىپ چوقۇم ئۇنى ئالىمەن، چوقۇم! ئۇنىڭ ئاشۇ شەھلا كۆزلىرى!...»

كۆز... نۇرلۇق، ھېسسىياتچان، مۇھەببەتلىك، سېھىرلىك شەھلا كۆز. بۇ — ئالىيەنىڭ كۆزى. ئۇ ئۆمەرگە تەشنالىق بىلەن ئوقتەك قادىلىدۇ. ناز بىلەن يەڭگىل تاشلىنىدۇ. شوخلۇق بىلەن يېقىملىق تىكىلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن خۇمارلىق قىسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە گۈزەللىك نۇرلىرى، سۆيگۈ ئوتلىرى، ئىنتىزارلىق ئىپادىلىرى... تاراملاپ تۆكۈلىدۇ. ئۇلارمۇ شۇ قەدەر ئىسسىق، جۇشقۇن، جەلپكارانە... ئاھ! كۆز دېگەن نەقەدەر ئۇلۇغ-ھە! ئۇ قەلبنى كۆرسىتىدۇ، مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدۇ، سېھىرلىك نۇرلىرى ئارقىلىق قىزلارغا تەڭداشسىز كۈچ بېغىشلايدۇ... ئۆز گۈزەللىكى ئارقىلىق ھەممىنى بويسۇندۇرىدۇ... بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى!... يەنە ئۇنىڭ...

ئۆمەرنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدە، تىترىگەن ۋۇجۇدىدا، ھاياجانلىق قەلبىدە گۈزەل بىر سىماھ مۇكەممەل باش كۆتەرگەنىدى!

«ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى... ئۇنىڭ...»

ئۇ بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى.

ئارقىسىدىن كېلىۋاتقىنى خوتۇنىنىڭ ئاچىسىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا-ھە؟... ئۇ، توي قىلمامدىغاندۇ؟... ئالىيەگە يەتمىگىنى بىلەن خېلى چىرايلىق بولمىسا... ئۇمۇ ئەتىسى-ئاخشىمى... ئويناپ تۇرامدىغاندۇ؟... نېمىشقا ئوينىمايدىكەن، ئوينايدۇ! ئۇ ئۇچرانقان قىزلارنىڭ قايسىبىرى ئويناشنى رەت قىلدى؟ ھېچقايسىسى! ئەخمەتنىڭ خوتۇنىمۇ، سادىرنىڭ كېلىنىمۇ، يۇسۇپنىڭ قىزىمۇ... ھېچقايسىسى! ئايال دېگەن شۇنداق خەق، ئۆچكە يېغى، چايغا

سالسىلا ئېرىپىدىغان قەنت ھەممىسى! خوتۇننىڭ ئاچىسمۇ شۇ، ئاچىسى... توغرا، ئاچىسى شۇنداق بولغان يەردە سىڭلىسىچۇ؟...

ئۇ ئۆزىگە يېتىشەلمەي سۆرۈلۈپ قېلىۋاتقان ئوغلىنى، بېشىنى كۆتەرمەي تۇرۇپ سىلكىپ تارتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ قالغانىدى. «... خوش، ھەممە ئاياللار يولدىن چىققان. ئاچىسمۇ بۇزۇلغان يەردە سىڭلىسىچۇ، سىڭلىسى... — شۇنچە پالاقشىپ مېڭىپمۇ ئۆزىگە يېتىشەلمەي قېلىۋاتقان بالىسىنى تارتقۇشلاپ قويۇپ، يەنە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — توغرا، بالىنى شۇڭا ھە دېسىلا ماڭا ئۆگىتىپ، ئەگەشتۈرۈپ قويىدىكەن-دە! ۋاي، قاپاق كاللام... خەقنىڭ خوتۇنلىرى مېنى «ۋاي ئۆمەرجان، سىز قىز بالىدەك چىرايلىق، ھەرقانداق ئەردىن يېقىملىق، ئۆزىڭىز قاملاشقان، سۆزىڭىز تەملىك...» دەپ سىزىقىمدىن چىقمايدۇ-يۇ، مېنىڭ خوتۇنۇم خەقنىڭ گېپىنى يىرارمۇ؟... بالىنى كەينىمگە سېلىپ قويغىنىنىڭ ئۆزىلا بىر پاكىت، پاكىت! ھۇ... پاسكىنا بۇزۇق!... قويۇۋېتىمەن!...»

ئۇنىڭغا ئويدانلا باھانە تېپىلغاندەك قىلاتتى. ئۇغۇ قويۇۋېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ تالاغا قارايدىغان بىر ئايال ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالسا-ھە!؟.. . راست، ئېسىگە كەلدى. بىر قېتىملىق ھاراق سورۇنىدا قايسىبىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ يۈزىگىلا «سېنىڭ بالاڭ ئاپىسىغا ئوخشايدىكەن...» دېگەن ئەمەسمىدى؟ «ئاپىسىغا ئوخشايدۇ» دېگەننىڭ تېگىدە «ساڭا ئوخشىمايدۇ» دېگەن مەنە بارغۇ؟ مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا «بالا سېنىڭ ئەمەس» دېگەنلىك! ئۇنداقتا، بالا كىمنىڭ، زادى كىمنىڭ؟ «بۇزۇق!»... ئۇ خوتۇنىنى قويۇۋېتىدۇ، لېكىن، بىر يەرلىرىنى چىقىۋېتىپ قويۇۋېتىدۇ... بالىنىچۇ؟ ئۆزى ئالىدۇ! دادىسىغا ئوخشىمىغان ساقالاندىنى ئۇ نېمە قىلىدۇ... ھارامدىن بولغان بالىنىڭ قېنى دادىسىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، «قايناتسىمۇ قوشۇلمايدۇ» دەيدىكەن، بۇ راستمىدۇ؟ راست، چوقۇم راست! بۇ شۇمنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى باشقا ئادەمنىڭ قېنى، ھارام، رەزگى قان... ئۇلارنىڭ قېنى پەقەت قوشۇلمايدۇ، مەڭگۈ!..

ئېسىگە كەلگەن بولسا، ئۇ، ئۆزى يېتىلەپ كېلىۋاتقان بالىنى كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتكەن، ھېچبولمىسا قويۇۋەتكەن بولاتتى. بىراق، ئۇ ھېمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ھېلىقى رېتىملىق شىرىلدىغان ئاۋازنىڭ كۈچلۈك قوزغۇتۇشى بىلەن يەنە ئالدىراپ تېنەپ ئالىيەنى ئېسىگە ئالغانىدى. «ئۇنى ئالىمەن... قويۇۋېتىمەن سەن بۇزۇقنى! ئالىيەنىڭ...»

ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ قالغان «قىزىل رەڭ» گە قارىدى. ئۇ غۇنچە بوي بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە بەللىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «خوتۇن كىشى دېگەنگە ئادەمنىڭ باغرى قېنىپ ئۆتىدىغان نەرسە ئەمەس - دە! — ئۇ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلى ئاجايىپ قاملاشقان نېمىكەنتا... سىمدەك ئىنچىكە، ئەپچىل... ئالىيەنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق. بۇنىڭدىنمۇ...»

«ئالىيەنىڭ بەللىرى...»

ئۇ پەقەت شۇنداقلا دېيەلىدى. قىزغا قادالغان كۆزلىرىنى ئالدىغا يۆتكىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئېسىنىمۇ يىغىپ بولالمىغان ئاشۇ قىسقىغىنە دەقىقىدە غايەت زور بىر جىسىم ئىككەيلەنگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلدى. «ئوغلۇم.. .» بۇ سۆز ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، كۈچلۈك بىر تىنىقى بىلەن قوشۇلۇپلا چىقتى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئۆزى ئامراق رەڭگە — قىپقىزىل قانغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

جەينەكسىمان دوقمۇش. يىراق - يىراق مەنزىللەر ئۇنىڭغا باغلىنىپ كېلەتتى. ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان يوللار ئۇنى ھەرىيان تۇتاشتۇراتتى...

يەر قان... قويۇق، قېنىق قىزىل قان!...
يول قان... سۇيۇق، سۇس قىزىل قان!...
... ۋاقىت... بەك قىسقا ۋاقىت...

يېيىلغان قانلار بىلىنمەس دەرىجىدە بىر - بىرىنى تىمىسقىلاپ كەلمەكتە ئىدى. قېنىق قىزىل قان بىلەن سۇس قىزىل قان توسقۇنسىز ھالدا ئاستا - ئاستا قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يۇلتۇزسىز كېچە

(ھېكايە)

ئەھەت داۋۇت

تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ، گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان ياز بورىنى تىنىمسىز ھۇشقىتماقتا...

ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ قارشىسىدىكى بۈك دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا بىر قارا گەۋدە، رىشاتكا ئىچىدىكى كۆزەتچى بىلەن ھەمراھىنىڭ ئۇلپەت بولۇشۇپ، راسا ئىچىشىپ، قاراۋۇلخانىغا بىر- بىرىنى يۆلىشىپ ئاران دىگۈدەك كىرىپ كەتكەنلىرىگە سەۋرسىزلىك بىلەن قاراپ تۇردى - دە، غىپلا قىلىپ قورۇنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ھويلا تېمىغا ياماشتى. تام ئۈستىدە تۈز يەردە ماڭغاندەك يورغىلاپ مېڭىش — ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ باش قېتىنچىلىقى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ مەركەزگە مېڭىشى، ئۇنىڭغا ئالەمچە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ھويلا ئىچىگە يۈرەكلىك سەكرەپ چۈشۈۋەردى. شەپە چىقارماي قۇلۇپنى ئېچىۋېتىش — ئۇنىڭ ئون نەچچە يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى قىرىۋەتكەندەكلا ئاددىي بىر ئىش. ئۇ ئۆي ئىچىگە كىردى. ئاۋۋال ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن قول چىرىغىنى چىقىرىپ، كەسپىلىشىپ كەتكەن سەزگۈرلۈكى بويىچە ئۆي ئىچىگە جىددىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، توڭلاتقۇ، گىلەم، شامالدۇرغۇچ ... يەتمىش كۋادرات مېترلىق ئازادە ئۆيدە جاھازلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ تولىلىقىدىن ئالقانچىلىك يەرمۇ بوش قالمىغانىدى. ئۇ دەماللىققا نېمىنى ئېلىشنى بىلمەي بىر ئاز مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭچە يىغىشتۇرۇشقا ئەپلىك نەق پۇل، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى دېگەندەك نەرسىلەر بولسا ئوبدان بولاتتى. ئۇ ساندۇق، چامادانلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئەمما قىزىل تامغىلىق ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە كېيىم - كېچەكلەردىن بۆلەك كۆڭلىگە ياققۇدەك كۈتكەنلىرىگە ئېرىشەلمىدى. «ئاناڭنى قاقباش قېرى، دەپنى - دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ، بانكىغا تىقىۋېتىپ ماڭدىمۇ-نېمە؟ بۇ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان نىجىس... راست، ئۇنچىلىك ئەقلى بولمىسا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نەچچە يۈز مىڭ ئادەمگە باشلىقمەن دەپ شۇنچىۋالا چوڭ يۇرتنى سوراپ يېيەلەمتى؟ ...». ئۇ ئىختىيارسىز گەدىنىنى قاشلاپ، كۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقچە قايتا يۈگۈرتۈپ چىقتى. «توختا، بۇ خەقنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان يەردە پۇل ساقلايدىغان بىر ئادىتى بار. ھەممە ئۆيلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقايچۇ». ئۇ ئۆي ئىچىنى بىردەمدىلا ئىنتايىن قالايمىقان قىلىۋەتتى. مېھمانخانا ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياتاق ئۆيگە ئۆتتى. ئورۇن - كۆرپىلەرنى چۆرۈۋېتىپ سافا-كارىۋاتنى يانغا ئۆرىدى. كارىۋات ئاستىدا چۆرىلىرى قىرچىلغان، رەختلىرى تىتىلىپ، سۈپىتىدىن كەتكەن كېلەڭسىز بىر كونا چامادان تۇراتتى. ئۇ چامادانىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئىچىنى ئاچتى. ئاچتى-يۇ، چامادانى تۇتقان قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرى چامدەك يوغىناپ كەتتى: «ياپىر، مەنمۇ ئۆزۈمنى نى - نى پۇللارنى كۆرگەن ئوغرى دەپ يۈرۈپتىمەنا!». يوغان چامادان، پېچىتى بۇزۇلمىغان ئەللىك - يۈز يۈەنلىك پۇللار بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇ شۇنچە يىل ئوغرىلىق قىلىپمۇ بۇنچە كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ گويا ئېچىرقاپ كەتكەن كارۋان زاغرىغا دۈم چۈشكەندەك قول - قولىغا تەگمەي، پۇللارنى توپ - توپى بىلەن قوينىغا، يانچۇقلىرىغا تىقىشقا باشلىدى... يۈرىكى پىغانلىق خىتابقا ئۆتتى: «مېنى مۇشۇ كويغا سالغان سەنغۇ؟! كېچىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخلىيالمايدىغان، كۈندۈزى خاتىرجەم يول يۈرەلمەيدىغان، بىرەر - يېرىم كۈن كېيەن ئوغرىسىدەك تىمىسقىلاپ يۈرمىسە پۇت - قولى قىچىشىپ جىم تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان سەنغۇ؟! ئەجىبا، سېنىڭ يوقلۇقىڭدىن قولۇمدا چاقىرىق قەغىزى تۇرۇپمۇ ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا بارالمىغاندىمغۇ؟! سېنىڭ يوقلۇقىڭدىن دوستلىرۇم ماڭا سىڭا كۆزى بىلەن قارايدىغان، ساۋاقداشلىرىم ئارىغا ئالمايدىغان بولۇپ قالغاندىغۇ؟ يەنە شۇ سېنىڭ يوقلۇقىڭدىن ئانامنىمۇ ياخشىراق داۋالىتالمىغان. ئامالسىزلىق ئىچىدە ئانامنىڭ ماغدۇرسىز تېنىنى يۇدۇپ چىقىپ ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ ئەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويسا ھەتتا نامىزىنىمۇ تۈزۈكرەك چۈشۈرۈشكىمۇ قادىر بولالمىغان شور پېشانە مەن ئىدىمغۇ؟!... پۇل - ھەي پۇل! سېنىڭ يوقلۇقىڭدىن تونۇش - بىلىش، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار مېنى كۆرسە تاپتىن سەسكەنگەندەك يۈزلىرىنى تولغاپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالغان، يوقسۇزلۇقتىن ئىچ - باغرىم خۇن - زەرداپ بولۇپ كەتكەن، ھەسرەت - نادامەتتىن يۈرىكىم يارا بولغان بىر بەختسىزغۇ؟!... بىر چاغلاردا سەن شۇنچە قۇدرەتلىك ئىدىڭ. مانا ئەمدى ئالدىمدا ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ تۇرۇپسەن، شۇ تاپتا سېنى كۆيدۈرۈۋەتسەممۇ، ئىتتىما - كاتاڭ قىلىۋەتسەممۇ، بولىۋېرىدۇ. لېكىن سېنى ئۇنداق قىلغۇم يوق، كەل قوينۇمغا كىر! شۇنچە يىللاردىن بېرى زارىقىپ كەتكەن يۈرىكىم ساڭا قېنىۋالسۇن!»...

ئۇ توختىماي پىچىرلايتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن قوللىرى ئانچە قولاشمايۋاتاتتى. يۈرىكىدىن سىقىراپ چىققان ئاچچىق ياشلىرى كۆز چاناقلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ ئەنە شۇ تەرىزدە روھى بىلەن سىردىشىپ چىقتى. كېيىن ئاستا - ئاستا ھاياجىنىنى بېسىۋالدى. پۇللارنى ئېلىشنى توختىتىپ، ئېغىر گەۋدىسىنى سەل ئۆرە قىلدى - دە، قول ياغلىقى بىلەن يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كاللىسىغا كىرىۋالغان. قانداقتۇر بىر خىيالنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى. «قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ ئەمدى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى. «مۇشۇ پېتى ئەپچىقىپ كەتسەممۇ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ھېچقانچە تەس ئەمەس، چۈنكى، بۇنچە كۆپ ھارام دۇنيانىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلسىمۇ، مەلۇم قىلىشقا ئامالسىز. بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقىدۇ. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بالنىتىسىدا ياتماقتىن باشقا ئامالى يوق... شۇنداق قىلايمۇ - يا؟!». ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەسۋەسە بىلەن ئەقىل بىرپەس قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇنى ئىنتايىن ئارامسىزلاندۇردى، ئاخىرى ئەقىل - ۋىجدان شەيتان ئۈستىدىن غالىپ كەلدى، «توختا، بۇنچىلىك بەدەل تۆلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن يەڭگىللىك قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى خەلقى-ئەلەم ئالدىدا رەسۋا بولغىنى، قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلغىنى تۈزۈك». ئۇ يانچۇق، قويۇنلىرىغا تىققان پۇللارنى كۆزى قىيمىغان ھالدا، تولىمۇ تەسلىكتە چىقىرىپ چامادانغا ئەسلى. رېتى بويىچە سالدى، چامادانىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ كارىۋاتنى ئەسلى ھالىتىگە ئېلىپ كەلدى، ئاندىن ئۆي ئىچىنى ئېسىدە قالغىنى بويىچە بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، قانداق كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق ئۆيدىن چىقتى. ئۇ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋېتىپ سوزۇلۇشكە باشلىغان ئۇيۇقا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى...

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇ رەتلىك كىيىنىپ ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى...

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتتى. ناھىيەدە ھېچقانداق ئۇچۇق سوت ئېچىلمىدى، ياكى رادىئو - تېلېۋىزورلاردا پاراخورلۇق - چىرىكلىككە زەربە بېرىشكە* دائىر ھېچقانداق خەۋەر بېرىلمىدى. پەقەتلا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىنىپ سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى يەڭ ئىچىدىلا-ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇلدى...

ئاي يۈتكەن يۇلتۇزلۇق كېچە، قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ئاچچىق تاماكا ئىسىغا قوشۇلۇپ مۇنداق بىر ھەسرەتلىك نىدا چەكسىز بوشلۇققا تارالدى:

— ئىسىت كور ئەقلىم! تۇمەنىمنىڭ ئەپسۇس! نېمىشقىمۇ چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاشۇ ھارام دۇنيانىڭ يېرىمىنى سەدىقە بېرىپ، يېرىمىنى مەسچىت - مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلىۋەتمىگەندىمەن!...

ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنى ئانا زېمىنىنىڭ تۇيغۇن يۈرىكىدىن بۆلەك ھېچكىممۇ ئاڭلىيالمايتتى...

# شىمالدىكى كۆز ھارپىسى

غەنى رەشىدى



شېئىرىيەت ساھەسىدە ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، ۋاقىتسىز قازا تاپقان مەرھۇم غەنى رەشىدى 1965 - يىلى 1 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى باي ناھىيىسىدە ئۆتكەن. 1973 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە باي ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1983 - يىلى 9 - ئايدا مىللەتلەر داشۆسىگە، 1985 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭ داشۆسىگە قوبۇل قىلىنغان. 1989 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ياش شائىر 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى قاراماي شەھىرىدە يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە ئوت ئاپىتىدە خىزمەت ئۈستىدە بەختكە قارشى قۇربان بولدى. ياش شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1989 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر خىل ژانىردىكى 100 پارچىگە يېقىن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

بىز غەنى رەشىدى ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇمىزنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇنماقچىمىز.

## ئازاب ئىزدەپ باراي قېشىڭغا

ئازاب ئىغىر، ئازاب بەك ئىغىر،
خالىمايمەن ئازاب كۆرۈشنى.
سۆيگۈ ئۈچۈن خالايمەن بىراق،
ئازاب بىلەن ھەتتا ئۆلۈشنى.

كۈتۈش لەززەت، كۈتۈش بەك لەززەت،
قورقمايمەن كىمنى كۈتۈشتىن.

ئاھ قورقىمەن، پەقەت قورقىمەن
بىر بۆلۈكىدا ئۆلۈپ قېلىشتىن.

دىدارلاشماق قىممەت، بەك قىممەت،
ئىنتىزارمەن تۆكەر يېشىڭغا.
سۆيگۈ ئازاب شۇندىمۇ يەنە،
ئازاب ئىزدەپ باراي قېشىڭغا.

## شىمالدىكى كۈز ھارپىسى

قاغ - چوكلىشىپ توپ - توپ قاغىلار،
يىتىپ كەلدى بالدۇر سەھراغا.
بالدۇر پىشقان سەرسان خازانلار،
يېپىلماقتا ئاستا يوللارغا.

كىيمۇالاي سېنى پوپايكا،
شىمال دېگەن ئەمەسكەن جەنۇب.
بازاردىكى ئۈزگىنە ھەدە،
ئىسسىققىنە ئىچەي سەھەردە
ئەتكەن چاينى بەرگىن ئوخشىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇغداي سېتىپ قايتقان ئەي يىگىت،
قوپ - قورۇققۇ يانچۇق ۋە قولۇڭ.
پۇل يوقمىكەن ئاشلىق پونكىتتا،
مۇھەببەتلىك تورسەن ئۆزۈڭ.
ئېلىۋالاي بىر ەر بوتۇلكا
ئىچىشەرمىز تېپىپ بىر بۇلۇڭ.

يېزىدىكى كادىرنىڭ بەرى،
كېتىپ قالدى يىغىشقا غەللە.
كۆزگى بۇغداي تېرىش كېرەكتۇر
قايسى پۇلغا ئالار ئوغۇتنى
قايسى پۇلغا ئالار ئورۇقنى. . .

# ئاخىرى مەن كەتتىم مۇشۇ يول بىلەن

ئاخىرى مەن كەتتىم مۇشۇ يول بىلەن،
دېگەنسەن ئېھتىمال ئازغاشتى مېنى.
يوق بولۇش كىملەرگە يامان يە بەلەن،
ئەمەستۇر رەنجىتىش ۋە ياكى سېنى. . .

ھۆپپىدە ئېچىلغان دالا گۈللىرى،
چوققىلار تىلەيدۇ مەزمۇتلۇق - بەردەم.

يۇرتۇمنىڭ ئاسفالىت، توپا يوللىرى،
كېسىشىپ كېتىشكەن بىر - بىرىگە ھەم.

ئاخىرى مەن كەتتىم مۇشۇ يول بىلەن،
ئېنىقسىز مۆڭلىنىپ ئۆزۈۋغان سايەم.
ئېنىقسىز ئامانلىق تىلىگەن لىۋەن،
ئېنىقسىز رەنجىشلەر شادلىق، غەم - ئەلەم.

# كۆز شامىلى

كۆز شامىلى
ئوينىپ ئۆتسە ئورماننى
دەرەخ دەيمىش
سىلاپ قويدى يۈزۈمنى ئانام.

كۆز شامىلى
يۇلۇپ كەتسە ياپراقنى
يىغلارمىش دەرەخ
يەزرائىلغا يەم بولدى بالام.

# گىياھ چۆشى

ئەخەت سېيىت

قۇياش ئانا ھارارىتىدىن،
بىخ ئويغاندى تۇپراق قېتىدىن.
ناخشا ئېيتىپ نازۇك قارلىغاچ،
بال ھەرىگە بوپ قالدى سىرداش.
باردۇر بۇلبۇل ئۆنىدە شەپەق،
قىز - ئايالار لېۋىگە رەڭداش.
جۈپ - جۈپ ھەسەل ھەرىسى گۈلگە.

شىرنە ئىزدەپ چەككەندە نەقىش،
ھاياتلىقتا ناخشا بار. . . سۆيگۈ.
ساھىلىدا تۈنەپ قالار قىش. . .
تېگىرقىدى گىياھ دىرىلداپ،
بىر ئېقىندا يىغدى ھوشىنى،
سۆيۈپ قويدى كېلىپ گۈزەللىك.
توق قىزارغان گىياھ چۆشىنى. . .

# ئىككى شېئىر

توختى سابىر

## دۇنياغا ئارتۇقچە كېلىپ قالغانلار

ئون جىنىڭ بارمىدۇ تۈگىمەيدىغان؟
«ئاق چېكىپ» دوغا تىكىپ ئوينايدىغان؟
«شوخلۇقى» دەپ قويسا ئەخمەقلەر سېنى،
يەتكىنى ئەقلىڭ شۇمۇ هايۋانىسمان.

كىم ئۆزۈڭ؟ ئەجدادى - پۇشتۇڭ كىم ئىدى؟
ياكى شەيتان، ئەجنەبى تۇغقانمىدى؟
نەدە بار ئالۋاستىنى ئەمگەن بالا؟
بۇ كېسەل يۆگەكتىلا يۇققانمىدى؟

نېمىدەپ كەلدىڭ هاياتقا؟ شۇ ئاناڭ
تۇغماس ئىدى گەر بىلسە بۇنى باشتىلا.
سەن ئۈچۈن تۆكمەيتتى قان-ياش ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆرتىنىپ يۈرمەيتتى پەرزەنت ئىشقىدا.

قىلغىنىڭ ئۆزگە، ئۆزۈڭگە نېمە نەپ؟
بولمىسا سەندە ئەقىل ياكى تىلەك!
سەن ئەمەس، هايۋاننى باققان بولسىمۇ
قىغ-ئوغۇت بەرگەن بولاتتى قوي-ئېشەك.

هەي ئىسىت! ئادەملىنىڭ پەس - دۆتىگە،
قاراڭلارچۇ؟ - بۇ مۇردىلار يۈزىگە.
بىر ئۇلۇغ مىللەت ئىدى، بۇ مىللىتىم،
يارىماس بوپ قالدى قۇرت-مىتە.

يۇرتىنى بۇلغاپ نامدا مىللەت شەنىگە،
چۈشمىسۇن يامراپ مىتىلەر ئەتىگە.
بىز ئىچىپ نەپرەت بىلەن ۋىجدانغا سوت،
كەلتۈرەيلى قەدرىمىزنى ئەسلىگە.

## ئاپەت

قارا بوران چىقتى بىردىن شەپىسىز،
قارىيىپ كەتتى دىيارىم ئاسمىنى.
«پاخشى» دەپ ماختاپ قويۇپ «ئىسلاھىتىم»،
بەزىلەر ئاچتى خەزىنە ئاستىنى.

كۆرمىگەن تارىخ بويى ئىشنى بۇزۇپ،
يەپ - ئىچىپ تاغنى تۈگەتكەن نوچىنى.
بانكىلار قالغانمىدۇ ئوچۇق پېتى،
چېچىلىپ يۇتمەكتە پۇللار - يوق جېنى.

# روھىيەت ۋە مەدەنىيەت

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

سەن ئۆز قەلبىڭنى يورۇتالايدىغان نۇرلۇق چىراغ بول

— ساكيامونى

## 1. سىھىرلىك روھىيەت دۇنياسى.

«ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشقا ئەمەلىيەتتە ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەمما، بۇ قاراش نوپۇزغا ئېرىشكەنچە ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق سېھىرلىك قاراش ۋە ئادەتلەرگە بەند بولۇشۇپ، قانداقتۇر ئۆزىنى «روھىيەتتىن خالى»، «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق ساناپ كېلىشتى. ئۇلار ئىنساندىكى روھىي ھادىسىلەرنى قانداقتۇر ياخشى ياكى يامان ئىلاھلارنىڭ، ئىزگۇ ياكى قاباھەتلىك ئەرۋاھلارنىڭ ئىنساندىكى شولىسى، سېھرىي تەسىرى، بۇغى (ساۋاسى) دەپ قاراپ كېلىشتى. ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى قۇدرەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە دەھشەتلىك تەسەۋۋۇرلىرىغا ئېتىقاد باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرى بىلەن بەزلەپ كېلىشتى. ئانا ئۇرۇقىغا سېغىنىش ئەجداد ئېتىقاتچىلىقىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئارقىدىنلا تەخمىنەن يېڭى تاش قورال — ئەپسانە دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانىيەت روھىيىتى ئادەم قىياپەتلىك تەڭرىلەر تەسەۋۋۇرىغا ئۆتتى. ئىنسان روھىيىتىنىڭ بۇ ئىككىنچى چوڭ تارىخىي باسقۇچى ئەپسۇنكارلىق مۆجىزىلىرى بىلەن بېزەندى. «بەدىئۇلىك» نامى بىلەن ئاتالغان مۇشۇ دەۋردە كېيىنكى «سىۋىلىزاتسىيە» دەۋرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قېلىپلىرى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تۈرلىرى تۇرمۇشقا كىرىپ كەلدى.

پرومېتىنىڭ ئاسىي سۈپىتىدە سىكتايلار دىيارىدىكى قىياغا زەنجىرلىنىشى بىلەن ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ئېرەم جەننىتىدىن گۇناھكار سۈپىتىدە زېمىنغا ھەيدىلىشى گەرچە ئىنسان تېمىسىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تېما يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسانغا خاس «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق — ئىنسان ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشقا نىسبەتەن «ئىسيانكار»، «گۇناھكار» ئىنسان تېمىسى سالاھىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھال يەنىلا «ئىنسان كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشنىڭ روياپقا كېلىشىنىڭ تېخى تولىمۇ يىراق تارىخىي مۇساپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. سوقرات ۋە ئەپلاتون ئاجايىپ غارايىپلىق بىلەن گىجىرماچ بولۇپ كەتكەن روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك ئۆلچەم بىلەن — سوقرات ئەخلاق بىلەن، ئەپلاتون ئىدېئال چۈشەنچە بىلەن تەرتىپكە سالماق بولدى. ئارستوتېل بۇ ئىككى ئۇلۇغ پېشۋاغا قارىغاندا تەبىئەت قانۇنلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، روھىيەتنى «فىزىكا» (تەبىئەت ئىلىملىرى) سىستېمىسىدىن كېيىنكى «مېتافىزىكا» (تەبىئەت ئىلىملىرىدىن كېيىنكى ئىلىملار) سىستېمىسىغا كىرگۈزدى.

گرېك ھەيكەلتىراشلىرى ئىشلىگەن «دېسكا ئاتقۇچى» (مىلوننىڭ)، «ئۈچ تەقدىر ئىلاھى» (فىدىئاسنىڭ)، «نەيزە ئاتقۇچى» (پىلوكرىتنىڭ)، جۈملىدىن «ندوستىكى ئافرودىتا»، «مىلوستىكى ئافرودىتا»، «رائوكون» قاتارلىق ھەيكەللەر بىلەن خوتەن دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان شەرق ۋېنىسى «لاكشىمى» (ئۇز تەڭرى) رەسىمى قەدىمكى جۇڭگودىكى «ئىنسان — ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش بىلەن بىللە قەدىمكى دۇنيادا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ

ھاياتى توغرىسىدا چاقنىغان بىر چېقىن بولۇپ ئۆتتى.

تەخمىنەن ئەيسا سەلب تاختىسىغا مىخلىنىپ، توققۇز-ئون ئەسىردىن كېيىن، شەرقتە «مۇتەززىز بىلىم» بىلەن «رىسالەت» ناملىق قامۇس مۇئەللىپلىرى، دەسلەپكى سوفىزىم نامايەندىلىرى، جۈملىدىن فارابى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىنساننى ئۇنىڭ ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن كائىناتنىڭ ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى، ھەقىقەت قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قاراشتى. بۇ خىل پىكىر ئېقىمى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىن، پەلسەپە ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن مىكران جىرۇ، لېئونار دو داۋىنچى، رافائىل، دىدرو، گولباخ، مونتىسكى، بېكوندىن تاكى گېگېل، گىيوتى، فېيېرباخ ھەتتا نېتزى، فرېئود، ئىرك فروممى، سارترىي، ماسلوۋغىچە بولغان سەنئەت ۋە پەلسەپە مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن روھىيەتشۇناش ئالىملىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىلھاملىنىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئېغىزدا بولسىمۇ «ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن ھۆكۈم خۇددى مىكران جىرۇ ئىشلىگەن «داۋۇت» نىڭ رەسىمىگە ئوخشاش ئاياغ دەسسەپ تۇردى.

«ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى»، «ئىنسان — ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىن بېرى رەسمىي نەزەرىيىۋى پەندە يەنە مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى. بىر قەدەر نوپۇز تىكلىگەن ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا راتسىئونالىزملىق گۇمانىزم دەپ ئاتالغان بۇ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي سىستېمىغا پسىخولوگلار، ئەڭ ئالدى بىلەن روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىسى فرېئود ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئىنسانشۇناسلار ھەم ئېتىراپ قىلغۇچى، ئەمما كونكرېتلاشتۇرغۇچى كۆز قاراشلىرى بىلەن ياندىشتى. ئۇلار قويغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنى: ئىنساننى ھەم ئەقىل-پاراسەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەم ئەدەب-مەدەنىيەتتە كىشەنلەپ ئۇنى نوقۇل ئىجتىمائىيلىققا مەھبۇس قىلىپ قويماسلىق؛ ئىنساننى يەنە ھېس — كۆڭۈلدىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، شەخسنىڭ يەككە تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىئولوگىك مەۋجۇتلۇقىغا چىقىش يولى بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىنسان — ئۆزى توغرىسىدا تولىمۇ نادان. ئىنسان توغرىسىدىكى بىر قاتار ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ سېھىرلىك روھىي دۇنياسىغا يۈزلىنىشى ياكى يۈزلىنەلىشى شۈبھىلىك. ئۇلارنىڭ يەكۈنلىرى زىۋىسىنىڭ پىرومىتى، يەھۋانىڭ (يەھۋا - خىرىستىئان دىنىدىكى ئاللانىڭ يەنە بىرخىل ئاتىلىشى) ئادەم - ھاۋا ئۈستىدىكى ئەپسانىۋى ھۆكۈملىرىدىن پەرقسىز. پاجىئە مانا مۇشۇ يەردە!

قىزىقارلىق، ئەمما تراگېدىيىلىك، شۇنىڭدەك پۈتۈن سىۋىلىزاتسىيىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىنسانىيەت تارىخىدا داۋاملىق ۋىزىۋۋى يانار تېغىدەك پات - پات لاۋا چاچرىتىپ تۇرىدىغان غايەت زور — ئەمەلىي تېما كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

## 2. ئېتىكىچى بىلەن پسىخولوگىنىڭ دىئالوگى.

پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ھازىر بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارنى پسىخىك پائالىيەتنىڭ نېگىزى دېگۈچى بىئو-پسىخىكلار بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭنى پسىخىك پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دېگۈچى سوتسىئولوگىيىلىك پسىخىكلاردىن يىراقلاشمايدۇ. ئەمەلىي پسىخولوگىيە روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھاياتىي مەۋجۇتلۇق قاتلىمى يەنىلا تۇغما ئىقتىدارنى ئۇل قىلغان بىئو-پسىخولوگىيىلىك جەريانغا تايىنىدىغانلىقىنى، بۇ ھاياتىي مەۋجۇتلۇق قاتلىمىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ روھىي پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي شەكلى بولغان نۇتۇقلۇق (مەنتىقىلىق) ئاڭ قاتلىمى توغرىسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئىنسان تۇرمۇشىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىنى بىلىش لازىملىقى، باشقىچە ئېيتقاندا، روھىي پائالىيەتنىڭ ئەقلىي گىنوسئولوگىيىلىك (بىلىش نەزەرىيىسى) قاتلىمىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، روھىي پائالىيەتنىڭ بىئولوگىيىلىك - ئونولوگىيىلىك (ئەسلىزاتلىق) قاتلىمىنى ئۆگىنىش لازىملىقى

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىنىپ چىقتى. بۇ ھېلىمۇ جىددىي نۇپۇزلۇق ئەنئەنىۋى قاراشقا تاقىلىدىغان ئۆتكۈر مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا.

ئېتىكىچى (ئەخلاقشۇناس) بىلەن پىسخولوگنىڭ دىئالوگىنى بىز «A»، «B» بەلگىسى بويىچە بىر قۇر كۆرۈپ چىقايلى:

A : ئەخلاق — مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى ۋە گۈلى، ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىق ۋە بەدۋىلىكتىن قۇتقۇزغان پىشانە. ئۇنىڭ نوپۇزى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز.

B: ئەخلاق ـ ئىنساننى پەقەت روھىيەتنىڭ ئاڭ شەكلى بولغان ئەقىلگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىتائەتمەن قىلىدىغان شامان ۋە كاھىن. ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنى ۋە بىرقانچە مىڭ يىللىق ئەجىر ـ ئەمگەك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەدەنىيەت قارىشىنى قايتىدىن تەنقىدى ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

A : ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي يۈكسىلىشى مەدەنىيەتنى، مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئۇتۇقى ئەقىل تەرەققىياتىنى تەقەززا قىلىدۇ.

B : ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەقىل راۋاجى ئىنساننىڭ پېرسونالىلىقىنى (خاراكتېر خاسلىقىنى) چەكلەشنى، ئىنساننى ئەقلىي تەپەككۇر بويىچە تەگرى، ھېسسىي روھىيەت بويىچە ئۆز-ئۆزىگە قاتىل قىلىشنى بەدەل قىلمىدىمۇ؟

A : مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئارقىلىقلا بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىپ بولامدۇ؟!

B: مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، ئاپەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيانى ياراتتى ۋە ئىنساننى ئۇنىڭدىكى مەھبۇسقا، قۇلغا ئايلاندۇردى. ئۇ، ئىنساننى ياتلاشتۇرۇشتىن ئىنساننىڭ ئاتالمىش غەيرىي ياۋايى كۆنۈكىشىنى شەكىللەندۈردى.

A: ئىنسان تەبىئىتىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا بېسىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلمىغاندا ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. بېسىم ئەقلىگە مۇۋاپىق كېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئەقىلگە مۇۋاپىق خىزمەتتۇر.

B: مەدەنىيەت تارىخى مۇھەببەت خاھىشىنى مەركەز قىلغان ئىنسان روھىيىتىنى بېسىش، ئۇنى ئىنساندىن ياتلاشتۇرۇش تارىخى بولۇپ كەلدى، ئۇ خۇددى بۇددىزمدەك مۇھەببەت خاھىشىنى مەدەنىيەتكە (جۈملىدىن ئەدەب ۋە ئەقىلگە) زىت قويۇپ، خۇددى خىرىستىيانلاردەك، بۇ خاھىشنى «تۇنجى گۇناھ» دەپ قاراپ كەلدى! نەتىجىدە ھەممىلا مەدەنىيەت\پورماتسىيىلىرى ئىنسان ماھىيەتلىرى بىلەن كۆپ قىرلىق توقۇنۇش ھاسىل قىلدى.

دىئالوگ تېمىلىرى بۇنىڭ بىلەنلا ئاياغلاشمىسىمۇ، مەسىلە ناھايىتى روشەن، ئۆتكۈر، ئىنچىك ۋە قەدىمكىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بۇ زىددىيەت دىن ۋە ئەخلاق، سەنئەت ۋە ھوقۇقنىڭ نۇرغۇن چەكلەنگەن رايونلىرىغىچە كېڭەيتىلگەن.

دىن: ئىنسان ئۆز خاھىشلىرىگە يول قويۇپ، تۇنجى گۇناھ سادىر قىلغان، دىنىي ئەخلاق تۇنجى گۇناھنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى، ئىستىغپار ۋە ئېتىقاد ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاكلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ـ دېسە؛ بۇ قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: زۇۋس ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئائىلىسى، ئىپتىدائىي جىنسىي ئېتىقادچىلىقى، شامان ۋە كاھىنلارنىڭتۇنجى كېچىلىك ھوقۇقى، ئىپتىدائىي خىرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى يات جىنسلار ئۇچرىشىشلىرى، بۇددىزم رەسساملىقىدىكى يالىڭاچ ئادەم تەسۋىرى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق قاتارلىق دىنىي ئېتىقادىدىكى جىنسىي خاھىش ھادىسىلىرىنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ — دەيدۇ.

ئەخلاق: ئىنساننىڭ كامالىتى ئۆزىنى تەبىئىي ۋە ھايۋانىي ـ بەدۋىي خاھىشتىن پاكلاشتۇرۇپ، ئىدېئال ـ غايە-خۇدالىق كامالىتىگە يېتىشتۇر، — دېسە؛ بۇخىل قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: ئەخلاقىي قۇرۇلمىلار ئىنساننى مەقسەت قىلىشى، جەمئىيەتنى ئىنسانغا لايىقلاشتۇرۇشى، ئەكس ھالدا ئىنساننى ئەخلاق قېلىپلىرىدا قويۇلغان قونچاق بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم، — دەيدۇ.

سەنئەتتە ئەھۋال مۇرەككەپ. ئۇنىڭ بىر قىسمى: سەنئەت ئالدىنقى ئاڭنىڭ قارشىلىقى،

چۇقان ۋە فونتان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئازادلىق ئىنتىلىشى، — دېسە؛ ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى: سەنئەت سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق ۋە دىنغا ماسلىشىشى، كىشىلىك تورنى تەشكىل قىلغان يىپلارنى ئۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن بولۇشى لازىم، — دەيدۇ.

ھوقۇق — ئومۇمەن ئىگىدارچىلىق تۈززۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلەرگە لايىق روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىقارارلىقىنى ياقلايدۇ.

مۇنبەردىكى تەپەككۇر ۋە نۇتۇق بىلەن سۆزلەنگەن بۇ ئىبارىلەر بەربىر جانلىق ئىنسان ئاغزىدىن چىققان. قىزىقارلىقى شۇكى، كاھىن كېچىلىك ھوقۇقىدىن زوقلىنىشتىن ئۆزىنى چەكلىيەلمەيدۇ. ئەخلاقشۇناس كۆڭلى چۈشۈپ قالغان جوگاننىڭ قىياپىتىنى، ئاۋازىنى سېغىنىپ بىئاراملىقتا ئازاب چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە ئەپلاتوننىڭ ئېتىكىلىق رېجىملىرى تولىمۇ قېلىپىدىن چىققان روھىي دىكتاتورا سىماسىدا سايە تاشلايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىي فورمىلىرىنى كىيىشىپ مۇنبەرگە چىققاندا يەنىلا قېلىپلاشقان ئۆز ئەھكاملىرى ئۈستىدە مەرۇزە سۆزلىشىدۇ.

### 3. ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى.

ئىنسان ھايۋانات دۇنياسىدىن ئىجتىمائىي ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىيىتى ئاسماندىن چۈشكىنى يوق، بەلكى ئىلگىرىكى بىئولوگىيىلىك روھىي ئېنىستىنكت (تۇغما ئىقتىدار) ئاساسىدا، ئۇنى ئۇل قىلغان يېڭى روھىي قاتلامغا مۇيەسسەر بولدى. ئىنسان روھىيىتى ئىككى كېنەزلىككە — ئېنىستىنكت كېنەزلىكى بىلەن ئەقلىي بىلىش (پاراسەت) كېنەزلىكىگە ئايرىلدى. تارىخ، بۇ ئىككى كېنەزلىكنىڭ بىرى جاھانكۇشاي سۈپىتىدە، ئىككىنچىسىنى ئىستېلا قىلىش، نەتىجىدە بىر پۈتۈن روھىي مەدەنىيەت ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مىليون ھېكايىلىرى، مىليارد پاجىئەلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇچۇر قىلماقتا.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى بىرقانچە قاتلاملىق روھىيەت ھادىسىلىرىدا ئىپادىلىنىپ، ئاجايىپ - غارايىپ رەڭگارەڭلىك ھاسىل قىلغان. مەسىلەن: ھايات خاھىشى بىلەن مامات خاھىشى؛ ئۈمىد تەلپۈنۈشى بىلەن ئۈمىدسىزلىك روھىيىتى؛ ئەقىل ئىقتىدارىدىن ھەم بەخت، ھەم ئازاب ھېس قىلىش؛ ئارزۇ بىلەن مۇمكىنلىك ئارىسىدا بىئارام بولۇش؛ ئاڭ بىلەن كۆڭۈل (پوتېنسىئال ئاڭ) ئارىسىدا تېڭىرقاش؛ جىنسىي ئېنىستىنكت ئارقىلىق روھىي ئازادلىق ئىزدەش ۋە ئۆزىنى قايتىدىن روھىي مەھبۇسلۇققا سېلىشقا ئالدىراش؛ مۇھەببەت قويۇپ، مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىك؛ ۋاپا ۋە ئەقىدىلىرى ئۈچۈن ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەتكارلىققا ئۇچراش ئازابىنى چېكىش؛ نىكاھ ۋە مۇھەببەتنىڭ بىر-بىرىدىن ياتلىشىپ كېتىشى؛ ئېغىر ئەخلاقىي بېسىم مۇھىتى ئىچىدە تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئىشق ئەسەبىيلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش؛ كۆڭۈل ۋە جىنسىي خاھىشىنىڭ داۋاملىق قايتا تەشكىللىنىپ تۇرۇشى؛ ئۆزىنى ئالداش، غىدىقلاش ۋە زەھەرلەش ئارقىلىق ساختا روھىي شادلىق قوغلىشىش؛ ئېنىستىنكتلىق خاھىش بىلەن يەنە ئۆزىنى ئەيىبدار بىلىشتەك زىددىيەتچان روھىيەتكە تەڭ گىرىپتار بولۇش؛ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان رەشك. . . بۇلار ئۇنىڭ بىر قىسىم تىپىك مىسالى، خالاس.

ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىنى ھەر خىل روھىي قاتلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، يەنە بىر خىل روھىي قاتلامنىڭ، مەسىلەن: ئەقىلنىڭ، جىنسىي خاھىشىنىڭ، مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئوبيېكت ۋە سۇبيېكت ھەرىكەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئېنىستىنكتنىڭ خۇشاللىقىنى ئالىي مۇقام قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان كۆڭۈل (فرېئودنىڭ ئەسلى ئىبارىسىدىكى «unconscious» — يوشۇرۇن ئاڭ) بىلەن ئەقىلنىڭ رېئاللىقنى ئالىي پرىنسىپ قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان ئاڭ (فرېئودنىڭ ئەسلى ئىبارىسىدىكى «Cosciusness») ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىنىڭ ئوقى ۋە تىپىك شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا بەدەن بىلەن روھنىڭ ئايرىلىشى؛ بەدەندىكى تۇپراق ۋە سۇدىن ئىبارەت ئېغىر زات (تادۇ) لار بىلەن ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت يەڭگىل زات (تادۇ) لارنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى تۇغما ۋە ھايۋانىي ئىقتىدارلار بىلەن ئەخلاقىي ۋە ئىرىشىلگەن ئىقتىدارلارنىڭ ئايرىلىشى: ئىنساندىكى بەش «ئوغرى قاچتى» (بۇددىزم ئىبارىسى) سەزگۈلەر بىلەن قەلب كۆزى ۋە پەزىلەتلىك خاسىيەتلەرنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى ئىنىستىنكتلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك ئاڭنىڭ ئايرىلىشى ھەققىدىكى بايانلار ماركس، دارۋىن، فرېئود قاتارلىق كىشىلەر تىلغا ئالغان بىر چوڭ ھەقىقەتكە مەركەزلەشكەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىئولوگىيىلىك قاتلىمى بىلەن ئىجتىمائىي قاتلىمىنىڭ نىسپىي بىر پۈتۈنلۈكى ۋە زىددىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىنسان خۇددى فارابى ئېيتقاندەك ھايۋاندا بولىدىغان ئوزۇقلىنىش، نەسىل قالدۇرۇش، سېزىش ئىقتىدارى ئۈستىگە نۇتۇق — تەپەككۇر ئىقتىدارى قوشۇلغان مەۋجۇدات.

ئىنسان خۇددى ئىجتىمائىي ھايۋان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ مىنىراللىقى، ئۆسۈملۈكلىكى ياكى پاك-پاكىز ئىجتىمائىيلىقى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھايۋانلىقى ئۈستىگە قوشۇلغان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ھازىرلىقلارنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ھايۋانلىق تۈزۈلمە ۋە ئىقتىدارىنى يوققا چىقىرىش بەدىلىگە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي بىئولوگىيىلىك جىسمانىي تۈزۈلمە ۋە ھاياتىي قۇۋۋەتلىرىگە يەنى ئىنىستىنكتلىق — ئاڭدىن خالىي روھىي ئىقتىدار بىلەن نۇتۇقلۇق — ئاڭ تەپەككۇرلۇق روھىي ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتلىك بىنا شەكلىدىكى پىسخىك خاسلىقنى بەرپا قىلىشنى بەدەل قىلغان.

«جەننەتتىن ئايرىلغان ئىنسان» ۋە «ئىنساندىن ئايرىلغان جەننەت» نىڭ ھەر ئىككىسى ئىنسانغا نامۇناسىپ بولۇپ قالدى! ئاڭ ئىنساننى نوقۇل، يوگەنسىز پوتېنسىئال ئاڭدىن، تۇغما ئىقتىداردىن ياتلاشتۇردى. ئىنسان ئۆچۈنمۇ، ئاڭ ۋە تەپەككۇر تىزگىنىدىن ئايرىلغان ئىنىستىنكت، بولۇپمۇ تۇغما جىنسىي خاھىش چەكلىنىشى، تىزگىنلىنىشى لازىم بولدى.

ئىنسان روھىيىتى خۇددى ئوتتۇرىسى ئۈزۈلگەن تاقا شەكلىدىكى ماگنىتتەك، كۆڭۈلگە لايىق نەرسە بىلەن ئەقىلغە مۇۋاپىق نەرسە، مۇھەببەت خاھىشى بىلەن ئەخلاق نىزامى ئارىسىدا توختىماي پىرقىراشتىن مەڭگۈ خالاس بولالماسلىق سىغىراسىغا جايلاشتى. مانا بۇ، تەقۋادار كاھىنلار، سۇخەنساز ئەخلاقشۇناسلار، مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار يوشۇرۇپ كەلگەن چىنلىق — ئىنساننىڭ روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى. قىزىقارلىق تەققاس: كىشىلەر روزدېستوۋ بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ، ۋەھالەنكى، ئاشۇ نۇرانە پەرزەنتنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا كىرىست ياغىچىغا مىخلىنىپ تۇرغان تەقدىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈشمەيدۇ. . .

## 4. ئىنسان روھىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە كۆپ قاتلاملىقى.

ئىنسان گەرچە جانلىق تەبىئەتنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك سەمەرىسى بولسىمۇ، ئۇ ئاڭسىز تەبىئەت مۆجىزىسى بولماستىن، يەنىلا ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولغان مەدەنىيەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ئۆچۈن خاس بولغان بىر قاتار فىزىئولوگىيىلىك تۇغما ئىقتىدار ھادىسىلىرى يەنىلا ئىنسان ئۆچۈنمۇ خاس بولغان پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن شەكىللىنىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئىنساندا ئەقلىي بىلىش ئەقلىي ئاڭ ئارقىلىق مەيدانغا كەلمەيدىغان ياكى بۇنداق بىلىش ۋە ئاڭ ئارقىلىق بىردىن تەرك ئېتىپ بولمايدىغان بىر قاتار ئىنىستىنكتلىق، پوتېنسىئال ئاڭ خاراكتېرلىك روھىي ھادىسىلەر، ئەڭ ئالدى بىلەن ھېسسىي، كۆڭۈل تۇسىنى ئالغان ھادىسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىنسانغا خاس بولۇپ، پۈتۈنلەي ھايۋانى ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ نۇقتا بولمىغان بولسا، ئىككىگە بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى سادىر قىلىدىغان بىر پۈتۈن ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

دەرھەقىقەت، ئىنسان بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت)

تۈزۈلمىسىگە ئىگە مۆجىزە. شۇنىڭدەك، ئىنسان بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش، ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە خاھىشقا ئىگە مەۋجۇدات. ئىنساندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خاھىش ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، ئېھتىياجى ئاساسىدا بىر خىل لىبىدۇ (Libidu)، ئىنتىلىش ۋە بېغىشلاش شەكلىدە تەجەللى بولىدۇ، ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇ، ئومۇمەن سەۋەبىياتلىق، قانۇنىيەتلىك بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىلمىي تەپەككۇرغا — ئەقىلغە مۇۋاپىقتۇر.

ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى نوقۇل جىنسىي تۈزۈلمە بولماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى، ھاياتىي خاھىشى، ھاياتلىق كامالىتى بولغان ساغلاملىققا بولغان ئىنتىلىشنى تەمىنلەيدىغان ھاياتلىق تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. پەندە «ئائۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان، ئادەمنىڭ بەدەن ھالىتى سىرتىنى قاپلاپ تۇرىدىغان بىر قاتلام ھاياتىي نۇر چەمبىرىكى ۋە بۇ ئائۇرا قاتلىمىنىڭ سۈپەت ھالىتى دەل مۇشۇ ھاياتلىق تۈزۈلمە ۋە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا، مانىزىم ۋە خىرىستىئان رىۋايەتلىرى ئاساسىدا باش قىسمىنى قاپلاپ تۇرغان نۇر چەمبىرى بىلەن مۇقەددەس ئوبرازلارنى سىزىش ئادىتى، ھازىرقى كۈندە پۈتۈن بەدەننىڭ تاشقى نۇر چەمبىرى بولغان ئائۇرانىڭ ئىلاھىلاشتۇرۇلغان بىر قىسمى دەپ قارالماقتا. «ئائۇرا» — ھاياتىي كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ «لىبىدۇ» — ئېنىستىنكتلىق ئىقتىدار (قۇۋۋەت) دىن كاتتىلىقىدا مەسىلە بولماسا كېرەك. ماماتلىققا زىت بولغان بۇ تۈپكى ھاياتىي تۈزۈلمە، ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئىنساندىكى باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشلارنىڭ ئۇلى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دىققەت قىلىڭ: ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق قىممىتى نوقۇل جانلىق تەبىئەت قىممىتى — بىئولوگىيىلىك قىممەت بولماستىن، يەنە ئىجتىمائىي قىممەت ھەم مەدەنىيەت قىممىتى! ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىدىكى تۇغما ئىقتىدار ھەققىدە ئالدىمىزدا ئىككى مەشھۇر مۇھاكىمە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى، فرېئودنىڭ «جىنسىي خاھىش ئېنىستىنكتنىڭ مەركىزى» دېگەن قارىشى. بۇ قاراش «ئىنساننىڭ ھايۋانلىقى — ئەسلىدىكى مەنلىكتۇر» دېگەن تىزىسقا ئاساسلانغان. ئۇنىڭ يەنە بىرى، فرېئوددىن ئاز كەم مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان «كامالەتكە ئىنتىلىش — مۇھەببەتتۇر»، «كامالەتكە ئىنتىلىش كائىناتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى»، «ئۆزىدە بولمىغان قۇتۇپقا ئىنتىلىش، تولۇق — مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، ئەۋزەللىككە ئىنتىلىش — كامالەتكە ئىنتىلىشتۇر»، «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى سۆيگۈ — كائىنات ئىشقىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىدۇر» دېگەن قاراشلاردىن ئىبارەت. فرېئود بىلەن ئىبنى سىنا بىر نەرسىنى — ئالەمنىڭ مەنپى - مۇسبەت قانۇنىنى، زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى، بۇ ئومۇم ھادىسىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىنى تىلغا ئالغان.

فرېئود روھىي كېسەللىكلەر ئۈستىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن خۇددى ئىسلام سۈپىزىمى تىلغا ئالغان ئەقىلدىن ئايرىم، مەنتىقىي تەپەككۇردىن خالى، ئاڭدىن تىرەن بولغان «كۆڭۈل» ئىبارىسىغا ئوخشايدىغان پوتېنسىئال ئاڭ ئاتالمىسىنى يەكۈنلىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى بىلەن دىئالېكتىك روھقا ئىگە راتسىئونالىزملىق سۈپىزملىق قاراشلار ئۇلىدا ئۆزىنىڭ «رىسالە ئىشق» (مۇھەببەت رىسالىسى) ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

فرېئود گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر- بىرىگە تۇتاشقان، ئەمما بىر-بىرى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خاھىشنىڭ تىزگىنسىز يامراپ كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئۇ ئاڭدىن خالىي بولغان جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى، خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى، دەپ قارايدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى ماسلوۋ ئىنساندىكى

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجلار توغرىسىدا توختالغاندا، تۇغما ئىقتىدار (ئىنستىنكت) نەزەرىيىسىنى بىر پۈتۈن ئىنساندىكى تەبىئىي (بىئولوگىيىلىك) ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت) ئېھتىياج ئاساسىدا، يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىگە ئايرىپ ئىزاھلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىنساندىكى ئېھتىياجنى (تەقەززا، Needs) «بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج»، «بىخەتەرلىك ئېھتىياجى»، «مۇھەببەت ئېھتىياجى»، «قەدىرلىنىش ئېھتىياجى»، «ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئېھتىياجى» دىن ئىبارەت بەشكە ئاجراتتى. ئۇنىڭچە، ئالدىنقى ئېھتىياج ھەل قىلىنمىغاندا، كېيىنكى ئېھتىياج شەكىللەنمەيدۇ. ماسلوۋمۇ تەبىئىي ئېھتىياجنى يېمەك-ئىچمەك، بىخەتەرلىك بىلەن باشلاپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تارىخىي تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئېھتىياجى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياج قاتلاملىرى ئىنساندىكى خاھىش ۋە پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياجلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئۈچ قاتلاملىق ئېھتىياجغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت (بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش) ئېھتىياجى ۋە خاھىشىدىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە ئۆزى ئاچ-يالىڭاچ ھالەتتە ئۆتكۈر گەۋدىلىنىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجدىن خالىي بولسىمۇ، كۆزى ئاچلىق تويەيلى مال - دۇنيا ھېرىسلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنى تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج، خاھىشقا يانداشتۇرۇش مۇمكىن. ئىنساندىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلىپ، كىشىلىك مەدەنىيەت تارىخىغا تۆھپە قوشۇش، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك ئوبيېكت ۋە ئائىلىۋى سۇبيېكتلىق سالاھىيەت بىلەن چەكلەنمەيدىغان ئىجتىمائىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەقەللى ئىجتىمائىي خاھىش ئارىسىدا مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى جايلاشقان.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدە گەۋدىلىك رول ئوينايدىغان مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى ھەققىدە ئايرىم توختىلىش جائىز.

## 5. مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئىنسان روھىيىتىدىكى ئورنى.

مۇھەببەت — نوقۇل جىنسىي خاھىش بولماستىن، «ئالەمنىڭ توپ قانۇنى — كامالەتكە ئىنتىلىش» ۋە ئۇنىڭ «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئىپادىسى» (ئىبن سىنا)، «ھاياتلىق ئىستىكى» (گوركى)، «بارچە ھېسسىياتلارنىڭ ئەۋجى ۋە غالىبى» (گېنرىخ گېينى)، «بىزنى قايتا يارانقۇچى قۇدرەت» (دوستويېۋسكىي)، «مەھبۇب ھاياتىغا قوشۇلۇپ ياشاش» (تولستوي)، «بەخت خەزىنىسى» (موللىر) . . .

مۇھەببەت — ئىنساننىڭ تۇغما ئىقتىدارىدىكى جىنسىي خاھىشىدا، ئىنساننىڭ ئاڭ ۋە ئىختىيارىدىكى ئىجتىمائىي تەلپۈنۈشىدە، قىسقىسى ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تەقەززاسى ۋە خاھىشىدا ئىپادىلەنگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتچانلىقىنى قاراپ تۇرغان ئۇلۇغ ئالەم قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنساندىكى ئىككى كېنەزلىك قاتلىمىنىڭ بىرلىك ھالقىسى، ئىنسان ھاياتىغا ماھىيەت، ئىقتىدار ۋە قىممەت بېغىشلىغۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ماماتلىق خاھىشىغا زىت ھاياتلىق خاھىشى ماھىيەتتە يەنىلا مۇھەببەت — كامالەتكە ئىنتىلىش خاھىشىدۇر.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى قارىماققا خۇددى ماسلوۋ كۆرسەتكەندەك تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئارىسىغا جايلاشقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ ئېھتىياج ۋە خاھىش ئاجىز ياكى كۈچلۈك ھالەتتە ئىنسان تەقەززاسى ۋە خاھىشلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدىن تېپىلىدۇ. ئۇ ئاڭ، تەپەككۇر، ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن يېڭى ھاياتىي كۈچ، مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالغان ئەڭ توپكى ۋە ئەڭ دائىمىي ھاياتىي تەقەززا، پائالىيەتچان خاھىش. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن «كۆكۆلگە ياقىدىغان نەرسە» بىلەن «ئەقىلغە مۇۋاپىق نەرسە» نىڭ مۇجەسسەم

گەۋدىلىنىشى. مۇھەببەت نۇقۇل ئاڭدىن خالىي تۇزۇلمىنى غىدىقلاش ۋە روھلاندۇرۇشنى ئەمەس، يەنە ئاڭ ۋە ئاڭلىق پائالىيەتنى يېتەكلىپ ئىلهاملاندۇرۇشنى ئۆزىگە قانائەت ۋە ئىپتىخار ھېس قىلغان. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى يالغۇز جىنسىي خاھىشنى قوزغاش ۋە تىز گىنلەشتىلا ئەمەس، يەنە ئۇمىدسىزلىكنى يېڭىشتە، ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتا، قىيىنچىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، مۆجىزىلەر يارىتىدىغان مەنىۋى قىزغىنلىق ۋە جاسارەتتە يەققال جىلۋىلىنىدۇ. روشەنكى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە بولغان ئاڭلىق بىلىشى — مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ھەقىقىي بۇلىقىدۇر.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىبنى سىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئىبنى سىنا نۇقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىشنى مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى كۆرگەنلىك، دەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۇچ نەرسىگە ئېرىشىش — سۆيۈشمەك، قۇچاقلاشماق ۋە ئالاقىلاشماققا ئېرىشىش، پەقەت مۇھەببەتنىڭ سىرتىغا ئېرىشىش بولۇپ، ئۇلار خۇددى «ئايدىڭنى قېتىق دەپ بىلگەندەك»، مۇھەببەت ئارقىلىق ئېرىشىش لازىم بولغان ماھىيەتتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ماھىيەت — ئەۋزەللىك، مۇكەممەللىك، كامالەتتىن ئىبارەت. ھەقىقىي جىنسىي تۇرمۇش ئۆز مەھبۇبىدىن ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى يېتىلىش ۋە مەنىۋى ئەۋزەللىك ئالامەتلىرىنى تېپىش، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن قوشۇلغان ئېھتىياجتىن تۇغدۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت خاھىشى — مەنىۋى ئەۋزەللىككە ئىنتىلىش خاھىشى بولۇشى لازىم.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ماسلوۋنىڭ «ئىنسانىيىتى ھەققىدىكى نەزەرىيە» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ: فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن بىخەتەرلىك ئېھتىياجى قانائەتلەندۇرۇلگەندىن كېيىن، مۇھەببەت ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى يېڭى مەركەز بولۇپ قالىدۇ، كىشى دوست، مەھبۇب، خوتۇن، ئەر، پەرزەنت خاھىشىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە، بىر قاتار روھىي زىددىيەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، دەيدۇ. مۇھەببەت خاھىشى ئۇچىغا چىققاندا، ئىنسان ئۆز روھىيىتىدىكى خاھىش چەكلەش تۈيغۇسىنىڭ تورمۇزىنى بۇزۇپ، خەتەرگە قارىماي، ئىلگىرىكى نۇغما ئىقتىدار خاھىشىنىڭ قانائەتلىنىش ئەسلىمىسىنى قايتىدىن رېئاللاشتۇرۇشقا ياكى يېڭىدىن مۇنداق قانائەتلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. ھەتتا، قانائەتلىنىشتىن قانائەتلەنمەسلىككە ئۆتۈپ، يېڭى قانائەت ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىشى مۇمكىن. مەجنۇنلۇق ئەنە شۇنداق نەلۋىلىكنىڭ ئەسەبىي شەكلى، خالاس.

ماسلوۋ ھەرقايسى خاھىشنىڭ ئورۇندىلىشىنى شۇ خاھىشنى تۇغدۇرغان ئېھتىياجدىن باشقا، تاشقى رىغبەتلەندۈرگۈچى ئوبيېكت بىلەن ئىچكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجرىتىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. مۇھەببەت خاھىشىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلە شۇ يەردىكى، نۇرغۇن كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئەقەللىي ئىجتىمائىي خاھىشنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقىل ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قالدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۆتمەي مۇھەببەت خاھىشىدا لەيلەپ ياكى چۆكۈپ قالىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئىبنى سىنا ئېيتقاندەك مۇھەببەت سىرتىغا ئېرىشىپ، مۇھەببەت ماھىيىتىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. روھىيەت ۋە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇلارنى ئۆزىنى، ئۆز مۇھىتىنى بىلىش ئارقىلىق كامالەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

مۇھەببەت ئۈچۈن «لىبىدۇ» ئاددىيلا جىنسىي ئىقتىدار ئەمەس، ئۇ ئەۋزەللىكنى قوبۇل قىلىش بىلەن كامالەت (تۆھپە، قىممەت) بېغىشلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە، ئادەم ئۆلۈپ، ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇجەسسەم بىئو-فىزىك نۇر چەمبىرى «ئائۇرا» ئۆچكەندىن كېيىنمۇ بۇ كامىل مەنىدىكى «لىبىدۇ» ئۇزاق ساقلىنىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

## 6. يېڭىچە روھىي مەدەنىيەت كۆڭۈل بىلەن ئاڭنىڭ ھەمجەھەتلىكى.

ماقالىمىزنى «ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن ھۆكۈم بىلەن باشلىغانىدۇق. پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى بىلەن جىمىكى «فىزىكا» ۋە «مېتافىزىكا» پەنلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ئۆز- ئۆزى ھەققىدە تېخى ئىپتىدائىي ئىزدىنىش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىلاھىيەت ھەققىدە ياراتقان «نەزەرىيىۋى دۇنيا»، «ئەقىدىلەر دۇنياسى»، «تەسەۋۋۇر دۇنياسى»، «باقى ئالەم» قاراشلىرى ھەممە بولۇپ ئۆتكەن ۋە كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان رېئال دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن نەقەدەر كەسكىن سېلىشتۇرما-ھە؟!

ئىنسان ئۆزى ھەققىدە ئىزدەنگىنىگە بىرقانچە مىڭ يىل بولدى. بۇنداق ئىزدىنىش ئىنساننىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق ياتلىشىش تارىخى بىلەن بىللە ياتلىشىپ تۇردى. مورگان تەرىپىدىن شەرتلىك مەنىدە ئىشلىتىلگەن ئاتالمىش «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» ئىنساننىڭ ياتلىشىش تارىخى بىلەن قوشكېزەك بولۇپ تۆرەلدى. ئىنسان ئۆزى ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت مېۋىلىرى ئۇنىڭ تەييارتاپ ھاكىملىرى ئۈچۈن، قىرغۇچى ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن، ئاز بىر قىسمى كۈندىلىك تىرىكچىلىك زۆرۈرىيەتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىندى. ئىنسانىيەت ياراتقان مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلىم ۋە سەنئەتتىن باشقىلىرى ئىنساننى داۋاملىق ياتلاشتۇرۇش ۋە ئاجايىپ-غارايىپ ئەقىدە-نىزاملار بىلەن چۈشەپ قويۇش ۋاستىلىرى بولۇپ قالدى.

تارىخىي دەستۇرلەر ساراي ھادىسىلىرى ۋە جەڭنامىلەرنى مەركەز قىلغان سەھىپىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەنقا قۇشى جەننەتكە كىرىپ كەتكەندەك، بەخت - سائادەت ئارزۇلىرى باقى ئالەمگە قالدۇرۇلدى. ئىنسان ھەققىدىكى، بولۇپمۇ ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش تراگېدىك سەنئەت بىلەن روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ھەيدەلدى. ئانچە-مۇنچە باش كۆتەرگەن ئىنسانشۇناسلىق ئاب-ھاۋاسى بەزىدە سوپىزىم، بەزىدە بىدئەتلىك، بەزىدە بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى نامىدا ھاقارەتلەندى. «ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئىنسان» ئۆز-ئۆزىگە ئۆلچەم بولالمىدى. ئۇ خۇددى تۇغما ئەمادەك تېخى ئۆز سىياقىدىن بىخەۋەر پېتى قېلىۋەردى. ئىنسان ئۆز مۇھىتىنى سۈنئىي ۋە تەبىئىي بايلىقلار بىلەن بېزەش بىلەن بىللە، ئۆز روھىيىتىنى يېتەرلىك بۇلغىۋالدى. ئۇلار جىنايى مەيدانلاردا بۇلغىنىش بىلەن دىنىي ئېھراملاردا ئىستىغپار ئوقۇشنى ئارقاق-ئۆرۈش قىلغان ئۆمۈر پەلسەپىسىنى يېپىنچۇۋېلىپمۇ روھىي ئازادلىققا، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشەلمىدى. بىر زامانلاردا ئىنسان تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن ئاقچا بارغانسېرى ئىنساننىڭ ھەممە ئېھتىياج ۋە خاھىشلىرىنى ئىگىلەپ، ئىپتىدائىي ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىكى تەڭرىنىڭ ئورنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق بولغان يېگانە روھىيەت ئىلاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسان روھىيىتى ئۆز-ئۆزى ئۈستىدە تېخى ھېچنېمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاقچا توغرىسىدىكى تەخىرسىز، پۈتمەس-تۈگىمەس روھىيەت ئەسەبىيلىكىگە غەرق بولدى. بىز دەل مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئاستىدا، دەل مانا مۇشۇنداق ئېتىبارسىز تاشلانغان تېما — ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتى توغرىسىدا نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟

— ئىنسان قايتىدىن ھەقىقىي ئىلمىي ئاساستا، بارلىق دىنىي ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئىدىيىۋى قاراشلار بېسىمى ھەم چەمبەرلىرىدىن خالىي ھالدا تەتقىق قىلىنىشى لازىم؛

— سىۋىلىزاتسىيە تارىخى ئىنساننى مەركەز ۋە مىزان قىلغان ھالدا قايتىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنىشى، بىرقانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىنساننى ياتلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئېچىش، ئىنساننى تەرەققىياتنىڭ ۋاستىسى ياكى مەقسىتى قىلىش بويىچە تەلقىن قىلىنىشى لازىم؟

— ئىنساننىڭ ماددىي تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ ئېلېمېنتار ئاساسلىرى بويىچە ئالەم تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەبىئەتتىن تۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدا تەبىئەت ئېلېمېنتلىرى ۋە ئېنېرگىيىلىرىنىڭ مۇجەسسەم ھەركەتتە

تۇرغانلىقى، ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلمە ۋە پائالىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئالامەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئالامەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بىر گەۋدىلىكى ۋە ئۆزئارا ئۆتۈشچانلىقى، ئىنسان پۈتۈن كائىناتتىكى ھەممە ئاساسىي قاتلام ۋە جەريانلاردىن تۈزۈلگەن ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ئالىي مۆجىزە ئىكەنلىكى تەتقىق قىلىنىشى لازىم؛

— ئىنساننىڭ تەبىئىي، فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي كومپلېكس (مۇجەسسەم) شەيئىلىكىگە مۇناسىپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياج، ئىقتىدار ۋە خاھىشلىرى مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىنىشى، ياخشىلىق ياكى يامانلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قارىتىلىقى ۋە تىزگىنلەش (تەدبىق قىلىنىش) دائىرىسى تولىمۇ چەكسىزلىنىپ، ئىنساننى ياتلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم؛

— ئىنسان روھىيىتىدە گەۋدىلەنگەن ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشلارنىڭ زىددىيەت ۋە بۆھرانلىرى ئىنساننىڭ كامالىتى، مەدەنىيىتى، ئەقىل-تەپەككۇرىنى يېتەكچى ۋە تىزگىنلىگۈچى كۈچ قىلغان ھالدا، ئەڭ جىددىي تۈۋەن دەرىجىلىك ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشنى بەھرىمەن قىلىشنىڭ پازىل ۋە گۈزەل ئۇسۇللىرى بىلەن ھەل قىلىنىشى، نوقۇل ئۆز خاھىشىغا ئەركىن قويۇۋېتىش بىلەن ھەممىنى ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق باستۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم؛

— ئىنساننىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئىجتىمائىي خاتىرجەملىك ۋە جىنسىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت تار دائىرىدىكى خاھىش ۋە بەھرىمەنلىك ئىچىگە چۆكۈپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئېلېمېنتار تۇرمۇشتىن ھالقىغان ئۇلۇغ تۆھپىكار (ھىممەتكار) لىققا دەۋەت قىلىش لازىم. ھىممەت — ئىنسان روھىيىتىنىڭ كامىل مۇقامىدىن ئىبارەت.

— ئەخلاق — ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىنساننى تۈرلۈك بېسىملار ئارقىلىق ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشتۇرىدىغان ئاتالمىش «سىۋىلىزاتسىيە» دىن پەرقلىق يېڭىچە ھەقىقىي سىۋىلىزاتسىيە ۋاستىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشى؛ ئۇ، ئۆز پائالىيىتىنى ئىنساننىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش قاتلاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىق خاراكتېرىگە قارىتىشى لازىم.

تەبىئەت ئۇلۇغ مۆجىزە — ئىنسانىيەتنى ياراتتى.

ئىنسانىيەت — گۆدەكلىك ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرقى ماددىي مۇھىتى بىلەن روھىي دۇنياسىنى شەكىللەندۈردى. ئىنسانىيەت تېخى ياش. ئۇ ئۆزىنى ئىزدەپ تاپقىنى، ئۆزىنى مەركەز قىلغىنى، يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلغىنى، ئومۇمىيۈزلۈك كامالەتكە قاراپ راۋاجلانغىنى يوق. ئۇ ئاپەت، ئاچارچىلىق، نادانلىق، جەڭگى - جېدەل، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئەقىدىلەر ئىچىدە تەمتىرىمەكتە، ئىگىرىماقتا. ئۇنىڭ روھىيىتى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن — ھازىرقى مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن توغرا تاناسىپ. ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ تارىخىي سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن. ئىنسانىيەتنىڭ تىزگىنسىز بولغىنىشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتمىسىلا، ئىنسانىيەت روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ پازىل پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

1993- يىل 4- ئاينىڭ 21- كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

كېرەم قاسىم ئەۋجى

## ئانا

كۆز ئاچقان چېغىمدا يورۇق ئالەمگە،
جان ئانا قاندۇردۇڭ ئوغۇز سۈتۈڭگە.
«مەن ھەم ئۆز ئاناڭ» دەپ كېيىن مۇئەللىم،
پۈككەنتىڭ ئىسمىمنى يۈرەك بېتىڭگە.

باشلاندى شۇ كۈندىن مەكتەپ ھاياتىم،
سەن قۇياش مەن گويا ئاپتاپپەرەس بوپ.
سۈمۈردۈم ھەر مىنۇت سېنىڭدىن ئوزۇق،
كۈنسېرى كۈچ - قۇۋۋەت جىسمىمغا تولۇپ.

چاڭقىسام شۇ ھامان بەردىڭ سوغۇق چاي،
سوغۇقتا يېتەكلەپ، يۈزۈمگە ئۆپۈپ.
چارچىغان، ئاغرىغان كۆڭلىرىڭمۇ ھەم
سىنىپقا كىرەتتىڭ دەردىڭنى يۇتۇپ.

يېتىلدىم ئەر بولۇپ سېنىڭ قولۇڭدا،
قان - تەرىڭ ئەجرىدىن بەختىمنى ئۇتۇپ.
ئەپسۇسكى ئايرىلىپ كېتەر چېغىمدا،
بىرەلمەي قايتتىمەن ساڭا چاي تۇتۇپ.

ئەمدى مەن ئۆتىمەن گاھى ئالدىڭدىن،
يۈگۈرۈپ، ھۆركىرەپ، توپا توزۇتۇپ.
ئەمما سەن زوقلىنىپ ئۆز ئەمگىكىڭدىن،
قويىسەن چېلىشقا مېنى ئۇزۇتۇپ.

ئەي ئانا مەكتىپىم - يەتكۈزدىڭ مېنى،
ئىنسانىي غۇرۇرغا، قەدىر - قىممەتكە.
سېنىڭ دەل شۇ ئەجرى ئەمگىكىڭ ئۈچۈن
ئاتىدىم بارىمنى ۋەتەن - مىللەتكە.

•

ھاياجان ئىلكىدە كەلدىم تويۇڭغا،
شادلىقتىن قانلىرىم تومۇرغا پاتماي.
قانداقمۇ ئۆتەلەر ئەۋجى ئۆمرىدە
قەلبىنىڭ تارىنى ۋەسلىڭگە چاتماي.

## سۈرەتكە قاراپ

كىيىپسەن ئۈستۈڭگە قارا پەلتۇنى
قۇندۇزنىڭ پوستىدىن ياقا سېلىنغان.
بېشىڭدا تۇرۇپتۇ كۆرپە تۇمىقىڭ
قوزىنىڭ پۈشتىدىن تەييار قىلىنغان.

كىيگىنىڭ ئەسلىتەر قىش - زىمىستاننى
ئۆزۈڭ ھەم تۇرىسەن قىشنىڭ ئىيىدا.
كۆزلىرىڭ تىكىلگەن مەلۇم نۇقتىغا
ئېيتقىنە، تۇرىسەن كىمنىڭ غېمىدا؟

ئاياندۇر كۆزۈڭدە سىرلىق مۇئەمما
كۆزەتسەم ئەمەسسەن دىتسىز يا ياۋاش.
قەددىڭگە مەست بولۇپ، قالدىم ئويلىنىپ
ساڭا جور بولاركىن قاي بەختلىك ياش.

تۇرۇپسەن نائىنىق شېرىن ئۈمىدتە
ئانار دەك قىزارغان لېۋىڭنى ئېچىپ.
چېھرىڭنىڭ نۇرىدىن خىجىل بولۇپ ئاي
كۈندەشلىك ئىلكىدە كېتىپتۇ قېچىپ.

## ئاچچىق ساۋاق

سۈرلۈك چىراي، سىرلىق كۆزلەر تىكىلدى ماڭا
رەزىل مەقسەت، سېسىق سۆزلەر ئېيتىلدى ماڭا.
تاغار-تاغار تەنە، تۆھمەت يېزىلدى ماڭا
ھىجىيىشقان نائەھلىلەر ئېسىلدى ماڭا.

مەن ئەزەلدىن خۇپىيانە يۈرۈپ باقمىغان
بىر كىمگىمۇ قاپىقىمنى تۈرۈپ باقمىغان.
كىشىلەرنىڭ باغرىنىمۇ تىلىپ باقمىغان
ئەمدى خەقنىڭ شۇملۇقلىرى سىزىلدى ماڭا.

گەپلىرى ھېچ تۈگىمەيدۇ تىنماي ۋالاقلاپ
مېنى كۆرسە كۇسۇرلىشار كۈلۈپ - ناياقلاپ.
يۇقىرى - تۆۋەن قاترىشار كۈندە مايماقلاپ،
ئىپلاس قولدا جوڭقۇر ئورەك قېزىلدى ماڭا.

مەن دەيتىمەن: «ئىتلار شۇنداق قاۋاۋېرىدۇ،
كارۋانلارمۇ ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ.
رەقىب دېگەن ئۆز گۆرىدە قېلىۋېرىدۇ»،
بۇ ئىشەنچىم «لاي ئېدىش»تەك بىلىندى ماڭا.

ئەمدى بەس! مەن ياخشىچاق بوپ يۈرىۋەرمەيمەن،
ئەسكىلەرگە پوستۇمدىن ھەم ئورۇن بەرمەيمەن،
ئۆز گۆشۈمنى ئۆز يېغىمدا قورۇۋەرمەيمەن،
بۇ قىسمەتتىن ئاچچىق ساۋاق بېرىلدى ماڭا.

# ئۈچ شېئىر

ئەمەر ئەمەت

## يۈرەك سۆزۈم

بىر ئۆمۈر ئىشقىڭ بىلەن ئۆتسەم ھايات،
نە كېچەر كۆڭلۈمگە ئەندىش ياكى غەم.
باسسىمۇ جىسمىمنى مېھنەتنىڭ تېغى،
كۆتۈرەرمەن پالۋان كەبى دەم-بەدەم.

چۈنكى بەستىمدە تولۇق سۆيگۈ كۈچى،
سېزىمەن بۇ باپتا بىر يولۋاس ئۆزۈم.
ۋايىساشلار ئەسلىدىن قېنىمغا ياتتۇر،
يار ئۈچۈن جېنىم پىدا — يۈرەك سۆزۈم.

يولىغا جانىم تەسەددۇق-ئىنتىزار،
مەن جانانىڭ ئىشقىدا بولغاچ كاۋاپ.
كەپتۇ يارىم كۆڭلىگە كەچكەچكە مەن،
بولدى شاد كۆڭلۈم بۇنىڭدىن بىھېساب.

## جاۋاب بەر

قايرىلىپ بىر قاراپ جاننى ئالامسىز،
يۈرەككە ئىشقىڭ ئوتىن سالامسىز.
يەنە بىر باقمايلا بىقارار قىلىپ،
بۇ شەيدا يۈرەكنى دەردمەن قىلامسىز.

ئەزەلدىن جاھاندا كۆپ ئاشىق ئۆتكەن،
يالغۇزلا مەن ئەمەس بۇ دەردنى چەككەن.
ۋىسالغا يېتىشتۇر ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇ،
مەن مۇشۇ ئارزۇنى يۈرەككە پۈككەن.

ئاشىقلىق قىسسىسى سىرلىقتۇر ھامان،
سەن ئاڭا كۆيىسەن، ئۇ باشقا تامان.
بولامدۇ كۆيمىسەڭ تاپسام باشقىنى،
جاۋاب بەر، نېمىشقا ئوت سالدىڭ جانان؟!

## ھەرگىز

ئەي جانان ئەزەلدىن سېنى سۆيەتتىم،
بىلمىدىڭ قەلبىمنىڭ دەردمەنلىكىنى.
كۆيىمەن دېسەملا دىمىغىڭ قېقىپ،
سەزمىدىڭ كىمنىڭ دوست-دۈشمەنلىكىنى.

دۈشمىنىڭ ھېجىيىپ كۈلىسا ئورەك،
تىلىدىڭ سەن ئۇنىڭ ئامانلىقىنى.
مەندىكى ئىشق ئوتى كۆچكەندە ساڭا،
بىلىسەن كۆيۈكنىڭ يامانلىقىنى.

ئاتەشتە كۆيەرسەن ئىشىق يەتكەندە،
مۇڭلىنىپ قايغۇرۇپ ياش تۆكمە ھەرگىز.

سۆيگۈ - ئۇ قەلبىڭگە مۇتلەق ھوقۇقلۇق،
زارلىنىپ رەقىبكە دەرد تۆكمە ھەرگىز

# ئىككى غەزەل

مۇھەممەتئىمىن غوپۇر شەيدائىي

## بىرى

ئوخشىماي قالدىم ئۆزۈمگە سىنى كۆرگەندىن بېرى،
ئۆرتىدى ئىشقىڭ، سىنى پىنھانە سۆيگەندىن بېرى.

نە كېچە بىر ئۇيقۇ بولسۇن، كۈندۈزى نە بىر ئارام،
ئەينى بىر دىۋانە بولدۇم ساڭا كۆيگەندىن بېرى.

ئەمما سەن يۈردۈڭ خىرامان ھۆر-پەرىدەك بىنەزەر،
تاپمىدىم ۋەسلىڭنى ھېچ، ھىجرىڭگە چۆمگەندىن بېرى.

مەن مۇقالات تەكلىپى قويدۇم، بىراق سەن كەلمىگەچ،
ئاھ! دىدىم، بۇ غەم تېغى جىسمىمنى كۆمگەندىن بېرى.

بولدى ئىسمىڭ قەلب قەسرىمگە نەقىش، زىكرىڭ بىلەن،
بىر سۆيەرمەن سىنى دەپ بۇ يولدا يۈرگەندىن بېرى.

ئارزۇيۇم قاي كۈن ئەمەلگە ئاشقۇسى ھېچ بىلمىدىم،
پۇرقىتىڭدە مەن گۈلۈڭ باغىمدا ئۈنگەندىن بېرى.

بىر جاۋاب بەرگىن جانان كۆڭلۈمدە ئارمان قالمىسۇن،
تەشنا شەيدائىي جاۋابقا. ئوت سۇمۇرگەندىن بېرى.

## ھەزەر

ئەيلە دوستلار پۇل يولىدا قەلبى قانقاندىن ھەزەر،
نام ۋە شۆھرەت ئىشقى بىرلە غەمگە پاتقاندىن ھەزەر.

باي، غېنىنى دوست تۇتۇپ، پۇلدىن ئۆزۈلسە تونىماي،
«سەن بىلەن بىز دوست ئىدۇق» دىسە مۇشت ئاتقاندىن ھەزەر.

چىقمىسا پايدا شۇئان يوقسۇز قېرىنداشتىن كېچىپ،
ئانىسىنى «يۇرتلۇقۇم بۇ» دەپ، ئۇيانقاندىن ھەزەر.

بىر ھالالدا مىڭ ھارامنى ئىندىكىگە كەلتۈرۈپ،
ئۆز ئېلىنىڭ يولىغا قويغان بۇ قاپقاندىن ھەزەر.

نەپ دېسە ئەقلى ئېزىپ، ئىپپەت-نومۇستىن ۋاز كېچىپ،
بەد نىيەتلەر سايىسىدا جاننى باققاندىن ھەزەر.

ھەممىسەپەر بوپ ياز-تومۇزدا سەندە سۇنىڭ بارىدا،
چۆلدە سۇدانىڭ قۇرۇپ قالغاندا قاچقاندىن ھەزەر.

نام ئەمەلنىڭ بارىدا كۈن-تۈن سېنىڭ سايەڭ بولۇپ،
باشقا كۈن چۈشكەندە ياتقا سېنى چاققاندىن ھەزەر.

قولىغا كىرسە ئەگەر كىم ئىككى مىسقاللىق ئەمەل،
شىم قوڭىغا تار كېلىپ، ئەقلىن يوقاتقاندىن ھەزەر.

بەلكى توغراقتەك بويى، قاپلان مىسالى قۇۋۋىتى -
تۇرسىمۇ قىلماي نومۇس، ئاجىزنى سوققاندىن ھەزەر.

مەيلى بول شەيدائىي يوقسۇز، پاك ياشا ۋىجدان بىلەن،
ئەل ھەزەر! يۈز مىڭ ھەزەر! ۋىجداننى ساتقاندىن ھەزەر!

# ئۈچ شېئىر

**خانەم ئابلىمىت**

## سىرغىيدۇ تۈتۈن

كۈنلىرىم مەنىسىز ئۆتمەكتە ئۆمرۈم،
ۋەجىسىز ھەسرەتتە تولغىنىپ كۈن-تۈن.
دوزاقنىڭ ئازابى باردۇر شۇنچىلىك،
ھەتتاكى يېشىمدىن سىرغىيدۇ تۈتۈن.

تۈرىمەن خىيالنىڭ گىرۋەكلىرىدە،
كۆيلىرىڭ بوينۇمغا سالغانچە گىرە.
ئارىلاشما رەڭلەردىن سىن ئالغان سۆيگۈ،
كۆڭلۈمنىڭ پەردىسىن قايرىيدۇ بىرە.

كۆزلىرىڭ ئۈچقۇنسىز سىرلىق مۇئەممە،
قامچىلاپ تۇرۇسەن سۆزۈڭدە «يامان. . .»
ياكى چىن سۆيگۈمنى قىلامسەن ئىنكار،
نېمىشقا قىلمايسەن سىرىڭنى ئايان؟

ئۈمىدسىز ئاھ ئۇرۇپ نېمىشقا يەنە،
تىلەيمەن سېنىڭدىن كېپەنلىك سۆيگۈ؟
ياللىراق لىۋىڭدە ھېسسىز تەبەسسۇم،
تېپىلماس جىسمىڭدىن قىلچىمۇ ئىزگۈ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سۆيگۈ خىتابى

ھەر باقسام چېھرىڭگە قىيا ئەي دىلبەر،
دىلدا ھۇش، تەندە جان قالمىغان ئىدى.
قارىقىم قېنىدا قانقان نىگاھىڭ،
كۈن-تۈنلەپ ئۇيقۇمنى يالمىغان ئىدى.

بۇ ئۇنىسىز تىلىمدا قىلالتتىم نىدا:
باسقان ھەر ئىزىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي.
ۋىسالىڭ جامىدىن سۇنساڭ بىر قەدەھ-
سەن ئۈچۈن بارىمنى تەسەددۇق ئېتەي.

مەيلى ھەم بەرمىسەڭ سۆيگۈڭدىن قەترە،
بىر ئۆمۈر سېنىلا كۈتكەنچە ئۆتەي.
يار بەرسە گەر ئۆمرۈم سېنى سۆيۈشكە،
ئېچىلىپ ئارمانسىز جاھاندىن كېتەي.

## بىلىپ قال

كۆرسەڭلا سەن مېنى قىزىرار يۈزۈڭ،
بارمىدى بىر گېپىڭ قېنى جاۋاب بەر.
بېپىغلىق قالمىسۇن يۈرەكتە سۆزۈڭ،
تارتىنما، سىرىڭنى ئېيتقىن ئەي دىلبەر.

مەن سېنى كۆرسەملا تەكرار بۇ ئەھۋال،
(ئۆتۈلدى ئالدىمدىن بۇ ئىش نەچچە رەت)
بىلمەن قەلبىڭنى، سەنمۇ بىلىپ قال،
چاقمىغاي دىلىڭنى قايغۇ بىلەن دەرت.

قارچۇقۇم قېتىدا قانقان نىگاھىڭ،
ۋە لېكىن كۈزەتتىم، بىلمىگەن بولۇپ.
ئېرىتكەچ دىلىمنى ھەسرىتىڭ-ئاھىڭ،
ئۆركەشلەر يۈرىكىم سۆيگۈڭگە تولۇپ.

# ئىككى شېئىر

تاھىر سالام

## سېنى كۈيلەيمەن

قەلبىمدە مېھرىڭنىڭ گۈزەل كەشتىسى
باھاردەك گۈل - چېچەك ئاچتى رەڭمۇ - رەڭ.
باغلانغاچ دىلىمنىڭ ساڭا رىشتىسى،
كۆڭلۈمدە دەرىيادەك مۇھەببىتىڭ كەڭ.

ئاتقاندا قوينۇڭدا مۇھەببەت تېڭى،
شادلىقتىن تۆكۈلدى كۆزلىرىمدىن ياش.
سىڭگەچكە جىسمىمغا ئوت - ھارارىتىڭ،
چاپچىيدۇ، تىنمايدۇ بۇ كۆڭۈل بەڭۋاش.

## ئانامنىڭ چاق ئىگىرىشى

ئاي نۇرىدا جىمجىت كېچىدە،
چاق ئىگىرەر ئانام بىچارە.
ناخشا ئېيتار مۇڭلىنىپ ئاستا،
دىلى غەمكىن، يۈرىكى پارە.

توستى بىر چاغ ئاي نۇرىن بۇلۇت،
ھويلام تامان تاشلىدى سايە.
ھېچ ئامالسىز قويدى ئىشنى،
مەيۈسلىنىپ ئانام بىچارە.

# ئىككى شېئىر

تەلئەتجان مۇھەممىدى

## نىگارىمغا

سالام ئېيتاي ساڭا دىلبەر، كۆڭۈلنى ئاقلىتىپ يۇرمە،
خەۋەر بەرگىن ئۆز ھالىڭدىن، يەنە كۆپ ساقلىتىپ يۇرمە،
ئوتۇڭدا كۆيدۇرۇپ دائىم، يۈرەككە تاش ئېتىپ يۇرمە،
ئەلەم - ھەسرەت سېلىپ جانغا، رەقىبكە قاش ئېتىپ يۇرمە،
جۇدالىق دەملىرى دەھشەت، مېنى قان يىغلىتىپ يۇرمە!

سەھەردە ئۇيقۇدىن بىدار، ۋىسالىغا ئىنتىزار بولدۇم،
كۆڭۈل بەردىم، سىرىم ئېيتتىم، ساڭا چىن ئاشنايار بولدۇم،
پىراقىڭدا چېكىپ ھەسرەت، ئەجەپ بىچارە - خار بولدۇم،
مانا ئەمدى كۆزۈمدە ياش، سېنى دەپ شۇنچە زار بولدۇم،
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇرسام، قىيا باقماي كېتىپ يۇرمە!

پىغانىڭ ئۆرتىدى دىلنى، يۈرەكىم بولدىلەر چاك - چاك،
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ، سېنى ياد ئەيلىدىم ھەر ۋاق،
ئۆتەر يىللار، ئۆتەر ئۆمرۈم، ساداقەتتە سېنى ساقلاپ،
ئاۋال بىزلەر چىمەنزاردا يۈرەتتۇق قوغلىشىپ - تاقلاپ،
بۈگۈن غەمكىن كۈتۈپ تۇرسام، ئۆيۈڭدە شادلىنىپ يۇرمە!

بۇرۇن يىغلاپ تۇرۇپ سۆيگەن، بۈگۈن ھەم يىغلىدىم كۈتتۈم،
سەۋىر - تاقەت سولۇپ ئاخىر، كوچاڭدىن نەچچە رەت ئۆتتۈم،
ۋۇجۇدۇمغا ۋىسال پەيزى نېسىپ بولماي ئەلەم يۇتتۇم،
مۇھەببەتنىڭ بۇلاقىدىن ئېلىپ زەم - زەم ساڭا تۇتتۇم،
ئەقىدە، سۆيگۈ - مېھرىمنى ئاياقتا چەيلىتىپ يۇرمە!

مۇھەببەت جامىدا مەي بەر، دىلىم قانسۇن ۋىسالىڭغا،
خازان قىلماي باھارىمنى قۇلاق سال ئۇشبۇ ھالىمغا،
ئەجەپمۇ ئىنتىزار بولدۇم، گۈزەل ھۆسنۈڭ جامالىڭغا،
يەنە ھەرگىز چىداپ بولماس، سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭغا،
قېنى كەلگىن، سىرىڭ ئېيتقىن، پېقىرنى ئىزلىتىپ يۇرمە!

## تارىمغا مۇھەببەت

ئەي تارىم بويلىرى گۈزەلسەن ئەجەپ،
كۆمۈشتەك سۇلىرىڭ ئاقىدۇ ھەيۋەت.
ھەر قېتىم كەلسەممەن رەڭدار بويۇڭغا،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە چەكسىز مۇھەببەت.

قوينۇڭدا غۇنچە مول چىمەنزار باغلار،
ئېچىلغان رەڭگا - رەڭ گۈللەر كارامەت.
مېۋىلەر مەي باغلاپ تۇرار شۇ باغدا،
بېغىشلاپ كۆڭۈلگە ئالەمچە راھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چارۋىلار ئۇتلىشار توقايلار ئارا،
مەھەللەڭ بوستانلىق، يەرلىرىڭ مۇنبەت.
باغلىدىم چىن دىلدىن ساڭا ئىشتىياق،
ياشايمەن قوينۇڭدا شاد ـ خورام ئەبەد.

ئاقىدۇ سۇلىرىڭ بوستانلار ئارلاپ،
ئېقىنلار مىسالى بىر يېشىل زۇمرەت.
يىگەندە لەززەتلىك بىلىق گۆشىنى،
بىلىقچى تاغامغا بىلدۇردۇم رەھمەت.

ئەي تارىم بويلىرى ئانامسەن مېنىڭ،
قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ، مېھرىڭدە ئۆستۇم.
سۆيگەچكە ھەر ۋاقىت چىن دىلدىن سېنى،
مۇشكۇلات تېغىنى پەرھاتتەك بۆستۇم.

قوبۇل ئەت سوغامنى تارىم بويلىرى،
گۈزەلسەن، مېھرىبان گوياكى پەرى.
بىلىمەن قوينۇڭنى گۈلگە ئورىغان،
ئەمگەكچى خەلقىمنىڭ ئىسسىق قان ـ تەرى.

# ئىككى شېئىر

## ئايتۇرسۇن راخمان

## سۆيگۈگە لىق تولسۇن بۇ دۇنيا ـ ئالەم

سەن دەپسەن قەلبىمنى «باھار ئەمەس، قىش»،
ياق، ئوت بار باغرىمدا سەن ئۇچۇن كۆيگەن.
(يوشۇرۇن كۆيگەچكە ساڭا ئۇزاقتىن
سۆيگۈنىڭ پەيزىنى خىيالدا سۈرگەن).

سەن مېنىڭ سۆيگۈمگە ئىشەنگىن، ئەمدى،
ئېچىلسۇن مۇھەببەت گۈللىرى تولۇق.
سۆيگۈگە لىق تولسۇن بۇ دۇنيا ـ ئالەم،
چۈنكى ئۇ خۇدادۇر، ھەممىدىن ئۇلۇق.

## ئىنسان

يىگانە تۇغۇلۇپ، تەنھا ئۆلسەكمۇ ـ
«رەقىبىم» «دوستۇم» دەپ ياشايدىكەنمىز.
گاھى ئۆچ، گاھىدا ئامراق ئۆتسەكمۇ،
ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تاشلايدىكەنمىز.

گاھىدا قاقشىساق ساداقەتسىزدىن،
گاھىدا يالغاندىن داتلايدىكەنمىز.

گاھىدا خوش بولۇپ بەزى دىتسىزدىن،
كۆيدۈرگۈ سۆزىنى ئاڭلايدىكەنمىز.

ئۆتەركەن ئۆمرۈمىز ئېقىن سۇ كەبى،
دۇچ كەلسەك دوقالغا توختايدىكەنمىز.
ئاھ، ئىنسان شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكەن،
قىلدەك نەپ ئۈستىدىن قوپمايدىكەنمىز.

# سىرلىق ھايات

## مۇنايىم ھاشىم

بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇغۇلغاندا دەسلەپتە،
بەخت ـ ئىقبال يولىدا نە بارىمنى بىلمىدىم.
ھايات دېگەن «ئالدامچى» قويدى داغدا، كۆلپەتتە،
قايسى دۈشمەن، قايسى دوست ھەم يارىمنى بىلمىدىم.

سىرلىق ئىكەن بۇ دۇنيا بۆشۇكىگە بۆلەركەن،
يىغلىتىپ هەم كۇلدۇرۇپ، ئۆتەرىمنى بىلمىدىم.
ئادەم ئەقىل تاپقاندا ئۆمۇر تۇگەپ كېتەركەن،
بۇ سىرلارنىڭ تەكتىگە يېتەرىمنى بىلمىدىم.

سىرلىق هايات ئۇخلاتتى مېنى سىلاپ بەك ئۇزاق،
مەنزىل ئۇچۇن ئات سېلىپ ئۇزارىمنى بىلمىدىم.
بوستان كەبى هاياتىم خازان بولدى، مەن هەر ۋاق،
دەرد - ئەلەملەر دەستىدىن تۇزارىمنى بىلمىدىم.

ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە سەۋدايىدەك پالاقلاپ،
قارا ساقال چېچىمغا ئاق كىرەرنى بىلمىدىم.
كىرىپ هەۋەس كەينىگە كېپىنەكتەك ئويناقلاپ،
ئارزۇ - ئىقبال مايىكىم ئۆچەرنى بىلمىدىم.

«ياشلىقىم، پاشالىقىم» بەدەل بولدى هاسىغا،
ئارمانىم چوڭ، دەرمانىم يوقالغاننى بىلمىدىم.
چوڭنى كۆرسەم ئىگىلدىم، كىچىككە ئېتىپ پەشۋا،
پۈۋلەپ قويسا كۆپتۈرۈپ، راست- يالغاننى بىلمىدىم.

ياشلىقىمدا قاترىدىم كۆرگەننىلا «شىكار» قىلىپ،
نەپسانىيەت يولىدىن ئۆزگە يولنى بىلمىدىم.
يامانلىقنى يار قىلدىم، كەڭ كۆڭلۈمنى تار قىلىپ،
ئايرىيالماي «ياڭتاق»نى، قىزىل گۈلنى بىلمىدىم.

مەنسەپ كەلسەقولۇمغا يوغان بولدى بۇ نەپسىم،
شۇلۇپ ئەلنىڭ گۆشىنى، تويارىمنى بىلمىدىم.
ئەت قېچىپ مېنىڭدىن كەتسە قولدىن مەنسىپىم،
ئادالەتكە نە جاۋاب قىلارىمنى بىلمىدىم.

سىرلىق هايات ئاشۇنداق ئەللەيلىدى هامىنى،
ئۇچتۇم ساما قەهرىدە، چۈشەرىمنى بىلمىدىم.
شاھ تاجىنى كەيدۇرۇپ «گاداي»قىلدى ئاخىرى،
لەنەت «تېشى» زەربىدىن ئۆلەرىمنى بىلمىدىم.

# نەسىهەت

## ئامان ئىمىن

قارىغىن، ئاقىرىپ كېتىپتۇ چېچىڭ،
نەلەردە قالدى ئۇ سېنىڭ ياشلىغىڭ.
بولدى بەس! نەزەر سال كۆزۈڭنى ئېچىپ،
ياشا ئىنسان، ئادەم يەڭگىلىغ ياشىغىن.

بار ئىدى جىسمىڭدا ئەجدادىڭنىڭ قېنى،
يوقۇتۇپسەن ئەيشى-ئىشرەتتە ئۇنى.
بەس! هاۋابى -هەۋەسلەرنى تاشلىغىن،
ياشا ئىنسان، ئادەم يەڭگىلىغ ياشىغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەلقىڭچۇن ياشىغىن، ئىرىش غەلىبىگە،
قىلىپ قالما ئالەم ئارا كۈلكىگە.
ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىكنى تاشلىغىن،
ياشا ئىنسان، ئادەم يەڭلىغ ياشىغىن.

ئادەمىيلىك خىسلىتىنك ـ ئەپىنىڭ بىلەن
سېنى تەڭرىم قىلدى بار ئەقلىڭ بىلەن.
قاقشاپلا يۈرمىگىن قاغاپ تەڭرىنى،
ياشا ئىنسان، ئادەم يەڭلىغ ياشىغىن.

# ئۈنتۈماقچى بولىمەن بىراق...

## تۇراخان توختى (تەنھا گۈل)

ئۈنتۈماقچى بولىمەن ھەردائىم سېنى،
ئۈنتۈماقچى بولىمەن يىراق ئۈتمۈشنى.
ئۈنتۈماقچى بولىمەن پىنھاندا بىراق،
ئۈنئۈلماستىن ھەرداھىم ئەسلەيمەن سېنى.

ئاخشاملىرى كۆز يۇمۇپ ئۇخلىسام بىغەم،
كۆز ئالدىمدا تۇرىسەن ئىسمىمنى تۇۋلاپ.
خەير خوش دەپ مەن قاچتىم سەن قالدىڭ، بىراق...
ئۈنتۈلماسمەن، قارىسام ياستۇقۇمدا ياش.

ئالبۇمنى ھەررەت ئالسام قولۇمغا بىغەم،
كۆز ئالدىمدا تۇرىسەن كۆزۈمگە قاراپ.
خەير ـ خوش دەپ ياپقان بىلەن ئەلبۇمنى، بىراق...
ئۈنتۈلماسمەن يۈرەككە سالغاچ ئوت قىيناپ.

ئۈنتۈماقچى بولىمەن ھەرداھىم سېنى،
ئۈنۈتتۇم تەڭ ئوقىغان ئەشۇ ناخشىنى.
ئۈنتۈدۇم دەپ ئالدايمەن ئۆزۈمنى بىراق...
ئۈنتۈلماسمەن، ناخشام بىلەن ئەسلەيمەن سېنى.

# مۇزلىغان پۇراق

## تۇرسۇن ھەسەن

قىرو بېسىپ سولاشقان گۈلۈم،
پەيدا قىلدى يۈرەكتە يارا.
ئەگىپ يۈرۈپ چىرايلىق ئۆلۈم،
ھۇكۇم سۈردى گۈلزارلىق ئارا.

بولۇپ يېشىل يوپۇرماق تەسلىم،
كەتتى يۇمران بەرگىسى توزۇپ.

ئىزلەپ شىرىن پۇراقنى ۋەسلىم،
يۈردى ھەريان قولىنى سوزۇپ.

قويدى ئەپسۇس، كۆرسەتمەي جامال،
قارا قىشتا مۇزلىغان پۇراق.
گۈلگە قاراپ تاپالماي ئامال،
مۇڭغا پېتىپ ئويلاندىم ئۇزاق...

# قايتىش

(ھېكايە)

## ئېزىز راخمان

باغرىمغا مەھكەم يېپىشىپ بىھوش ھالەتتە ياتقىنى ئوماققىنە بىر قىز. تومۇرۇمنىڭ شىددەت بىلەن سوقۇشلىرى، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىگەن ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلانماقتا... ئۇ ئاستا يانغا ئۆرۈلدى-دە، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ بوينۇمغا گىرە سالدى:

— ئاھ! جېنىم ئېزىز، ھاياتىمنىڭ بۇ دەرىجىدە گۈزەل ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدى ئۇ ناز بىلەن ئەركىلەپ. مەن پەم بىلەن ئۇنىڭ باغىردىغىنى يېشىۋەتتىم. ئۇ مېنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى.

— سىز ھازىرمۇ ئۆزىڭىزنى بەختسىز ھېس قىلامسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ياق، ھازىر ئۇنداق ئويلىمايمەن. مەن بىر ئەرنىڭ، يەنە كېلىپ سىزدەك بىر ئەرنىڭ ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشىگە، سۆيۈشىگە ئېرىشتىم. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت. ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ، — ئۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ مېنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدى. بىردەمدىن كېيىن قىزنىڭ بەدىنى يېنىك تىترەشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئارقىغا قايرىپ كۆزلىرىگە تىكىلدىم. ئۇنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— نېمىشقا يىغلايسىز، نېمە بولدىڭىز؟ دېدىم مەن بىئارام بولۇپ.

— ھېچ، ھېچ ئىش بولمىدى، — ئۇ جىلمايدى. چىرايلىق شەھلا كۆزلىرىدە سۇس ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى، — جېنىم ئېزىز، مەن بۇ كېچىنىڭ بىر شېرىن چۈشىمىز بولۇپ قېلىشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن. مۇمكىن بولسا مۇشۇ ياتقىنىمىزچە ئۆلۈپ كەتكەن بولساق-ھە!...

— ئۇ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزۈمنى يېقىپ تۇرۇپ.

— چۈنكى سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىڭىز، ئىللىق ئائىلىڭىز بار. بىراق، مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ نېمەم بار؟ مەن سۆيۈملۈك ئادىمىمگە، يەنى سىزگە ئېرىشتىم. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق. بۈگۈن، پەقەت بۈگۈن كېچىلا... مەن... مەن يەنىلا يالغۇز قالىمەن، تەنھا قالىمەن. مەن نېمىدېگەن بىچارە-ھە!... ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ياق، سىز ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدە، يۈرىكىڭىزدە دائىم سىز بىلەن بىرگە تۇرىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئالقانلىرىم بىلەن سۈرتۈپ.

— سىز بەك سۆيۈملۈك جۇمۇ ئېزىز. ئايالىڭىز نېمىدېگەن تەلەيلىك-ھە! — ئۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ لېۋىمگە لېۋىنى باستى.

— سىزمۇ ئوخشاشلا تەلەيلىك، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ مەيۈسقىنە تەبەسسۇم قىلدى.

— ئېزىز، سىز ھاياتقا قانداق قارايسىز، — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ھايات ئازابقا ئوڭ تاناسىپ، بەختكە تەتۈر تاناسىپ. شۇڭا ئادەملەر ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياشىغاندىلا ھاياتى تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ، — دېدىم مەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — ئۇ ئۇزاق سۈكۈتكە چۆكتى، ئاندىن، — مېنىڭ بىرەر بالام بولسىمۇ ئۆزۈمنى بۇنچىلىك بىچارە ھېس قىلماس ئىدىم، — دېدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— چوقۇم سىزنىڭ بالىڭىز بولىدۇ، —

www.uyghurkitap.com

دېدىم مەن.

— قانداقچە؟ — دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ.

— چۈنكى خۇدا ھەممىگە قادىر. مەن خۇدادىن سىزگە ئېرىششىنى كېچە - كۈندۈز تىلىگەن. ئاخىرقى ھېسابتا سىزگە — سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم. سىز كېچە - كۈندۈز خۇدادىن پەرزەنتلىك بولۇشنى تىلىدىڭىز. بىز بۈگۈن كېچە بىرگە بولدۇق. بىر - بىرىمىزدىن كۈتكەن نەرسىلىرىمىزگە تولۇق ئېرىشتۇق. بۇ ئىشنى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرغاندەك قىلغان بىلەن، پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولدى. خۇدا بۇيرۇسا كېلەر مۇشۇ كۈندە ماڭا ئوخشايدىغان ئوغۇلدىن بىرنى تۇغىسىز دەڭا.

— ئەسكى، قىلىن... ئادەمنى خىجىل قىلىپ، — ئۇ يالغاندىن دومسىيىپ قويدى.

— خاپا بولماڭ، — مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىپ تارتتىم. ئۇمۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۈز - كۆزلىرىمگە بىھوش ھالەتتە سۆيۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇمشاق ئالقانلىرىم بىلەن مېھرىبانلارچە سىلىدىم. ئۇ قەلبىمگە، يۈرىكىمگە، يۈرىكىمدىنمۇ چوڭقۇر بىر جايغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتاتتى.

سەھەردە ئايالىم كۈندىلىك ئادىتى بويىچە يوتقىنىمنى يېرىم ئېچىپ يېنىمغا سىغدىلىپ كىردى-دە، بوينۇمغا مەھكەم گىرە سېلىۋېلىپ يۈز - كۆزلىرىمگە بىرقانچىنى سۆيدى. ئاندىن:

— قوپىڭە، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. ئۇخلا دېسە شۇنداقمۇ ئۇخلىغان بارمۇ. ھازىر سائەت توققۇز بولدى، — دېدى ئەركىلەپ مەڭزىمگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ.

— سىنىڭ باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ مەن بىلەن قالماي قوپە چىقىپ ئىشىڭنى قىل، — دەپلا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا كەينىمنى قىلىۋالدىم. ئاۋازىم سەل قوپال چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايالىم بىرھازاغىچە ئوڭايسىزلىق ئىچىدە سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتتى.

— بۈگۈن دەم ئېلىش بولغاندىكىن چوڭلارنى يوقلاپ كېلەيلىمىكىن دېگەنتىم، دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— مېنىڭ بۈگۈن ۋاقتىم يوق، قولۇمدىكى ئەسەرنى پۈتتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئۆزۈڭ بېرىۋەرگىن، — دېدىم پەرۋاسىز ھالدا. ئۇ بىر ھازاغىچە سۈكۈتتە قاراپ تۇردى.

— ئۇنداقتا ئەتە كېلىمەن. ئوغلىڭىزنى بولسىمۇ سۆيۈپ ئۇزىتىپ قويمامسىز؟ — دېدى ئايالىم نارازى بولغان ھالدا.

— ئۆگۈنلۈككە كەلسەڭمۇ مەيلى. ئوغلۇمنى مەن ئۈچۈن سەن سۆيۈپ قوي، - دېدىم ئىرەنسىزلىك بىلەن. ئايالىم بىرھازاغىچە لام - جىم دېمىدى. بىر چاغدا ئىشىك يېنىك يېپىلىپ ئۇ چىقىپ كەتتى. ئاياغ تىۋىشىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاستا - ئاستا قۇلاق تۈۋىمدىن يىراقلاشتى. خۇددى ئۆينىڭ ھاۋاسى يېتىشمىگەندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتىم-دە، ئۆي ئىچىگە سوغۇق نەزەر تاشلىدىم. پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدىكى ھەممە نەرسە، كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈندى. مەن كىتاب جازىسىدىن «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىنى ئوقۇماقچى بولۇپ قولۇمغا ئالدىم-يۇ، بىرەر بەت ئوقۇ - ئوقۇماستىن شىرە ئۈستىگە ئېرىنچەكلىك بىلەن تاشلاپ قويدۇم. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يېقىننىڭياقى قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان، ھېچ ئىش خۇش ياقماستىن كۈنلەپ - كۈنلەپ بىمەنە خىياللارنى سۈرىدىغان بولۇپ قالغاندىم.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم: «نېمە ئۈچۈن كۈنلەپ - كۈنلەپ يالغۇز ئولتۇرۇشنى خالاپ قالىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەردە روھىي كەيپىياتىم چۈشكۈن ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئايالىمنى كۆرسەم مىجەزىم قوداڭشىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن...» تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. «جىرىڭلىسا جىرىڭلاۋەرسۇن» تېلېفونغا بىزارلىق تۇيغۇسىدا سوغۇق نەزەر تاشلىدىم. تېلېفون توختىماستىن جىرىڭلاۋەردى. «كىمدىن كەلگەن بولغىيدى» خۇش ياقماستىن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ۋەي، سىز ئېرىزىما؟ ياخشى تۇردىڭىز-مۇ؟ ئاياللىڭىزچۇ؟ ئوغلىڭىزچۇ؟ — قارشى تەرەپ

يىقىملىق ئاۋازدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەۋاتاتتى. بۇ ماڭا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئاۋاز ئىدى.

— ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز-دە، — دېدىم روھىم كۆتۈرۈلۈپ.

— ھەئە. مېنى تونۇيالمايۋاتامسىز، ئەسكى، — دېدى ئۇ يېقىملىق كۈلۈپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ئەمەس، ھەر بىر تىنىقىڭىزغىچە ماڭا بەش قولدەك تونۇش، — دېدىم راستىمنى ئېيتىپ.

ئۇ يېقىملىق كۈلدى. ئاندىن قايتىلاپ يەنە سورىدى.

— مىجەزىڭىز قانداق؟

— ياخشى، — دېدىم ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ.

— ئەمىسە ئاۋازىڭىز باشقىچىلىغۇ؟

— ياق، نورمال.

— ئۇنداقتا بۇگۈن نېمە ئىش قىلماقچى-سىز؟

— ئۇلار چوڭلارنى يوقلاپ كەتتى. مەن ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن. ھېلىقى ئەسەرنى پۈتتۈرۈۋېتەي دەپ.

— ھېلىقى مەن توغرىسىدىكى پوۋېستىنىما؟

— بەك ياخشى بوپتۇ. مەن ھازىرلا يېنىڭىزغا ئۇنىمەن. باش قەھرىمان يېنىڭىزدا بولسا تېخىمۇ ياخشى يازالايسىز. شۇنداقمۇ؟! — ئۇنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەپەس ئېلىشلىرىدىن چەكسىز ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن. خوش ئەمىسە.

— خوش، قارشى ئالىمەن.

مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم، ھايال ئۆتمەي ئۇ كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچىنى ئەتىرنىڭ خوش پۇرىقى بىر ئالدى. ئۇنىڭ تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى قاپقارا شەھلا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بويىنىدىن قايرىپ گىلاستەك لەۋلىرىگە تەشنالىق ئىلكىدە سۆيدۇم...

- جېنىم، خوش بولۇپ قالاي. قويۇۋېتىڭ، قويۇۋېتىڭ دەيمەن ئەسكى...

ئۇ دۈمبەمگە ئەركىلەپ تۇرۇپ بوش شاپىلاقلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيەتتىم. ئۇمۇ ئاستا - ئاستا بوشىشىپ بويىنۇمغا مەھكەم گىرە سالدى... ئىشىك قاتتىق تېپىك زەربىسىدىن ئېچىلىپ يەنە يېپىلىپ قالدى. بىز ئاللاقزادىلىك ئىچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق ۋە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي بىر - بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن ئايالىم بىزنى يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا ھومىيىپ تۇراتتى. ئۇ يوتقانغا پۈركىنىۋېلىپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟ مەندە تاللاش ھوقۇقى يوق. پەقەت باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. خۇدا ئۆزۈڭ بار، دېدىم مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ئېزىز، ماڭا قاراڭە، «پوۋېستىڭىز» پۈتتىمۇ ياكى كەم قالغان يەرلىرى بارمۇ؟ — ئايالىم ماڭا زەھىرىنى سانجىپ مەسخىرىلىك تىكىلدى. بۇنداق زەھەرخەندە سۆزلەر ئەمەس، ھازىرقى رەسۋاچىلىقىمىزنىڭ ئۆزىلا مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدىم يەردىن بېشىمنى كۆتەرمەي.

— كەم قالغان يەرلىرى بولسا تولۇقلىۋالا-مدىكىن دەيمەن!

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ماڭا مەسخىرىلىك تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان، — دېدىم تەرسالىقىم تۇتۇپ. ئايالىم بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— ئەمدى ئۆي تۇتقۇدەك يېرى قالمىدى. بىز چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتەيلى. مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا بۇزۇلغىنىڭىزنى ئالللىبۇرۇن سەزگەن.

ئايالىم بويىنۇمغا ئېسىلىپ ئېزىلىپ - ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگەشتى. خەلقى-ئالەم ئالدىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئاجرىشىپتۇ دېسە، نېمىدېگەن سەتچىلىك؟!

ئوغلۇمنىڭ ماڭا ئەركىلەپ سۆۋۈنۈشلىرى

بىلەن ئىسىمگە كالدىم.

— دادا، ئەمدى سەن ماڭا شۆشىجى ئېلىپ بېرەلمەيدىغان بولدۇڭ-ھە! . . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغا تۇتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا كېلەر يىلى ئېلېكترونلۇق ئۆگەنگۈچ ئېلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇددى بىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىدىغىنىمىزنى بىلىپ بولغاندەك ۋە «بۇزۇق خوتۇنلارغىمۇ پۇلنى ئايىماي خەجلىدىڭ، ماڭا ھەتتا بىرەر ئېلېكترونلۇق ئۆگەنگۈچ ئېلىپ بېرىشكىمۇ كۆزۈڭ قىيمىدى، ئاپام بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەڭ، ئاپام مېنى ئۇنداق دادىڭ يوق دەپ مېنى مەڭگۈ ساڭا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ چاغدا سەن ماڭا يالداما ئۈچۈن بولسىمۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرەلمەيسەن. . . » دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك بىر خىل مەنە چىقىپ تۇراتتى. مەن كۆزلىرىمنى ئىختىيارسىز چىڭ يۇمدۇم، ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىققان ئۈنسىز يىغا كۆز يېشىغا ئايلىنىپ مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى. . . مېنىڭچە، بۇ يىغا قىيالماسلىق يىغىسى ئىدى. مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، ئەمما يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلغاندا ئىلگىرى كۆزۈمگە شۇنچە سەت كۆرۈنگەن ئايالىم بىردىنلا قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدىم. بىراق بولغۇلۇق بولدى. ئايالىم مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق. ئايالىم مەندىن خېتىنى ئالسا، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن. خەقلەر ئۇنىڭ ئويۇنچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بەلكىم ئۇلار ئېرىزنىڭ بۇزۇلۇپ ئالغىنى مۇشۇمىدۇ، دەپ ماڭا نەپرەتلىنەر، دۈشمەنلىرىم مەسخىرىمۇ قىلىشار. . . مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن!

ئەمدى ھەممە ئۆزگىرىدۇ، شۇنداق، مېنىڭ تۇرمۇشۇم، مېنىڭ ھاياتىم، ھەممە - ھەممىسى ئۆزگىرىدۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

لېكىن، رېئاللىق مەن ئويلىغاندەك بولمىدى.

ئايالىم لاقا - لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئاش - تاماق ۋە كىر - قاتلار يۇيۇشتا قىينالدىم، تۆت تام ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزۈمچە باش - ئاخىرى يوق خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن. ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلارمۇ، ئۇزۇلمەي دېگۈدەك ئۇرۇلىدىغان تېلېفونمۇ بارا - بارا ئازلاپ كەتتى، مېنىڭ قەلبىمنى چەكسىز پەرىشانلىق ئورىۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئائىلەمدىكى كۆڭۈلسىزلىكتىن خەۋەر تاپقان ئىدارە باشلىقىمىز تۇرمۇشۇمغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرنەچچە نۆۋەت مەن بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى، ئۇ ئاتا يوللۇق باشلىقىم بولغاچقا گېپىنى يىرغىلىمۇ بولمايتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى ماڭا ئوخشاش ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرمىگەن، تەجرىبىسىز، ساددە بىر ئادەمنى ھەقىقىي قايىل قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ كاساپىتىمدىن تارتقان جاپالىرى يېتىپ ئاشمىغاندەك، ئەر - خوتۇن ئىككىسى داستىخان قىلىپ مېنىڭ نامىمدا قېيىن ئاتاملارنىڭكىگە بېرىپ ئۇلارغىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەن، نە داۋاملىق ئۆي تۇتۇش، نە ئاجرىشىش ئىشى ئېنىق بولماي بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيگە تېلېفون كەلدى. ئىرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇبكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ۋەي، ئېرىزما؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟!

— ۋەي، سىزمىدىڭىز. ناھايىتى ياخشى تۇردۇم، — دېدىم ئاۋازىدىن ئۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ روھىم كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ.

— ئۆزىڭىزچۇ؟

ھەر ھالدا ياخشى، — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

- نېمە بولدىڭىز؟

- ھېچ ئىش بولمىدى. ئايالىڭىزغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇ ياخشى ئايال ئىدى. ئۇنى ئەكىلىۋېلىڭ، بولامدۇ؟

بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. بۇنىڭغا سىز باش قاتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ياق، سىز ئۇنى ئەكىلىۋېلىڭ. ماڭا باشقا ئىشلارنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا، — مەن ئايالىم بىلەن ئاجرىشاي، ئىككىمىز توي قىلايلى، بولامدۇ؟

— ياق، جېنىم ئېزىز، بولدى قىلىڭ. سىز ئايالىڭىزدىن ئاجرىشىپ كېتىدىغان بولسىڭىز، مەن سىزدىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىمەن. ئايالىڭىز قالتىس سۆيۈملۈك، ئۇنىڭغا ھەۋەسىم كېلىدۇ.

— سىز ئۇنىڭدىن سۆيۈملۈكقۇ.

— ياق، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. ئىككىمىز بىر ئۆيگە كىردۇق دېگەندىمۇ، ھازىرقىدەك بۇنچىۋالا ياخشى ئۆتۈپ كېتەلىشىمىز ناتايىن، بىر-بىرىمىزدىن بىزار بولۇپ كېتىمىزمۇ-تېخى! ئەڭ ياخشىسى، بىز ئىككى ئائىلىدە تۇرۇپ دوستلۇقىمىزنى قەلبىمىزدىلا ساقلاپ قالايلى.

— بولىدۇ. ئۇنداقتا سىز قانداق قىلماقچى؟

— راست گەپنى دېسەم مەن بىرسىگە ياتلىق بولماقچى. ئۇ كىم دېمەمسىز، ئۆمرۈمدە ئۆزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىرسى، مەن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئۇ ئەر ئورۇق بولامدۇ، سېمىز بولامدۇ، ئېگىز بولامدۇ، پاكار بولامدۇ، مەن ئۈچۈن بەرىبىر، — ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى،
— شۇڭا سىز بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىگۈچى بولماڭ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن!...

شۇنىڭدىن كېيىن، دېگەندەكلا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىقىممۇ سوۋۇدى. مەن بارغانچە، ئەخمىقانە ئىش قىلىپ ھېس قويغاندەك قىلىشقا باشلىدىم.

ئايالىم مېنى ئەپۇ قىلغاندىن ئېتىبارەن نېمىشقىدۇر قايتىدىن ئائىلە قۇرغاندەك، تېخى يېڭىدىنلا توي قىلغاندەك بىر-بىرىمىزگە بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆتە ئىجىل بولۇپ كېتىشتۇق. روھىم كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، خۇشال ئىدى. مەن ئۆزۈمدىكى ھەم ئايالىمدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدىم، ھە دېسە ئائىلەم چاك-چېكىدىن بۆسۈلگەن، ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، شۇڭا يېڭىدىن ئائىلە قۇرۇشۇم كېرەك دەپ يۈرگەن چاغلىرىم ئېسىمگە چۈشسىلا، ئىزا ۋە نومۇستىن تېنىم قورۇلاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمدىلا ۋاپادار ئەر، مېھرىبان ئاتا بولغىنىمنى ھېس قىلاتتىم ۋە بۇ تۇيغۇمدىن ئېپتىخارلىق ئىچىدە لەززەت ئالاتتىم.

ئايالىم گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئىككىنچىلەپ تىلغىمۇ ئالمىدى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۈندەشلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مەن ئەمدى ئائىلىدە بۇرۇنقىدەك سىقىلىش ئەمەس، بىر خىل ئەركىن-ئازادىلىك ۋە چەكسىز ئىللىقلىق، چىن مېھرى-مۇھەببەت ھېس قىلماقتا ئىدىم.

بىر كۈنى ئايالىم باغاق كۆتۈرۈپ كىردى-دە:

— ئېزىز، خۇش خەۋەر، بىرسى بىزنى كەچتە «شادلىق رېستورانى»غ تويغا تەكلىپ قىپتۇ، بارامدۇق؟، — دېدى شىتىلە كۆزىنى قىسىپ.

— كىمكەن ئۇ؟ — دېدىم ئايالىمغا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ.

— سىز تېپىپ بېقىڭا، ئۇ كىم؟ — ئايالىم ماڭا مەنىلىك تىكىلدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟

— ئۇ سىزنىڭ «پوۋېستىڭىز»، — ئايالىم مەنىلىك كۈلدى، — دوستىڭىز ئەنۋەر بىلەن توي قىلىدىكەن.

— مىجەزىم يوق. بارمايلىمىكىن، — دېدىم مەن ئەتەي تويدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسىز، بارمىساق بولمايدۇ، — ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتاتتى، — قوپىڭە، بالىنى چوڭلارنىڭ ئۆيىگە ئەچىقىپ قويۇپ ماڭايلى، — ئايالىم قولۇمدىن تارتتى.

بىر رەتلىك، پاكىز كىيىنىپ خۇددى يېڭىدىن توي قىلغان ئامراق ئەر-خوتۇنلاردەك بىر-بىرىمىزنى قولتۇقلىشىپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دەججال

(ھېكايە)

رەھىم راخمان

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەمدىلا ئۇيقۇ ئىلىنىدى-يۇ، كىرپىكلىرى ئارىسىغا ئاجايىپ بىر خىل سېھىرلىك چۈش قىسىلىپ كىردى: ئاسماننىڭ رەڭگىنى بىرنېمىگە ئوخشىتىپ بولمايتتى. يېنىك، سۇس سېرىق تۇمان ھارغىن لەيلەيتتى، قورغاق سېغىز توپىنىڭ بەتتام ھىدلىرى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. كۈن دەل پېشىن بولغان بولسىمۇ نە ئاپتىپى، نە نۇردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇ شۇ تاپتا ئاسماندىكى كونىرىغان دۇگىلەك مىس لېگەنگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

سۇۋاقسىز پاكار تاملارنىڭ كېپسەكلىرى سارغىيىپ قىرچىلىپ كەتكەن، سۇس تۇماندا ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن مەھەللىنىڭ تار يوللىرى تۇتاشقان تۆت كوچا ئېغىزى، ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە يالغۇز تۇرۇۋاتقان ھالەتتە كۆردى. يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان بىر خىل سېھىرلىك مۇزىكىنىڭ ئەۋجى مەھەللىنى بىر ئالغانىدى. چۈنكى ئاڭلىنىۋاتقىنى داقا - دۇمباق ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللىقانداق ئۇرۇپ چېلىنىدىغان سازلاردەك قىلاتتى. قاياقتىن كەلدىكىن، ئەيتاۋۇر ئەر - ئايال، قېرى - ياش، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ زىل - بوم ئاۋازىدىكى نالە ئارىلاش قىيا - چىيا، ۋاڭ - چۇڭلىرى ئاشۇ سېھىرلىك مۇزىكىغا تەككەش قىلىنىۋاتقان ئۇمۇمىي خورغا ئوخشاش ئاڭلاناتتى. ئەنە ئاشۇ تۆۋەن تەرەپتىكى ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەندەك كۆرۈنىدىغان سۇدەك سۈيۈق، سېرىق توپىلىق تار يولدىن شۇنچە ئېگىز، تاغدەك ھەيۋەتلىك بىر گەۋدە ئۇ تۇرغان تۆت كوچا ئېغىزىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ گەۋدە نېمىشقىكىن ئېشەككە تەتۈر مىنىۋالغانىدى. گەۋدىنىڭ يوغانلىقى ياكى ئېغىرلىقىدىنمىكىن ئېشەكنىڭ ئاياغلىرىنى ئاران - ئارانلا يۆتكەيتتى. گەۋدە پۇتلىرىنى ھەرقانچە يىغىسىمۇ يەرگە سۆرىلىپ قېلىپ تازا قولىشالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. سۆرىلىپ قالغان پۇتلىرى قويۇق توپا توزۇتماقتا ئىدى. چاڭ - توزان تەسىرىدىنمۇ ياكى ئەسلى رەڭگى شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ ھېلىقى گەۋدە مىنىۋالغان ئېشەك سۇس توپا رەڭ كۆرۈنەتتى.

ئەمدى ئېشەك يولىنى سەل ئۆزگەرتىپرەك ئۇنى ياندايپ ئۆتتى. شۇندىلا ئۇ گەۋدە روشەن كۆرۈندى. گەۋدە ئېشەككە راستتىنلا تەتۈر مىنىۋالغانىدى. قولىدا يالغۇز تارلىق دۇتار تۇراتتى. دۇتارغا ئارىلاپ - ئارىلاپ قول تەگكۈزۈپ قوياتتى. تارىدىن بىر خىل سېھىرلىك، تىترەڭگۈ، بوم ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. گەۋدىنىڭ تاغاق سىلىنمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان قىزغۇچ چاچلىرى يەلكىسىگە تەكشى يېيىلىپ تۇراتتى. گەۋدىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى: ئۇنىڭ شالاڭ، ئۆسكىلەڭ، سارغۇچ قاش - كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى سەل قىيسىق، خېلىلا يوغان، جىيەكلىرى قىزىرىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ۋەھىمە بىلەن مۆلدۈرلەيتتى. ئۇنىڭ مەلرەڭ قارىچۇقى بىلەن كىرلىشىپ كەتكەن داسمالدەك تۇتۇق ئېقى ئارىلىشىپ تۇراتتى. قاڭشارسىز بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرىگە بوۋاقلارنىڭ قوش مۇشتۇمى پاتىدىغاندەك يوغان كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇمران سېرىق تۈكلەر يالىلداپ تۇرغان، بولدۇرۇلغان خېمىردەك كۆپكەن، قانسىز مەڭزى، يۈزىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى تۈكلەردىن خېلىلا پەرقلىق قويۇق ۋە يىرىك سېرىق تۈكلەر قاپلىغان ئۈستۈنكى كالپۇكى

هەمدە ساڭگىلاپ تۇرغان تۆۋەنكى كالپۇكىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى ئىختىيارسىز شۈركىنەتتى.

ئېشەك ئاياغلىرىنى شۇنچە قىينىلىپ تەستە يۆتكەۋاتقاندەك، ئەمما شۇنچە رىتىملىق، خۇددى مۇزىكا ئۇدارىغا تەڭكەش قىلىپ يۆتكەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەمدى ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئېشەك مېڭىشنى تېخىمۇ ئاستىلاتتى. مۇزىكىنىڭ ئۇدارىمۇ شۇنىڭغا ماس هالدا ئاستىلىدى. هەممىسىلا ئۈزۈپ چېلىنىدىغان سازلاردەك قىلاتتى. گەۋدە ئۇنىڭغا سۈس تەبەسسۇم قىلىپ، كۆزلىرىنى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئويناتتى. ئۇ بۇ مۇزىكىنى قەيەردىدۇ ئاڭلىغاندەك ئىدى. بىراق نەدە ئاڭلىغانلىقىنى ئېنىق ئېسىگە ئالالمىدى. هازىر مۇزىكا قەيەردىن چىقىۋاتىدۇ؟ گەۋدىنىڭ قولىدا تۇرغىنى يالغۇز تارىلىق دۇتارلىغۇ؟! ئۇنىڭدىن باشقا ئاشۇ گەۋدە، ئاشۇ تۈكلىرى ئۆسكىلەڭ ئېشەكلىغۇ؟! ئېشەكنىڭ تۈكلىرىدىنمۇ-يە؟ ۋاي، خۇدايىمەي، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن!؟ ۋاي شۇ كۈنى شۇنداق بولغان دېدىمۇ، يا شۇنداق بولىدۇ دېدىمۇ، ئۇ هەرقانچە قىلىپمۇ مۇزىكىنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى هېچلا ئاڭقىرالمىدى.

ئەمدى گەۋدە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تىكىلدى. بايىقى سۈس تەبەسسۇمى ئورنىغا بىر خىل ۋەهىمىلىك تۈس ئالماشتى. كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى بىلەن ئېقى ئوخشاشلا قىزارغان، چاناقلىرىدىن مەددىمۇ، يىرىڭمۇ ئىشقىلىپ بىر خىل سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئاشۇ كۆزدە ئۆزىگە تونۇش بىر خىل سىما باردەك، ئاشۇ كۆزنى قەيەردىدۇ كۆرگەندەك هېس قىلىپ قالدى. يەنە تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ خىل هېسسىياتىدىن چۆچۈپ كەتتى هەم قورقتى.

ئەمدى گەۋدە بايىقى يەرگە سۆرىلىپ توپا-چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتقان پۇتلىرىنى يەرگە كۆچەپ دەسسىدى، يەلكىسىگە ئارتىلدۇرۇپ ئېسىۋالغان يالغۇز تارىلىق دۇتار زىل ئەۋجىلىك كۈيگە ئۆزگەردى. گەۋدە كېلەڭسىز تۇرقىغا ماسلاشمىغان قىسقا، كالتە بارماقلىرىنى ئۇنىڭغا سوزدى. ئۆسكىلەڭ تىرناقلىرىغا قويۇۋالغان خېنە سۈس قىزىل رەڭدە يالتىرايتتى، ئۇنىڭ بارماقلىرى شۇنچە تېز هەم شۇنچە چىرايلىق، خۇددى بوۋاقلارنى ئەركىلەتكەندەك شۇنچە رىتىملىق ئېچىلىپ-يۇمۇلماقتا ئىدى. گەۋدە پۈتىنى شۇنچىكى سوزا-سوزمايلا يەرگە تەگدى-دە، كۆچمەيلا ئېشەكتىن چۈشتى. ئېشەك مېڭىشتىن توختىغاندەك قىلاتتى. ئەمدى گەۋدە ئۇنىڭغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. يەنە ئاشۇ كۆز، ئاشۇ چىراي، يەنە شۇ قول، شۇ هەرىكەت. گەۋدە راستىنلا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم... گەۋدە ساناپ دەسسەۋاتقاندەك ئاياغلىرىنى شۇنچە ئاستا يۆتكىمەكتە ئىدى. ئاياغلىرى ئاستىدىن بايىقىدىن سۈس سېرىق توپا توزۇيتتى.

ئۈچ قەدەم...

ئۇ بەكلا قورقتى. كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ پەقەت ئارقىسىغىلا قاچسا بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن چېغى ئاياغلىرىنى ئارقىسىغا يۆتكىمەكچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ قەددى ئۇيۇپ قالغاندەك، ئاياغلىرى يەرگە مىخلاپ قويۇلغاندەك زىنهار مىدىر-سىدىر قىلمايتتى.

تۆت قەدەم...

گەۋدە ئۇنىڭغا قاراپ رىتىملىق قەدەم تاشلىماقتا. يەنىلا بايىقى هەرىكەت، پەقەت ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەرگەن، سېهىرلىك قاراشلىرى ئورنىنى بىر خىل جەلپكار تەبەسسۇم ئىگىلىگەن. گەۋدە ئۇنىڭغا شۇنچە هېرىسمەنلىك بىلەن كۆز تىكمەكتە، شۇنچە رىتىملىق هالدا غولىچىنى ئاستا-ئاستا يېيىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

بەش قەدەم...

ئارىلىق شۇنچە يېقىن قالدى. گەۋدە غولىچىنى بىرلا يۇمسا ئۇنى باغرىغا بېسىۋالىدىغاندەك قىلاتتى...

ئۇ بەكلا قورقتى، ئەس-هوشى يوقىلىپ چىشلىرى كاراسلىدى، بەدىنى لاغ-لاغ

www.uyghurkitap.com

تىترىدى، ماغدۇرسىزلاندى، ئۆزىنى كۆچەپ ئارقىغا ئاتتى.

— دەججال!

ئۇ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋارقىراشلىرىدىن چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى، بايىقى كۆرگەنلىرى چۈش ئىدى. ئۆي سوغۇق بولسا كېرەك، بەدىنى مۇزلىغان، ئەمما سوغ تەرگە چۆمگەنىدى. كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان، چىشلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ كاسىلدايتتى. ئۆيدە چىراغ يورۇق، تاشقىرىقى ئۆيدىن تولۇق ئىككى سىڭلىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ نىمىنىدۇر تالىشىۋاتقان ئاۋازى بىلەن تېلېۋىزوردىن ئايال ناخشىچىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئارىلىشىپ ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا ۋارقىرىغىنىمنى بىرسى ئاڭلاپ قالغانمىدۇ دېگەن ئويدا ئەندىكىپ ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ باقتى. ئۆيدە ھېچكىم يوق، چىراغ يورۇق، دەرپەردە، ئىشىكمۇ ئوچۇق ئىدى. ئۆيدىن پەقەت بىر خىل قاڭسىق پۇراقلا تارقاۋاتاتتى.

ئەمدى ئۇزۇن كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، روباشكىسى بىلەنلا ئۇخلىماقچى بولدى. ئۆي بارغانچە ئىسسىۋاتقاندەك قىلاتتى. بايىقى بەدبۇي پۇراقمۇ كۈچىيىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئورۇن كارىۋىتىدىن بىر تال يوتقان ياكى كۆرپە ئېلىپ يېپىنماقچى بولۇپ، ئورۇن كارىۋىتىغا قاراپ ھەيران قالدى: پاھ نېمىدېگەن جىق ئورۇن - كۆرپىلەر بۇ. تورۇسقا تاقىشىپتۇ. تېخى كۆز - كۆز قىلماقچىمۇ ياكى ئورۇن ياپقۇچ يوقمۇ ئوچۇقلا تۇرۇپتۇ. ئورنىدىن تۇرسىمۇ بىرەر يوتقان - كۆرپە ئېلىشقا بويى يەتمىگۇدەك... قېرىشقاندەك ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى ھەممىنىڭ تېگىگە چۈشۈپ قاپتۇ. قولىغا ئىلىنىشقان بىرەرىنى ئېلىپلا يېپىنسا، ھېلى سىڭىللىرى قولاق - مېڭىسىنى يەپ، «ئۆزۈڭنىڭكىنى يېپىنساڭ بولمامدۇ» دېيىدۇ. تايىنلىق، تېخى ئاپامۇ ئۇلارنىڭ قايمىقىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەن بۇ ئۆيدە خۇددى ئۆگەي بالىدەك يەكلىنىمەن. ئۇلار يامانلاشسا ئۇدۇل ئۆيۈمگە بارغىنى ئازدەك ئاپامنىڭ ئۆزىمۇ «ئاتاڭ تالاق قىلىۋەتتى» دەپ نەچچە يىل ئۆيۈمدە تۇرغىنى يادىدا يوقمىكىن، تېخى مېنىڭ ماڭاشىم بىلەن ئۇلارنىڭ تويلۇقىنى تەييارلىغىنىنى دېمىدىمىكىن ئۇلارغا، باللارنىڭ چوڭ بولغىنىنىڭ نېمە گۇناھى.. ۋاي تۇۋا، ماڭا نېمە بولغاندۇ بۈگۈن، ئۇخلىيچۇ بىر...

ئۇ يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈۋىدى، كۆزگە بىر يۇڭ ئەدىيال چېلىقتى ۋە پۈتى بىلەن تارتىپلا باش - كۆزىنى چۆمكەپ يېپىنىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، كۆز ئالدىدا يەنىلا بايىقى چۈش، نېرىقى ئۆيدىن تېلېۋىزوردىكى ئايالنىڭ ناخشىسى بىلەن ئاپىسى ۋە ئىككى سىڭلىسىنىڭ نىمىنىدۇر تالىشىۋاتقان ئاۋازى ئارىلىشىپ ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇ ئۇيقۇسى كەلمىگىنىگە جىلە بولغاندەك ئەدىيالنى تېپىپلا ئايىغىغا سۈرۈۋەتتى، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئىستىكىدە بۈگۈن كۆرگەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئىشقا باردى، سەككىز سائەتنى سەل بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. قورسىقىنىڭ ئورۇنسىز غولدۇرلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋاقىت خېلىلا تېز توشتى. ئۆيگە كېلىۋىدى، ئېرى پات - پات ئەۋەتىدىغان ھېلىقى ئەر - خوتۇنلار بۈگۈنمۇ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپلا ئاپىسى:

— مانا، كۆرۈپ تۇرۇشۇپلا، پۈۋلىمەي ئاغزىغا سېلىۋالغۇدەكلا قىز ئىدى، ئەمدى ئورۇقلاپ يىڭناغۇچتەك بولۇپ قالدى، ئەرگە يارىمىغان قىزىمىزنى قولىمىزغا بىرىشسىلە، قىزىمىزنىڭ ئۆزىمۇ تۇرۇپتۇ، يەنە شۇ ئەر لازىم دېسە، ئاتا - ئانام بار دەپ بوسۇغىمىزنى ئاتلىمىسۇن، — دېدى.

ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ سەل ھاياجانلانغانىدى. ئەمما ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈنمۇ ياكى ھۆرمەت يۈزىسىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئۇلارغا ئىختىيارسىزلا يېنىك تەبەسسۇم بىلەن تەكەللۇپ قىلغاندەك قىلىپ قويدى. قول باغلاپ ئۆرە تۇرغانلار ھەيران بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب كۈتتىمۇ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇشاتتى.

ئەمدى ئۇ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز كۆردى-دە، نېرىقى ئۆيگە چىقىپ تېلېۋىزور كۆرەيچۇ، دېگەن نىيەتتە ئورنىدىن قوزغالدى،

تېلېۋىزور كۆرۈش خۇش ياقمىغان چېغى، بېشىنى ياستۇققا قويدى. كەچلىك تاماق يېمىگىنى ئۈچۈنمىكىن، ئۆزىنى تاۋى يوقتەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ باش - كۆزى مەھكەم يۆركەلگەن بولسىمۇ كۆز ئالدىدا يەنىلا ھېلىقى چۈش، ھېلىقى قول باغلاپ تۇرغانلار گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، ئاپىسىنىڭ سۆزى ۋە ئېرىنىڭ پات - پات ئېيش ئورنىغا كېلىپ «تولا ئاپام ئۇنى دەيدۇ، بۇنى دەيدۇ دەۋەرمە، باللارنى يېتىم قىلىپ قويمايلى» دېگەنلىرى تەكرارلىنىۋاتقاندەك، تۇرۇپلا باللىرىنىڭ يىغلامسىراپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنگەندەك قىلدى.

ئۇ بەكلا تىت - تىت بولدى ۋە بېقىندىن بۇيان ئۇخلاشتا ئادەتلەنگەن ساناق ساناش ئۇسۇلىنى باشلىدى: بىر، ئىككى. . .

ساناق 99 غا بارغاندا، ئۇ رىتىملىق يېنىك پۇشۇلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە راستىنلا ئۇيقۇ كەلدى. كەلدى-يۇ، كۆز ئالدىدا يەنە ھېلىقى چۈش مەنزىرىسى گەۋدىلەندى: ئەمدى ئەتراپتىكى ئۆي، دەل - دەرەخلەر يوقالغان، يولمۇ غايىب بولغان، ئېشەكمۇ كۆرۈنمەيتتى، پەقەت توپىلىق تۇزلەڭلىكتە ھېلىقى گەۋدە ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. گەۋدىنىڭ بويىدىكى يالغۇز تارىلىق دۇتارمۇ يوق، گەۋدە پەقەت بويىنغا ئېسىۋالغان يوغان، سارغۇچ ئۆرۈقلۇق ئۈزۈن مارجىنىنىڭ ئۈستىگە قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن قاپاقنى ئېسىۋالغان بولۇپ، بۇلار ئوخشاشلا ھەريان پۇلاڭلىماقتا ئىدى. گەۋدىنىڭ چىرايى بايىقىدىن ئانچە ئۆزگەرمىگەن، پەقەت بايىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان چىشلىرىنى قىلىن كالپۇكى يېپىۋالغانىدى، ئەمما ئاغزى - بۇرنىدىن سۇيۇق، قىپقىزىل قان توختىماي تامچىماقتا ئىدى.

گەۋدە ئەمدى يەنە ئاياغلىرىنى يۆتكەشكە باشلىدى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك قاداپ ئاياغلىرىنى رىتىملىق يۆتكىمەكتە ئىدى. گەۋدە تۇرۇپلا غۇلىچىنى كېرىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى، ئاياغلىرىدىن پۇرقىراپ چاڭ - توزان تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئارىلىق دەل بەش ماڭدامچە قالغاندا گەۋدە چىپپىدە توختىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا ئۆزىنى گۈپپىدە تاشلىدى. پۈتۈن ئەتراپ تىترەپ كەتتى. سوغۇق شىۋىرغان ھۇشقۇيتقاندەك بىر خىل ۋەھىملىك ئاۋاز ياڭرىدى، يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان ئاچچىق پەريادلار دەستىدىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى، بۇرنىغا بىر خىل ئۆتكۈر قاڭسىق پۇراق گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— ئاپا!

ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر پۇتى بىلەن قولى كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئۈستىگە يېپىنىۋالغان ئادىيالمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۆي ئىچى مۇزلاپ كەتكەن، ئۆينى بىر خىل قاڭسىق پۇراق — قاننىڭ سېسىپ كەتكەن پۇرىقى بىلەن ئاچچىق تەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى قاپلىغانىدى. ئۆيدە چىراغ يوق، دەرپەردە، ئىشىكمۇ ئوچۇق، تاشقىرىقى ئۆيدىكى تېلېۋىزوردىن جاز مۇزىكىسىنىڭ بوم ئاۋازى ئۈنلۈك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچ نەسر

ئاسىيە ئابدۇرېھىم

## ئارخىپ

ھاياتىم سىرلىق قايغۇسىنىڭ ئۈنسىز تىپىرلاۋاتقان تەنھا يۈرىكى بىر كۆرۈنگەن خىرە ئۈمىد يۇلتۇزىدا، ۋىسالسىز قەدەھنىڭ قۇرۇق ئىستەكلىرىدە تىلەكسىز ئۆلدى.
مەن كۆمۈلگەن يوللاردىن يوقالغان ئىزلىرىمنىڭ مەڭگۈلۈك قايغۇسىنى ئىزلەش ئۈچۈن چېچەكسىز قاقشال دەرەخزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتىمەن. . . ۋۇجۇدۇمدىكى تۇغما مۇقەددەس ئىپار پۇراقلىرى پاكلىقىمنىڭ ئۈچۈۋاتقان چۈشتەك گۈزەل سۈرىتىدۇر. باھاردىكى چۈشۈم مۇقەددىمىسى بارلىق شېرىن ۋىسالنىڭ ئەركىنلىك ئىلاھىدۇر.
مەن نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئاق شايىغا ئورالغان، ئاق قارلاردەك ئۇخلاۋاتقان تېنىمدە ھاياتلىقىمنى سۆيدۈم. . .
ئاخىرەتلىكىم مېنىڭ سەرسان بولغان سۆيۈلۈشۈمگە تولغىنىپ بىر ۋاقىتسىز تەشنالىقنىڭ ئاچچىق ئازابلىرىغا قايغۇلۇق خاتىمە بەردى.
ئەلۋىدا! . . .
ئۆلۈۋاتقان، ئۆلۈم سايىسىنىڭ پاكلىق تۇمانلىرىغا كۆمۈلگەن ھەسرەتلىك سۆيگۈم.
بىر خىل كۆرگىلى ياكى تۇتقىلى بولمايدىغان ئىچكى ئازاب مېنى تىنىمسىز قىينىماقتا.
مەن دۇئىلدا ئۇق يېگەن بەختسىز ئاشىقتەك ئۈمىدسىز يىغلايمەن.
قايغۇ ـ ئازاب كۆز ياشلىرىمنى سۆيمەكتە، مەن قەدەھتىكى سوغۇق مەيدەك دەھشەت بىلەن يەرگە ئۇرۇلدۇم. كۇكۇم ـ تالقان بولغان سۇنۇقلىرىم يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. بىردىنلا بورنۇمغا يېڭى بىر ھاياتنىڭ تىنىقلىرى ئۇرۇلدى، بۇ تۇپراق ھىدى ئىدى.
مەن سەپەر ھاردۇقلىرىدەك كۆڭۈلسىز چۈشلىرىم بىلەن خۇشلىشىپ قۇشتەك قېقىلدىم. گۈزەل خىياللىرىم رېئاللىقنىڭ يوشۇرۇن خادا تاشلىرىغا سوقۇلۇپ دېڭىزدا غايىب بولدى.
تىمتاس سۈكۈتتە ھاياتىمنى قۇچاقلاپ قالدىم. . .
مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسى يۈرىكىمدىن تارىلىپ روھىمنىڭ مىسكىن، تىترەڭگۈ ئاھاڭلىرىغا نامازشام كۆلەڭگىسىدەك يۆگەشتى.
تەشنالىقىم يوقىتىشنىڭ ئەدەبىيلىك تىمتاسلىقىدا قەبرەمنى قۇچاقلاپ قالغان روھ.
تەنھالىقىم خىرە يېنىپ تۇرغان كۇلرەڭ تۇمان. . .

## مەست روھىم، غەرق مەست

يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان، ئۇيقۇسىز چۈشلىرىمدە يېنىك ئۈچۈۋاتقان زادى كىم؟
تىمتاس گۈگۈمنىڭ ئاقۇش شولىسىدا ئازابلىرىمنىڭ قاراڭغۇ روھىنى ھىدلاۋاتقان يەنە كىم؟
تەقدىرىمنىڭ ئۇۋاق قەبرىلىرىگە ئۈنسىز شىۋىرلاۋاتقان، غېرىبانە جەستىمگە سىرنىگۈللەرنىڭ

خۇش پۇراقلىرىنى پۇراتماقچى بولغان يەنە كىم؟

مەن تىنىمسىز خىياللاردا كېتىۋاتىمەن، قەلبىم ئاچچىق ھېسلار بىلەن تولغان. مەگزىمدە سوغۇق بىر تامچە ياش قېتىپ قالغان، بۇ ئاداققى ھىجراننىڭ يىلىنجىشى. مەن ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالغان مەجرۇھ. ھاياتىم يىراق - يىراقلاردا ئۈمىدسىز يىغلاپ يۈرگەن سەرسان قۇش.

سەرسان بىر زارىقىش روھىمنىڭ ئۆزۈك - ئۆزۈك ئىچكى پەريادلىرىغا ئۇرۇلماقتا. . .

مەست روھىم، غەرق مەست.

پارە - پارە بولغان ھاياتىمنىڭ سۇنۇقلىرى كۆيۈپ ماتەم تۇمانلىرىدەك تىترىگەن يۈرىكىمنىڭ زەرداپلىق كۆز ياشلىرىدا ھاياتلىقتىن يوقالدى.

قوۋناق چۈشلىرىم ئۈمىدسىز سېغىنىشنىڭ چەكسىز پەريادلىرىدا، ئۇيقۇسىز سۈكۈناتتا سۇبھىنى چۈشىگەن ئازاب.

ئوتلۇق بىر ئۇچقۇن ئۆكسىگەن ئۈمىدسىزلىكىمدىن تىنىپ قالغان قايغۇ.

كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن زەررەك نۇرلار بارلىق گۈلگۈن ئارمانلىرىمنىڭ ئازغان تىلىكى.

خەيرلىك ئۆلۈم، يۈرىكىمدىن سۆيگەن بەختىمنىڭ ئىشق ۋىسالى.

ھەقىقىي مۇھەببىتىم تىرىلمىگەن ئەسلىمىلىرىمنىڭ قەبرە گۈللىرى قېتىدىكى زەئىپ تىنىق.

مېنىڭ بىر جۈپ لەۋلىرىم لىپمۇ-لىق تولغان شېرىن ئازاب شارابىنى سۇمۇرىدۇ. مۇھەببەت رېڭى دېڭىزدەك چەكسىز يىراقلىششىمغا ئىنتىزار چۈش، ئۇ دېڭىز چۈشى.

ئاخىرەتلىك سۆيۈلۈشۈم ئاچچىق سۈكۈناتنىڭ تىنىقىدىن چىققان سەۋدا پەرياد.

خىياللىرىم ئاشىقلىقنى سۆيگەن، مەن تىنچىسىز خىياللاردا كېتىۋاتىمەن. مەست روھىم، غەرق مەست. . .

## روھ

مەن بىر كېچىدىلا تامامەن قارا تۇپراقتا چىرىگەن ئۆلۈككە ئوخشاپ قالدىم. ئىسكىلىتتەك ئۇزۇن بارماقلىرىم بىلەن چېھرىمنى سىلىماقچى بولغانىدىم، بارماقلىرىم توسالغۇسىزلا قارچۇقسىز كۆزلىرىمنى تېشىپ ئۆتتى. مەن ئەينەكتىن چىشلىرىم تۆكۈلگەن قانسىز لەۋلىرىمنى كۆردۈم. مەن مىڭبىر مۇشەققەتتە مۇدۇرۇپ قوپۇپ كۆز ئالدىمدىكى ئەينەكنى پارچە - پارچە قىلىپ چېقىپ مۇھەببەت بىلەن تۇغۇلغان قەلبىمنى بەخت ئۆيىگە سۆرەپ باردىم. بەخت ئۆيى ئاللىقاچان مەندىن يىراقلاشقانىكەن. . .

مەن يىغلىدىم. . . يۈرىكىمدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدىم. . .

مەن ياكى توۋلىيالمايمەن، ياكى مەۋجۇتلۇقىمنى ساقلىيالمايمەن.

جۇل - جۇل سىياقىمدىن چەكسىز ئازابنىڭ ئاچچىق پىغانلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

روھسىز تېنىم سۆيگۈ سىناقلىرىنىڭ قاتمۇ - قات دەھشەتلىرىدە جان بەرگەن، جىلۋىدار ئۈمىدۋارلىقىم پاجىئەلىك قاراڭغۇلۇقتا سۇنغان، ئىپپەتلىك ياشلىقىم ئەرزىمەس قۇربانلارنىڭ شاھىدى بولغان، تۈگىمەس تەنھالىقىم ئۈمىدسىز نالەمگە مەڭگۈلۈك مۇڭداش بولغان، تىنىمسىز كۆز يېشىم خىلۋەت جۇدالىقتا ئەسىر بولغان بۇ پەيتلەردە مەن ئۆلۈمۈم بىلەن ئەبەدىيلىك خوشلاشتىم. . .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# نەسرلەر

پاتىگۈل سەمەت

## سوۋغا

بۇ دۇنيا نېمىدېگەن مۇرەككەپ -ھە! تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلارغا سوۋغا قىلىدىغان نەرسىلىرىمۇ خىلمۇخىل، گاھىدا تاتلىق، گاھىدا ئاچچىق. بىز ئۇلارنى غىڭ قىلماي قوبۇل قىلىدىكەنمىز، ئەمما بىز تۇرمۇشقا زادى نېمە سوۋغا بېرەلەيمىز؟...

## ئۆلۈم ۋە ھايات

ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ سايىسى بۇ دۇنيادىن يوتكىنى يوق، مەن ھاياتمەن، ئەمما مېنىڭ سايەم تۈگەل جىسمىممۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس.

## مەن ئۆكسۈپ يىغلىماقتىمەن

مەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئاچچىق يىغلاۋاتىمەن، مېنىڭ بۇ يىغامنى ماڭا كەلگەن دەرد - ئەلەمدىن دەپ قالماڭ، مەن پەقەت مۇشۇ گۈزەل دۇنيادا ياشاۋاتقان بىر ئىنساننىڭ پۇل، ھوقۇق - مەنپەئەتنى دەپ ئۆز ئانىسىنى - ئاشۇ پەرىشتە سۈپەت، مېھرىبان، سۈت ئىگىسىنى خارلاپ، تايانچىسىز تاشلىۋەتكەنلىكىگە يىغلاۋاتىمەن. ئېيتىڭلارچۇ، كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ...

## بەخت گۈلى

سەن مەڭگۈلۈك بەختنىڭ شېرىن تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن مەستخۇش بولۇۋاتامسەن؟ مەڭگۈلۈك ئازاب بولمىغىنىدەك، مەڭگۈلۈك بەختمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر ئۇ مەڭگۈلۈك دېيىلسە ئۇ ھالدا ئۇنداق بەخت گۈلى ھۆپپىدە پورەك ئېچىپ، ھەريان خۇشبۇي چېچىپ تۇرىدىغان چىن، ھەقىقىي گۈل بولماستىن بەلكى سۇلماس، پۇراقسىز سۇلياۋ ياكى سۈنئىي گۈلدۇر.

## يۈك

مەن ئىنتايىن ئازابلانغان، قەلبىم ئېغىر جاراھەتلەنگەن بىر ئادەممەن. مېنىڭ خۇشال چاغلىرىم ناھايىتى ئاز، مەن ئۆزۈمنى گاھىدا ئاجىز ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشىتاتتىم، بىراق، بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ ھەسەل ھەرىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاجىز ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. ھايات بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىشەنچەمنى يوقاتمىغاندەك قىلساممۇ، يەلكەمنى ئاللىقانداق بىر يۈكنىڭ مەھكەم بېسىپ قەددىمنى پۈكۈۋاتقىنىنى، مېنى يىقىتماق بولغاندەك بارا - بارا يەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىۋاتقىنىنى ھېس قىلىمەن، ئەمما ئۇ يۈك زادى نېمە، بىلمەيمەن.

# ئۇپۇق

(ھېكايە)

### ئۆمەرجان سامساق

كۈز پەسلى، ئۇ ئادەملەرگە ئۇنتۇلغۇسىز مول ھوسۇل شادلىقىنى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە زىمىستان قىشنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتىدىغان رەھىمسىز سوغۇقلىرىنىمۇ ئەسكە سالاتتى.

مەن باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ھويلىدىكى تامغا ئېسىلغان ئەينەككە قاراپ بىرتىۋا بىلەن تىكەندەك ئارۋاڭ - سارۋاڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتىمە-نى ئېلىشقا تۇتۇش قىلدىم. كۆزۈم ئەينەكتە تۇرغىنى بىلەن ئۆزۈم ئېلىۋاتقان بۇرۇت - ساقىلىمغا ئەمەس، بەلكى ئەينەكتە ئەكس ئېتىۋاتقان قىزلارنىڭ تامدىكى سۈرەتكە قادالغان... بەدەنلىرى بېلىقتەك تولغان مودا قىزلار... ئېڭەكمىنىڭ ھەرە چاققاندەك ئېچىشى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ، كېسىلگەن جايغا قەغەز چاپلاپ قويدۇم. كۆڭلۈمدە يىراق-تىن كۆرۈنگەن ئۇچقۇندەك بۇ ساھىبجامال نازۇك قىزلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى، ناۋادا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قالسا توي قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

— كۈزگى بوغدايغا سۇ قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى دادام ئۆيدىن چىقىپ.

— ھەئە... ھەتتا يېڭى ئاچقان بوز يەرگىمۇ سۇ قويۇپ بولدۇم.

— ئۇلۇشكۈن گەپ قىلسام تېخىچە زۇۋان سۈرمەيسەن، سەن زادى توي قىلامسەن - يوق؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىرگەپ بولار دادا، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار...

— نېمە؟ سەن يەنە تېخىچە بوز يەر ئېچىش خام خىيالىدا يۈرەمسەن؟ ساڭا نېمە جىن تەگدىكىن، نە كەتمەنگە يارىمايسەن، نە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلمەيسەن، جايىڭدا ئولتۇرۇپ بەڭگىدەك نەدىكى يوق خىياللارنى قىلىسەن، شۇ ھالىڭغا بوز يەر ئاچقىلى، دېھقانچىلىق قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۆيلەپ قويايى دېسە، يا ئادەم تارتقان يەرگە كەلمەيسەن، چېچىنى سېرىق بويىۋالغان مودا قىزلار بىلەن توي قىلغۇڭ بارمۇ-يا سېنىڭ.

— دادا، ئۆزۈڭچىلا كايىپ كېتىدى-كەنسەن، مېنى توي قىل دەپ قىستىغىچە تويۇمغا ئاتاپ يىققان شۇ پۇللىرىڭنى مېنىڭ قولۇمغىلا بەرگىن...

— نەستە يىققان شۇ پۇلنى كېرەكسىز توپىغا ئايلاندۇراي دەمسەن؟ — دېدى دادام گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ.

— بولدى قىلساڭلىچۇ دادىسى، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەيلى، — دېدى ئانام ئارىغا چۈشۈپ، — بىزنىڭ نەسىھەتىمىزگە كۆنمىگەندىكىن، ئۆز تويىغا ئاتاپ يىققان شۇ پۇلغا موتو ئالامدۇ، خوتۇن ئالامدۇ ياكى دۇكان ئاچامدۇ، بوز يەر ئاچامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى، قولىغا بېرىپ قۇلاقنى تىنجىتايلى، — ئانام بىر پىيالە قىزىق چاي قويۇپ دادامنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئۆيىمىزدە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن دادام بىردىنلا ئاللىقانداق بىرنەرسە ئېسىگە كېچىپ قالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى - دە، ھايالشمايلا بىر پارچە چەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ خوددى دوق قىلغاندەك ماڭا ئۈن - تىنسىز تەڭلىدى:

— مە، — دېدى دادام ۋە مېنىڭ چەكنى ئالماي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، — شۇنىڭ بىلەن توگەشتۇق، ئەمدى بۇ پۇلنى

شامالغا سورىۋېتىپ ئەتە - ئۆگۈن ئۆيلەپ قوي دېسەڭ، گەپىڭ جېگىنى قىلمىساق بولمايدۇ، پۇل يوق.

نېمىلا بولمىسۇن پۇلنىڭ ئېپىنى قىلالىغىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. «يېرى يوقنىڭ جېنى يوق، يېرى كۆپنىڭ يۈركى توق» دېگەنىكەن كونىلار، ئەمدى قانداق قىلىدىغىنىمنى دادامغا بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام.

* *

كەچكۈزنىڭ قىزغۇچ شەپىقى جاھاننى بىر ئالغان، ھاۋا شۇقەدەر ئۇچۇق بولسىمۇ ئادەمنى ئەندىكتۇرۇپ سەل تۇتۇلتاتتى، مەن ئاخىرقى قېتىم يىغىۋېلىنغان پاختىنىڭ پۇلىنى ئالغاندىن كېيىن مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا بوز يەر ئاچىمەن، يەر تېرىيمەن دەپ تارتقان جاپالىرىم ۋە ھالال تەرىم بەدىلىگە كەلگەن بىرنەچچە يۈزمىڭ يۈەن كىرىملىرىمدىن سۆيۈنگىنىمچە پاختا شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاشخانىغا كىردىم. تار ئاشخانىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ ئىسسىق تاماقنى يەپ بولغۇچە يۈز - كۆزلىرىمدىن شورۇلداپ تەر قۇيۇلدى. قولياغلىقىم بىلەن تەرلىرىمنى سۈرتكەچ سىرتقا چىقتىم - دە، موتسىكلىتىمنى ئوت ئالدۇرۇشقا كىرىشتىم:

— نەگە بارىسىز؟ — ئارقامدىن يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، چىرايلىق بىر قىز تۇرۇپتۇ.

— ئۆيگە، — دېدىم مەن بۇ ناتونۇش قىزغا قىزىققان ھالدا قاراپ.

— قايسى كەنتكە بارىسىز دەپ سوراۋاتىمەن، — دېدى ئۇ قىزارغان ھالدا سەل ئاچچىق قىلىپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ. شورلۇق كەنتكە بارىمەن، — دېدىم ئوڭايسىزلىنىپ.

— مەنمۇ شۇ كەنتتىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدىم. ناھىيە بازىرىدىن بۇ يەرگىچە قاتناشتا كەلدىم. ئۇ تەرەپكە ماڭىدىغان نەرسە چىقماي بەك ساقلاپ كەتتىم. ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز مېنىمۇ ئالغاچ كەتسىڭىز.

— بولىدۇ، بۇنىڭ مالال كۆرگۈدەك نېمىسى بار. قېنى مەرھەمەت، — ئۇ بەكلا ئۇچۇق - يورۇق قىزكەن، بىز يول بويى قىزغىن پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆز پىلانىم بويىچە يېڭىدىن كېڭەيتىپ ئاچماقچى بولغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا شورلۇق تۇپراققا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باتۇرجان، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، غوپۇر ئاكا. بۇياققا قەدەمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ، سىزنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ ۋە بىردىن غوپۇر ئاكامنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— مۇشۇ رازىيە قىزىمنىڭ شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدى دېگىنە، — دېدى غوپۇر ئاكامۇ جاۋابەن، بۇ چاغدا تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان رازىيەنىڭ يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— باتۇر، سېنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭ يېزىدىكىلەرنىلا ئەمەس، شەھەردىكىلەرنى- مۇ ھەيران قالدۇرۇپتۇ، ئۇمۇ ئىش - ئىزلىرىڭنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن چېغى، بىر ئوبدان شەھەرنى تاشلاپ، بىزنىڭ بۇ سەھراغا ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلدى. كەسپىڭلارمۇ ئوخشاشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رازىيەنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش بوز يەر ئاچقۇسى باركەن، شۇ تەرەپلەردىن يول كۆرسىتەمىكىن دەپ قېشىڭغا باشلاپ كەلدىم، — دېدى

— سىز يېزا ئىگىلىك تېخنىكۇمىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت تەقسىم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماي يەر تېرىپ ئىگىلىك تىكلەپسىز. نامرات دېھقانلارغا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا، يېزا ۋە كەنتتىكى بەزى ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاشقا كۆپ ياردەم

قىلىپسىز. لېكىن مەن سىز ئىكەنلىكىڭىزنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن، — دېدى رازىيە ھاياجان ئىچىدە.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— رازىيە شەھەردىكى ئاچامنىڭ قىزى بولىدۇ، — دېدى ئاڭغىچە غوپۇر ئاكام سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇنىڭ تەلپى بويىچە يەرلىرىڭنى كۆرگىلى كېلىشتىمىز.

— سىزمۇ بوز يەر ئېچىشنى نىيەت قىلغان بولسىڭىز ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، بىزدەك ئوقۇغانلار مۇشۇنداق تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەرنىڭ غېمىنى قىلمىساق، بىكار قىلىنىۋېرىدۇ. قاراڭ، ئاۋۇ يەرلەرمۇ نېخىچە شورلۇق يەر دەپ قارىلىپ، سالالاشتۇرۇلمىدى، ئۆزۈم يالغۇز ھەممىگە يېتىشىپ بولالمىدىم. شۇ يەرلەرنى كۆرۈپ باقامسىز؟ — دېدىم مەن رازىيەگە قول ئىشارىسى بىلەن يەرلەرنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، كۆرۈپ باقاي، مېنىڭچە سالا ئېتىزلار بىر يەردە بولسا سۇ باشلاشقىمۇ، تېرىم - يىغىم ئىشلىرىغىمۇ قولايلىق، — دېدى رازىيە ماڭا قاراپ.

— بۇ يەردىكى دېھقانلار يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلمايدىكەن، — دېدى قىز، — خىمىيەۋى ئوغۇتنىمۇ تۇپراقنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بەرمەيدىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى، بەزى دېھقانلار ئۆزىنىڭ ھۆددىگەرلىك يېرىنى ئۆزى تېرىماي باشقىلارغا سېتىپ بېرىدىكەن.

— ھەي، رازىيە، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار دەڭا؟ بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئەتىياز ۋاقتى يانچۇقتا يېتەرلىك پۇل بولمىسا دېھقانچىلىق قىلىش تەس گەپ. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزىلاردىكى دېھقانلارغا بېرىدىغان تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىغا ئېرىشمەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس.

قىزنىڭ ئاپئاققىنا، نۇرلۇق چىرايىدا تۇساتتىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى:

— ئۇنداقتا، سىز بۇ يەرلەرگە مەبلەغ سېلىشتا پۇلنى قانداق ھەل قىلدىڭىز؟

— ئاتا - ئانام مېنى ئۆيلەيمەن دەپ يىققان پۇللارنى دەسمايە سالدىم، يەنە بىر قىسمىنى بىر ئامال قىلىپ قەرز ئالدىم.

— ھەي باتۇرجان، يەر تېرىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، توي قىلىشنى ئۇنتۇپ قالما يەنە، — دېدى غوپۇر ئاكام دولامغا ئۇرۇپ.

— مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار. مۇشۇ شورلۇق يەردىن قايسى چاغدا چوڭراق پايدا ئالغاننىڭ ئەتىسى چوڭ ئوچاقنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىشى مۇمكىن، — دېيىشىمگە ھېلىقى قىز ماڭا يەر تېگىدىن لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— بەك توغرا ئويلاپسىز! دېھقان باللىرىنىڭ ئىچىدىمۇ سىزدەكلىرى چىقىدىكەن - ھە، — دېدى.

مەن قولاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن قىزنىڭ ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈشى مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ھەم مەسخىرىلىك تۇيۇلدى. بۇ شورلۇق تۇپراقتا مۇنداق گۈزەل قىزلارنى كۆرۈش بولسا بىزدەك چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان، پۈتۈن بەدىنى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن لاي پاچاق يىگىتلەر ئۈچۈن غايەت زور گۈزەل شەھەرنى كۆرگەندەك ياكى زىمىستان قىشتا بەرق ئۇرۇپ ھۇپپىدە ئېچىلغان چىرايلىق بىر گۈلنى ئۇچرىتىپ قالغاندەك ھەم تاسادىپى، ھەم خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. مەن ئۇ قىزغا تارتىنىش ئىچىدە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئوغرىلىقچە قارايتتىم. غوپۇر ئاكام ئۇ قىز بىلەن ئۆي تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ قىز پات - پاتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا قارايتتى. مەن بولسام خۇددى ئېتىزغا قاداپ قويۇلغان قارانچۇقتەك ئۇ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالغاندىم.

www.uyghurkitap.com

*　　*

باش ئەتىيازنىڭ كېلىشىگىلا غازلار جۈپ - جۈپى بىلەن سەپ تارتىپ ئۇچۇپ كېلىپ كۆزگى بوغداي ئېتىزلىرىغا دانلاشقا چۈشتى. قانداقتۇر تورنىلارغا قاراپ ھەۋەسىم كېلەتتى. كۆڭلۈمدە مېنىڭ بىلەنمۇ جۈپ بولۇپ ماڭغۇدەك بىرەر قىزنىڭ بولۇشىنى ئويلىغىنىمدا شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا غوپۇر ئاكامنىڭ ھېلىقى سىڭلىسى كېلەتتى - دە، ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل تاتلىققىنە خىياللاردا بولۇپ كېتەتتىم. يۈرىكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن پىژىلداپ كۆيگەچكە بەزى كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتىم. ئۇ قىزنىڭ زىلۋا بوي، ئاق پىشماق چىرايى، قاپقارا خۇما كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگىنىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ نېمىلا قىلغان بىلەن مىشچان شەھەر قىزى. بىزدەك سەھرالىق تومپايلارغا بەرىبىر ئاش بولالمايدۇ - دە! كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادىتىم بويىچە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈككە چىققىنىمدا باش باھارنىڭ كەچلىك ھاۋاسىدىن ھوزۇرلانغاچ پاراڭغا چۈشكەن بىرنەچچە ئاغىنەم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «غوپۇر ئاكامنىڭ ھېلىقى گۈزەل سىڭلىسى يەنە كەپتۇ، ئۇ بەك چىرايلىق قىز ئىكەن جۇمۇ! قايسىبىر مۆڭگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەر. . .» دېيىسە، يەنە بەزىلىرى «تېخى شۇ ھالىغا يەر ئېلىپ تېرىغۇدەك» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا «دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قالتىس بىڭسىسى بار ئىمىش» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. ئۇلار مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ:

— ھە، كېلىڭ باتۇر، سىز داڭلاپ كەتكەن ھېلىقى گۈزەل قىز يېزىمىزغا كۆچۈپلا كەپتىمۇ - نېمە؟— دېدى ئام قوشنىمىز ئەختەم.

— كەلسە ياخشى، قارشى ئالىمىز، — دېدىم مەن توپ ئىچىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ئاجايىپ ئىش باتۇرجان. بۇرۇن كىشىلەر يېزىدىن شەھەرگە قاچاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا بىر قىسىم شەھەرلىكلەر شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا يەر تېرىغىلى كەلگىنى بەك قىزىق، — دېدى ئارىدىن بىرسى.

— پۇل كىمگە ئاچچىق دەيسەن. پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، ئۇنىڭ سەۋەبىنى باتۇرجاندەك كۆپ يەر تېرىپ جىق پۇل تاپقان بايۋەچچىدىن سورىساڭلا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. كىم بىلىدۇ، يەنە 6-5 يىلدىن كېيىن مۇشۇ يېزىدا باتۇرجان چوڭ يەر ئىگىسىگە ئايلىنىپ بىزنى ئىشلىتىدىغان پومېشچىك بولامدۇ-تېخى!

— ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

ئۇ قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم يەنە باشقىدىن گۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇنى تېزرەك كۆرۈش ئارزۇيۇم بارغانچە كۈچىيىۋاتاتتى.

قۇياشنىڭ ئىللىق تەپتى زېمىننى ئىللىتماقتا ئىدى. ياپيېشىل سۆگەت چوكانتاللىرى مەيىن شامالدا ئۇسسۇلچى قىزلاردەك ناز - كەرەشمە بىلەن تولغىناتتى. مەن موتسىكلىت بىلەن قۇم ياقىسىدىكى يېڭىدىن ئاچقان بىنەم يەرگە ماڭماق بولۇپ مەھەللە چوڭ يولىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە توساتتىنلا رازىيە ئالدىمغا پەيدا بولدى. بەدىنىمگە چىپمۇ - چىپ كەلگەن نېپىز كىيىملىرىدىن ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ئىنچىكە ئەۋرىشىم بېلى، تولغان ساغرىسى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. يۈرەكلىرىم يايراپ كەتتى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا موتسىكلىتنى جىددىي تورمۇزلىدىم.

— ئەجەب قورقىتىۋەتتىڭىز، سىزمىدىڭىز؟ نەگە ماڭدىڭىز؟— دەپ سورىدى ئۇ ئوماققىنە كۈلۈپ.

— قۇم ياقىسىدىكى بىنەم يەرلىرىمنى كۆرگىلى. . . سىزچۇ؟

— مەنمۇ شۇ تەرەپكە يەر كۆرگىلى ماڭغان.

— قېنى، موتوغا مىنىڭ، — دېدىم ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ كەينىمگە مىنگەشتى. موتو قانچە تېز ماڭغانسېرى ئۇ ماڭا شۇنچە چاپلىشىپ ئولتۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن بەدىنىمگە بىرخىل ئىللىق هارارەت تارقىلاتتى.

— سىز بۇ يەرگە يەنە كەپقاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدۇم مۇلايىملىق بىلەن.

— ئاچىدىغان يەرلەرنىمۇ ئېچىپ بولدۇم، بىراق بۇ يەرلەرنى بۇ يىلدىلا تېرىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىزنىڭ تېرىغۇدەك ئارتۇق يەرلىرىڭىز بولسا هۆددە ئېلىپ تېرىايمىكىن دېگەن، — دېدى ئۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ هېلىغۇ يەركەن، جان دېسىمۇ بېرەتتىم بۇ قىزغا دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. شۇنداقتىمۇ، ئەتەي چېقىشقۇم كەلدى:

— سىز قانداقمۇ يەر تېرىيالايسىز؟

— ئامالىم بار، — دېدى ئۇ مۇرەممەنى مامۇقتەك يۇمشاق قولىدا بارغانچە چىڭ تۇتۇپ.

— يەر تېرىش شەهەردە كوچا چىڭدىغانغا، رېستورانلاردا تانسا ئوينىغانغا ئوخشىمايدۇ. سىز بۇ ئىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەن يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ دېهقانچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. دېهقانچىلىق قىلىشقا پىششىق.

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئادەمنىڭ شەهەردە خىزمەت قىلماي سەهراغا كېلىپ يەر تېرىيمەن دېگىنى بەكمۇ كۈلكىلىك - دە؟!

— ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. خىزمەت ئىشىنى هەل قىلالمىدىم. دادام ئۆلۈپ كەتكەن. ئاپام ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىزدەك يۆلەنچۈكى يوقلارنىڭ گېپىنى كىم قىلىدۇ دەيسىز؟

بىز هەش - پەش دېگۈچە مەن ئاچقان بىنەم يەرنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدۇق. بىز بىرلىكتە يەرلەرنى تەپسىلىي ئايلىنىپ چىقتۇق. ئۇ قىز هەر بىر بويلام يەرنى كۆرگەندە مايەرگە كېۋەز تېرىسا بولغۇدەك، ماۋۇ يەرگە بۇغداي تېرىسا بولغۇدەك، هە، بۇ يەرگە شال تېرىسا بولغۇدەك. . . دەپ ماڭدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى يەرنىڭ ئەهۋالىغا شۇنداق ماس كېلەتتى. مەن:

— تۇپراق تەكشۈرۈشكە خېلى ئېپىڭىز بار ئىكەن، — دېيىشىمگە:

— ئۇنداقتا ماڭا ئىشەنسىڭىز، بۇ يىل يېڭىدىن ئاچقان يەرلىرىڭىزدىن ماڭا ئازراق هۆددىگە بېرەلەمسىز؟ — دېدى ئۇ يەنە بايىقى گېپىنى تەكىتلەپ.

— ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز بىرگە تېرىيلى، — دېدىم قىزغا يۈرەكلىك هالدا تىكىلىپ.

— راستمۇ؟ ئەكىلىڭ قولىڭىزنى!؟

رازىيەنىڭ سەمىمىيلىك ۋە خۇشاللىق چاقنىغان قاپقارا، ئويناق كۆزلىرى ئىختىيارسىز هالدا ماڭا تىكىلدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇش بىلەنلا ۋۇجۇدۇمدا بىرخىل ئوتلۇق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىمگە تارالدى. ئوتلۇق كۆزلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. بىز بىرهازاغىچە شۇ پېتى بىر - بىرىمىزگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. . .

— مەن دېهقان بالىسى، ئۇنداق بولمىغىنىدا چوقۇم سىزگە مۇهەببەت ئىزهار قىلغان بولاتتىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، ماڭا قانداق كىشىنىڭ بالىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ساپ مۇهەببەتتى بولسىلا بولىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن راستتىنلا ئۇنىڭ مۇهەببىتىگە ئېرىشتىمۇ؟ دەيتتىم ئۆزۈمگە، بۇنىڭغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

— قايتىپ كېتەيلى، — دېدى قىز بىرهازادىن كېيىن شۇۋىرلاپ.

— ماقۇل.

موتسىكلىتنىڭ ئۇچقاندەك يۈرۈشى بىلەن بارا - بارا يىراقلىشىۋاتقان بىر جۈپ گەۋدە بىر تال توچكىغا ئايلىنىپ هەش - پەش دېگۈچە ئانا يەر قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ باغاشلىشىدا شورلۇق تۇپراق ئۈستىدە پەيدا بولغان ئالۋۇنلار گۈزەل باغلارنى، ياپېشىل مايسىلار دېڭىزىدەك دولقۇنلىنىۋاتقان پايانسىز ئېتىزلىقلارنى؛ كۆكتىكى بۇلۇتلاردەك توپ - توپ بولۇپ يايلىشىۋاتقان مال - چارۋىغا تولغان كۆز يەتكۈسىز ئوتلاقلارنى، ئاجايىپ كاتتا ئىمارەتلىك چوڭ شەهەرلەرنى هاسىل قىلىپ ئۇپۇققا قەدەر تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شېئىرلاردا مېنىڭ يۈرىكىم

ئەكبەر نىياز پەتتارى



ئاپتوردىن: شېئىر — ئىنسانلار ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئارىلىقىدا قىلغان خورسىنىشلارنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندا داۋام ئېتىشىدۇر. ئەسلىدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتانىنىڭ ئازدۇرىشى تۈپەيلى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىنىپ، پانى دۇنياغا قەدەم قويغان چاغدىلا شېئىرمۇ تەڭ پەيدا بولغان. بىز ئاشۇ يىراق كەچمىشتىكى پاجىئەدىن ئىبرەت ئالماي، غەپلەتتە يۈرگەن دەقىقىلەردە تەڭرى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئەلچىسى شېئىر ئارقىلىق قۇلىقىمىزغا تاتلىق پىچىرلاپ قويىدى. ئەمەلىيەتتە ھازىر بىزنىڭ «شېئىر» يېزىشىمىز دەل شۇ ئەينى چاغدىكى شېئىرنى تېپىش ئۈچۈندۇر. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى بىز شېئىرنى ئىزدەۋاتىمىز، شېئىر بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئەمما بىز شېئىرنى ئىزدەش جەريانىدا ماھىيىتىمىزنى، ئۆز - ئۆزىمىزنى يۈتتۈرۈپ قويىدۇق. شېئىرنىڭ بىز ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغىنى ئۆز تەبىئىتىگە قايتىش، بىزنىڭ شېئىر ئارقىلىق ئىزدەۋاتقىنىمىز ئۆزىمىز.

شېئىر بىز بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتىي كۈچكە باي ئىمكانىيەت. بۇ ئىمكانىيەت ئۆز نۆۋىتىدە چەكسىز بوشلۇق — تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورمان، تاغ، دەريا ھەتتا يوپۇرماقلاردىمۇ شېئىرىي تۇيغۇ بولىدۇ. تەسەۋۋۇردىكى ئوبيېكتلار بەزىدە ئادەمدەك تەپەككۇرغا، ھېسسىياتقا، ھەرىكەتچانلىققا ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بىزنىڭ شېئىر يېزىشىمىز يەنە شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە بولغان ئادەملەر، شەيئىلەر بىلەن قەلب - ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما ماددىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار ۋە پارلاۋانلىقى كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى شارائىتتا يەنىلا بەزىلەرنىڭ شېئىر يېزىپ، شېئىر ئىزدەپ يۈرىشى كەم ئۇچرايدىغان بىر مۆجىزە. شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، بىز چوقۇم «ئەسلى شېئىر»نى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىمىزنى تاپالايمىز.

## ھەسرەت

ئاھ، بىر رەت پەقەت ئۆزۈم بولالمىدىم،
بۇگۈنگە قەدەر ھايات سەھنىسىدە.
كۆل دېسە كۆلدۇم ئىرادەمگە خىلاپ —
بولسىمۇ، قېرى مايمۇن جىلۋىسىدە.

چۈشۈمدە تۇرغان جايىم يەنە سەھنە،
ئۇندىمۇ مەن بىچارە كونا ئارتىس.
كۆزۈمنى ئېچىپ قاتتىق ئۆكۈنىمەن،
مىراسمۇ بۇ خورلۇقنى ماڭا تارتىش؟!...

ئالدىدىن بەلگىلەنگەچ ئالار رولۇم،
ئۆزگىرىپ باردىم مەنمۇ ئاڭا بېقىپ.
ئىشەنمەس ھېچكىم مېنىڭ سۆزلىرىمگە،
سانىماس مېنى رەپىق ياكى رەقىپ.

ئۆزۈم بوپ بىرەرمۇ رول ئالالمىدىم،
ئۆچمىدى ئەمما دىلدىن بىر ئۈي - ھەۋەس.
خوش ئېيتىپ دۇنياغا كۆز يۇمغىنىمدا،
ھەي ئۆزۈم بولالىسام ئەجەب ئەمەس.

# خەتەرلىك دېڭىز

ئىككىمىزنىڭ قەلبى خۇددى دولقۇنلۇق دېڭىز،
شەكىلدىكى ئىپادىلەر قولۋاقتۇر - قولۋاق.
ماھىيەتلەر زاھىر بولماي تۇرغان خادا تاش،
ئېھتىياتتا كېمە ھەيدەپ ئۆتىمىز شۇنداق.

دېڭىز ئۇززە تاسادىپى قالساق ئۇچرىشىپ،
ئادەت بولدى ئۆتۈپ كەتمەك يوللارنى يانداپ.

سوزۇپ قولنى تۇندە كەلسە خەتەرلەر بىراق،
قوشماقلارغا ئايلىنىمىز ھېسلارنى ئالداپ.

ئىككىمىزنىڭ قەلبى شۇنداق خەتەرلىك دېڭىز،
قوچىقىدا خادا تاشلار ياتقان سىر بولۇپ.
مەنزىلگە يېتەرمىكىن تاڭدا بىمالال،
ئىككى قولۋاق تائەبەتكە كەتسە بىر بولۇپ؟!

# مەستلىك

ساقىنەك سۆزلەپ يۈرسەممۇ لېكىن،
مەست بوپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. . .
ھايات ئۇزۇن، يوللىرى كاتاڭ،
پۇتلىرىمدىن تارتىسىمۇ ھاڭلار،
رېئاللىقتىن كەتمىدىم يوقاپ.
شادلىق ماڭا كۈلۈپ باقمىسا،
بولدى سادىق ھەمراھىم ئازاب.
گۈللەر، باھار قوينىدا گۈللەر
چاچار ئىپار كەبى خۇش پۇراق.
رەڭ ئالمىغاچ جامالىم گۈلدەك،
گۈل قوزغايدۇ قەلبىمدە پىراق.
كەل يېنىمغا سۆيۈملۈك قۇياش،
مەيلى بولغىن بىردەملىك سىرداش.
مەست بولغىچە ئىچەيلى شاراب،
كاسە ئەمەس كوزىدا كەلتۈر!
ئۈزەي ئۇندا بېلىقتا ئوخشاش.
قەيەردە سەن شاراب ئىلاھى؟
مېنى پەقەت شارابلا ئەمەس،
مەست قىلىدۇ ئارزۇ ۋە ھەۋەس.
مەست قىلىدۇ دىن، مەسچىت، جەننەت،
قىز، پۇل، ھوقۇق يەنە ئىمتىياز.
بىر مەستلىكتىن قۇتۇلسام تېخى،
يېڭى مەستلىك ئىلكىگە ئېلىپ،
مەستلىك قىلار قېنىمدا پەرۋاز.
مەستلىك بولۇپ ئۆمۈچۈك تورى،
ۋۇجۇدۇمنى قىلىدۇ قامال.
پانى دۇنيا مەستلىك دۇنياسى،
مەست بولماسقا يوق مەندە ئامال.
داۋام قىلار بەلكى مەستلىكىم،
تا كۆزۈمنى يۇمغانغا قەدەر.
تونۇمىسام سېنى ناۋادا،
كەچۈر مېنى، كەچۈر بۇرادەر. . .
ساقىنەك سۆزلەپ يۈرسەممۇ لېكىن،
مەست بوپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن.
ئاھ، ھەممىنى بىلىدۇ قۇياش،
ياشىدىممۇ ھاياتتا تەمكىن؟!

# ئىقرار

نېچۈندۇر ئۆزۈمدىن زېرىكمەكتىمەن،
يۇلتۇزلار جىلۋىسى ئۆچكەن سەھەردە.
ئۆلۈمگە يۈزلىنىش بەلكى باتۇرلۇق،
روھ تەندىن بۇرۇنلا ئۆلسە ئەگەردە.
نېمە ئۇ ئەقىدە، نېمە ئۇ شېئىر؟
خىرە نۇر تۆكمەكتە كۆكتە ھەم قۇياش.
بەخت ئۇ ئازابتىن تۇغۇلغان بوۋاق،
سەۋەنلىك ئازابنى تونۇماي ياشاش.
نەۋ باھار پەسىللەر رويىختى ئىچرە—
كۈلمەيدۇ، ئىستىكىم پەقەتلا خىيال.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

رەستىمدە جەسىتىم قاتسا مۇز بولۇپ،
قاتىلىم ئاھ ئۇزۇم، دىلكىشىم شامال.
پىرجەڭگى نامىنى ئۇنتۇغان دىلىم،
بىلمەيمەن قولۇمنى سىقسىمۇ شائىر.
تىرىكلەر قەلبىگە تاشلىماي تەشۋىش،

ھەر كۈنى نەچچە رەت ئۆلمەن ئاشىق
بىھاجەت ئېتىراز (بولىمەن ئىقرار)
ئۆزۈمدىن بۆرۈنلا ئۆلگەن مەندە تەن.
ناپاكلىق تۆپەيلى بولسامۇ بىزار،
بۇ شەھەر روھىمدا سۆيۈملۈك ۋەتەن.

# ئىككى شېئىر

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## قان سەيلىسى

قايسى رەڭدە ھەقىقەت دېگەن؟
قان رەڭگىدە سويلاپ بىر تانا
توختاپ قالدى
روھىمغا ئۆچرىغان ئېغىزىم
باشقا بىر شەكىلگە ئېرىگەن جايدا
تىرىلىمەن
ياش قىيامى قاچىلانغان قۇتىدا
دومىلاپ كەتتىڭ ئورىكىگە
تۈن رەڭ ھەرپ سۆيدى يىپىنشلاپ
يۈزۈڭدىكى سەككىزىنچى تېرىنى

كۆكلىمەكتىمەن
دېڭىزنىڭ كۆزىدىكى نۇر تۇغۇتىدا
نىكاھىمسىزلا
كىرىپ كەتتىم تولغان رەسىمىڭگە
يالىڭاچ
يېرىلغان قەبرىنىڭ كاۋىكى ئارا
ئېقىپ چىقتى گۈلۈڭدىن ھېلىقى قان
قىزىل ئەمەس
ئىشقىلىپ قىزىل ئەمەس

## ئىجارىگە ئېلىش

مېنى ئىجارىگە ئالدى بۇ دۇنيا
قېنىمنى چايقاپ ئۆتتى ھەسرەت ئايىمى
تېشىپ كەتتىم رىسالەمدىن
قايناۋېرىپ
پاكلاندى مەن يېيىلغان ئاپئاق قەغەز
خەرتىنىڭ مىغ - مىغ قەلبىدە

يوللارغا ناتونۇش بىر چىغىردا
پۇتۇمغا چىرماشتى سىياھ يىلتىزى
ئىسكىلىت روھىم قالدى سانجىلىپ
بوۋامدىن بىخلىغان دەرەخ شېخىغا
شۇ چاغ كىرىپ كەتتىم قۇش تۇمشۇقىدىن
پەر بولۇپ سىلكىندىم پەرۋاز مەۋجىدە
ئۇزاقتىن - ئۇزاق
ئۇۋامنىڭ ئەڭ يىراق ئۆڭكۈرىدە
ئۇرۇلدى دىمىغىمغا مەي ھىدى بولۇپ

ئىسمىمنى يۇدۇپ يۈرگەن ھەرپلەرنىڭ
تۇتەۋاتقان زىياپەتلىرى
يۈرەك تاغلىرىنىڭ پارتلاشلىرىنى
كۆردى كۆز كوۋۇكىدا ئۇنلەۋاتقان
رەڭسىز سۈرەت ھەم ئەكس سادا ئۇرمىنى
كۈن بوسوغىسىدا
ئىسلاشتى يۈزۈم
چوڭقۇرىدەك ئۆزۈمنىڭ تىرەن

مېنى ئىجارىگە ئالدى بۇ دۇنيا
كۆزلىرىمنى ياراتتى قۇمرەڭ
ئۇچۇپ چىقتى ئۇندىن يۈرىكىم
قەلەم يېشى. . . ۋە تەكلىماكاندەك
ئۇۋاق - ئۇۋاق
قايتىدىن ئۆتكۈزۈپ بۆشۈك تويۇمنى
يۆتكەيمەن ئىسمىمنى

پەرقلىنىش ئۈچۈن
تارتىۋەرمە مېنى پانىقاقلىرىمدىن
تۇرۇشۇم كېرەكتۇر ئۆزۈمدە ئۆزۈم
جەۋلانىمىنىڭ بىخلىرىنى كۆرەر چوقۇم كۆك
يىراق ئوكيانىنىڭ كۆچۈرمىشلىرىدە
ئويغانغان دېڭىزنىڭ چۆچۈشلىرىدە
رەڭلەرنىڭ بالىلىرى سانسىزدۇر سانسىز
بوياقلار،
ئەي مېنى قورشىغان ئېلېمېنت!
ئۆمرۈڭ نېمانچە ئۇزۇندۇر سېنىڭ؟
چىقالمىدىم شاكىلىڭدىن
چىقالمىغاندەك
. . . لەرنىڭ شېرىن قۇچاقلاشلىرىدىن
مېنى ئىجارىگە ئالدى بۇ دۇنيا
شۇ تاپ تۆت تېمىمنى تونۇيالمايسەن

ئىشىكىمنىڭ يالىڭاچ تۇرقى
قوسۇپ بەردى كەپتەرلەرگە بىر ھىجرانلىق دان
دەپ بەردىم بار گېپىمنى شېئىرىمغا
ئىشەنگۈدەك ھېچ نېمەم يوق ۋاقتىتىن باشقا
چۈنكى بار ئۇنىڭ
ماڭا ئاتاپ ساقلاپ كەلگەن قىزىلىقى

سىلىدىم قوۋۇرغامنى توساتتىن
ئۆۋۈلۈپ چۈشتى بىر - بىرلەپ
شۇئان پاراسلاپ سويۇلدۇم مەنمۇ
كۆسا رەسسام كۆزىدىن

جىمجىت ئاققان سائەت ئىچىدە
كۈتىمەن تاكى
مەندىن ھالاكىتىم يۈز ئۆرگەن قەدەر

# ئىككى شېئىر

قەيسەر تۇرسۇن

## بەخت تىلەش

بۇ بەلكىم ئاخىرقى ھېسسىياتتۇر جېنىم،
مەن بەخت تىلەيمەن قايتىدىن ساڭا.
سۆيگۈنىڭ بىردەملىك كېچىسى كەبى،
بۇ شەھەر ھېچكىمنى قىلمايدۇ خاپا.

مەن يەنە يولۇڭغا قارايمەن تېخى،
بىر غەيرى مۇھىتتا ئەجەلگە يېقىن.

ئارىيەت بېرىلگەن مۇھەببەت كەبى،
ئۆچمەكتە قەلبىمىز، ئۆچمەكتە زېمىن.

قايغۇرۇپ تۇردۇممەن بۇندا ھەممىدىن،
خىياللار تېنىمگە تۆكۈپ ئۆتتى قان.
بۇ بەلكىم ھەقىقىي ھېسسىياتتۇر جېنىم،
مەن بەخت تىلەشتىن قورقىمەن ھامان.

## تەشۋىش خاتىرىسى

ئاھ، ئەجەب رەھىمسىز بىر يىل بولدى بۇ،
بوغۇلۇش ھېس قىلدىم يېڭىدىن يېڭى.
تەنھالىق چەكسىزدۇر، چەكسىز شۇ قەدەر،
سەن ھامان ياشايسەن ئەزرائىل كەبى.

قەلبىمىز زۇلمەتلىك ئوكياندۇر گويا،
مۇھەببەت سايرايدۇ تەنھا قۇش بولۇپ.

بۇ غەمكىن شائىرنىڭ تۆككەن كۆز يېشى،
ئاق قەغەز ئۈستىدە قالغاندەك قۇرۇپ.

زېرىكتىم يىغلاشتىن، كۈلۈشتىنمۇ ھەم،
بىر نۆۋەت شەرققە پاتمىدى قۇياش.
سەن ئەمدى كەلمەيسەن ساقلىدىم بىراق،
ئەزرائىل ئۆلۈمنى كۈتكەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچ شېئىر

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## چاقىرماقتا تاغلار ئىسمىمنى

قۇچاقلىشىپ ئورمانلار بىلەن،
قۇشقاچلارغا تۆكسەم سىرىمنى.
بىخلاۋاتقان يۇمران ئۇن بىلەن،
چاقىرماقتا تاغلار ئىسمىمنى.

يۇلتۇزلىرىم ئۇچقان قىشلاقتىن،
ئىزدەپ يۇرسەم كونا نىيىمنى .
غۇنچىلىغان مەسۇم ئۇن بىلەن،
چاقىرماقتا تاغلار ئىسمىمنى.

بوۋىلارنىڭ روھىنى ئىزدەپ،
پەرلىگەندە قاناتلىرىمنى؛
پورەكلىگەن يېشىل ئۇن بىلەن،
چاقىرماقتا تاغلار ئىسمىمنى.

## يالغۇز دەرەخ

ياتسىمۇ چىرمىشىپ كېچە بىلەن ئۇ،
پىچىرلاپ ئېيتقۇسى كەلمەس ھېچنېمە.
تىلىلىرى كېسىلىپ كەتكىنى بىلەن،
بولدۇقلاپ ئاقماقتا شېئىر قەلبىمدە.

ئەقلىدىن ئاداشقان ھېلىقى قىزچاق،
قۇچاقلاپ سۆيەتتى ئۇنى ئەسلىدە.
يوقاتتى ئاخىرى ھەممە - ھەممىنى،
ياپرىقى كېپىنەك بولغان پەسلىدە.

## بايرام ئۆتكۈزۈش

بۇ يىلمۇ بايرىمىم ئۆتتى جىمىمدە،
يوقلاپمۇ كەلمەستىن بىرەر ئاغىنەم.
ئويلاپقۇ باقمىدىم يىغلاشنى، ئەمما،
سۇبھىگە چىلانغاچ ئالتۇن پىيالەم.

دېرىزەم تەبەسسۇم قىلىپ شۇندىمۇ،
كىرىشتى ئارمانلار قول تەڭلەپ مەغرۇر.
بايرام ئۇ - قانداق كۈن؟ (بىلەر ئېھتىمال)
«مۇئەللىم» دېگەننى چۈشەنسە ئويغۇر.

# قىز

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

سىنىڭ لەرزان، جىمجىت تىنىشىڭ،
دېرىزەمگە قوندى بىر كۈنى.
كۆردۈم ئۇندا زەڭگەر ئاسمىنىڭ،
جىمجىتلىقنى تۇرغانلىقىنى.
ئايىغىمدا كۆيەر چىمەنلەر،
كۆيەر قۇشلار، غېرىب دەرەخلەر.

كۆيدى نۇرغۇن چۇشلەرنىڭ بەرگى
كۆيدى ئويغاق، ئاشىق كېچىلەر،
ئاھ، نەدە سەن شاۋقۇنسىز كۇنلەر؟!
باستىم ئاياغ يالغۇز تۇنلەرگە.
ھەسرەتلەرنى تونۇدۇم تالاي،
چىغىر يوللار يۇتتى قەيەرگە!!
سىرىق غازاڭ لەيلەر جىمغىنە،
سۆزلەر غېرىب، ئۇۋىلار يىتىم.
كىملەر شېئىر، شېئىردۇر قىزلار

مەغرۇرلۇقۇم سۇندى كۆپ قېتىم.
تەسلىم بولدۇم دەرەخلىرىڭگە،
بولدۇم تۇنجى سەن قونغان ئۇۋا.
يۇلتۇزلارغا ئايلانغان سەھەر،
ياغلىقىڭدەك لەپىلدەپ گويا.
دىرىزىلەر سۆزلەر ئىسمىڭنى،
ئاھ، قەلبىمنى يىرتتىم بىرمۇ - بىر.
ئۆلدى نۇرغۇن دەرەخلەر غەمكىن،
قۇشلار، ياپراق، قالدى مۇڭ تەسۋىر.

# ئىككى شېئىر

سېيىت مىجىت

## مېۋە بەرسە ئوتلۇقتىلىكىم

يۇلتۇز دېگەن كۆزنى چاقىدۇ،
چىن يۈرەكتىن چاچقۇلار بەرسەك.
گۇگۇم دېگەن هامان چانىدۇ،
ئۆز يولىدا پەرۋاز ئەيلىسەك.

قۇياشنى كىم پانقاقتا يوق دەر،
ئۇ ھەممىگە تەكشى چېچىلار.

قايسى رەڭكىن؟ تونۇپ يەتسە گەر،
بەخت دېگەن شۇندا ئېچىلار.

تاغ ئۈستىدە تۇرغان ئارچىنى،
ھاياجاندا قۇچاقلار سۆيگۇ.
قەستلەپ پالتا ئۇرغان غالچىنى،
تارىخ سوتقا تارتىدۇ مەڭگۇ.

## تەنها كۆي

ئىنسان دەپ يۈرىمەن ئۆزۈمنى ئەمما،
يۈرىمەن ھەنىسىز، ئىشىنەي قانداق؟
ئۆلۈمنى كۆزلەيمەن ئەمەس بۇ تەقدىر،
شۇ روھلا تەسەللى كۆڭلۈمگە ھەر ۋاق.

گۇللەردەك گۇللەرگە گۇل بەرگەن زېمىن،
مەن ساڭا نېمەمنى قىلايكىن سوۋغا.
سىنىڭدىن يارالغان ئىدىم ئەجىبا،
قالدىمەن ئوخشاپلا ماكانسىز ئۇۋغا.

ھېچكىمگە ئوخشىماس تەنها مىجەزىم،
كۆتىمەن، كۆرىمەن... قەدىمكى بىر چۇش.
ئاھ... بەكمۇ يىراقتا ئۇ چاغلار ئەپسۇس،
ھۆكۈمران ئورۇندا مىڭ ئىستەك - چۆچۇش...!

تولغىنار قورساقتا نۇرغا ئىنتىلىپ،
ھۆرلۈككە چىققۇسى كەلگەن ھامىلە.
ئىنسان ئۇ — مۇقەددەس، ئەمەستۇر لەگلەك،
قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ شۇنداق بىر غايە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىككى شېئىر

مامۇت ھېكىم

## قانات لىرىكىسى

سەن قاناتلىق يارالغان بىر قۇش،
يۇلتۇز تامان بارسەن ئۇچۇپ.
سەن بۇلۇتنىڭ كۆكسىدە خەنجەر،
نۇر ۋەسلىنى ئۆتىسەن قۇچۇپ.

شجائەتتىن يارالغان جىسمىڭ،
كۆرستىسەن بەخت ۋەسلىنى.
سەن قۇدرەتلىك يارالغان ئىلاھ،
يارىتىسەن باھار پەسلىنى.

## خىيال ۋە رېئاللىق

ئېقىپ باقتىم باش ئەگمىنىڭ سۆيىدە،
تۇغۇلغاندەك بولدۇم گويا تاغلاردىن.
مەستخۇش قىلدى مېنى تاھىر قىسمىتى،
زۆھرە كۈلۈپ چىقتى گويا باغلاردىن.

خىيالىمدا كىردىم قانچە جەننەتكە،
پەرىشتە ـ ر قۇچىقىغا بۆلەندىم.
كائىناتنى ئالقىنىمدا ئوينىتىپ،
مۆجىزاتلار دۇنياسىدىن تۆرەلدىم.

خىياللىرىم قۇچاقلاشتى كۆك بىلەن،
بوركۇت بولۇت ئارا قانات قاققاندا.
تاغلار بىلەن مۇڭداشتىم مەن قانچە رەت،
چوققىلارغا مەن نۇر بولۇپ ئاققاندا.

تاشلىنىۋەتتىم گۈزەل ھېسلار ئىلكىدە،
ئازاب بەرگەن بۇ دۇنيانى يىراقتا.
تەگسىز سوئال دەشتلىرىدە زارلاندىم،
چىدىماستىن نېچۇك يەنە يىراقتا؟...

## مۇھەببەت بىر پىچاق

نۇر مۇھەممەت ھاشىم

مۇھەببەت بىر پىچاق ئۆزىمىز سالغان،
ئىلاج يوق سالماسقا جىمغۇر يۈرەككە.
سالىمىز، توختىماي ھەرچاق سالىمىز،
شۇ پىچاق يەتكۈچە ئاخىرقى چەككە.

ئازاپلار ۋە ياكى شاتلىق بولسىمۇ،
سانچىمىز پىچاقنى ئەبەدىل ـ ئەبەت.
مۇھەببەت ئاھ شۇنداق بىر ئالتۇن پىچاق،
تەشنا بىز ئۇنىڭغا مەڭگۈگە پەقەت.

سانچىلغان مۇھەببەت تىكەن مىخ بولۇپ،
يۇلماققا نەئىلاج يۈرىگىم تۇرسا.
قىينىلار ۋۇجۇدۇم ئىغىر ئازاپتىن،
سانچىلغان پىچاقلار دىرىلدەپ تۇرسا.

قارىساق ئاخىرى پۈتمەس جاراھەت،
بويىغان ئۆمرىنى قىپقىزىل قانغا.
مۇھەببەت بىر پىچاق بولسىمۇ ئاخىر،
يەتكەندەك بولىمىز گۈزەل ئارمانغا.

# شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى يېنىش، كۆيۈش

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**سوئال:** ئەخمەتجان، سىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق سىناق سانىغا بېسىلغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدىڭىز. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شېئىرلىرىڭىز توغرىسىدا جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىنكاسلار بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا «خائىن تاغلار» ناملىق شېئىرىڭىز ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. سىز شېئىرىي ئىجادىيىتىڭىزدە يۈز بەرگەن بۇ خىل بۇرۇلۇشقا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** شۇنى ئىقرار قىلىمەنكى، دۇنيا شېئىرىيىتى، جۈملىدىن ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن تونۇشمىغان بولسام، مەندىكى بۇ شېئىرىي بۇرۇلۇش تولىمۇ كېچىككەن بولاتتى. دۇنيا شائىرلىرى، جۈملىدىن ئەرەب ھازىرقى زامان شائىرلىرى ماڭا شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. باشتا مەنمۇ دۇنيا شېئىرلىرىنى، جۈملىدىن ئەرەب دەۋرداش شېئىرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەنىدىم، لېكىن مەندىكى تەۋەككۈلچىلىك روھى مېنى بۇ شېئىرلارغا جەلپ قىلدى. ئالدى بىلەن مەدەنىيەت سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا غەربنىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى، پەيلاسوپلىرىنى ھەم پسىخولوگلىرىنىڭ كىتابلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقتىم، ئۆزۈمنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىلىرىنى قايتا- قايتا يېڭىلىدىم، ئاندىن دۇنيادىكى مەشھۇر شېئىرلارنى تەكرار- تەكرار ئوقۇدۇم، ئۆزۈم سوئال قويۇپ ئۆزۈم جاۋاب ئىزلىدىم. . . ئاخىرىدا شېئىر ماڭا جاۋاب ئىزلەشنى ئەمەس، بەلكى سوئال سوراشنى ئۆگەتتى. ئېستېتىكىنىڭ خاتىرجەملىك دۇنياسى ئەمەس، تەشۋىش ئىقلىملىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مېنىڭچە، يېڭىلىق ئىسيانكار روھقا خاس ھادىسە، شەيئىلەرنىڭ پوستىنى تېشىپ ئۆتۈپ، جەۋھىرىگە يېتىپ بېرىشتىكى خاسىيەتلىك يول. ئىلاھ بارماقلىرى سىيلىغان يۈرەكلا يېڭىلىققا تەلپۈنىدۇ. ئۇ، دۇنيانىڭ تىنىقى.

**سوئال:** سىز يېڭىچە شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە بۇ جەھەتتە يەكۈنلەشكە ئەرزىيدىغان تەجرىبە- ساۋاقلار بارمۇ- يوق؟

**جاۋاب:** يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مېنىڭ، شۇنداقلا سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى، ئەلشىر ناۋائى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تىنىقىنىڭ ئۆزگىچە داۋامى، ئۇيغۇر قېنىدا مۇقەددەس ھەۋەسنىڭ قايتا ئويغىنىشى. شېئىرىيىتىمىز ئەلشىر ناۋائىدىن كېيىن چۆكۈشكە باشلىدى. شېئىرىيەت ھادىسىسى ئىجادكارلىقتىن

www.uyghurkitap.com

تەقلىدچىلىككە كۆچتى. ئۇلۇغۋار شېئىرىي روھقا ئىگە ئۇرۇنۇش ئاندا - ساندا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن خاتىمىلەندى. تەقلىدچىلىك پۈتۈن ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا تاۋاپ قىلغۇچىلارنى يىغىۋەردى. ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قۇرۇپ كەتكەن ھەيكەللەرگە تولغان، چىرايىدىن ئۆلۈم سەلكىنى ئۇچۇپ تۇرىدىغان بىر مۇزېيخانىغا ئايلىنىپ قالدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب شائىرلارغا جەڭگىۋار مەزمۇنلارنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ مەزمۇنلارنى يەنىلا كونا شېئىرىي تىل - رىتىم، قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلەۋەردى. مەزمۇندا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ داۋامى ئۈزلۈكسىز تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، شېئىرىي شەكىلدە ھېچقانداق ئىنقىلاب يۈز بەرمىدى. كونا شېئىرىي شەكىل مۇناسىۋەتلىرى ساقلىنىپ قالدى. يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر شېئىر شەكلىدىكى بىر چوڭ ئىنقىلاب. ئۇنىڭسىز ئۇلۇغۋار مەزمۇن جانسىز بۆتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى يېڭى شېئىرلار ئارقىلىق ئۇيغۇر پوئېزىيىسى تەقلىدچىلىكتىن ئىجادكارلىققا يۈزلىنىدۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ پاك جەۋھىرىگە قايتىدۇ.

ھەرقانداق ھادىسىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بولىدۇ. يېڭى شېئىرلار بۇرۇنقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى. بۇ ھەممىيلەنگە مەلۇم. بىراق يېڭى شېئىرلار ئۇيغۇر پوئېزىيىسىدە تولىمۇ كېچىكىپ پەيدا بولدى. ئەسلى ئۇ كەم دېگەندە يېرىم ئەسىر بۇرۇن مەيدانغا كېلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا بىز شېئىر دىيارىنىڭ غازىلىرى ئەمەس، ئىستىبھكام قۇربانلىرى بولدۇق. كېيىنكىلەرنىڭ ھەققىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتى باغلىرىغا توساقسىز كىرىش بەدىلىنى بىز تۆلىدۇق. بۇنى كېيىنكىلەر يەكۈنلەيدۇ.

**سوئال:** سىز شېئىرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەن شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىمەن، بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلىگەندە، ھەربىرسىنىڭ ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختالماي ئامال يوق. شەكىل بىلەن مەزمۇن جان بىلەن تەندەك بىر پۈتۈن گەۋدە. مەزمۇن شەكىلدىن خۇددى ئىپارگۈلدىن ئۆرلىگەندەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شەكىل گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلسا، مەزمۇن خۇش پۇرىقى بىلەن زوقلاندۇرىدۇ. تەنسىز جان بولمىغاندەك جانسىز تەنمۇ سېسىۋاتقان مۇردىدىن ئىبارەت. بۇ ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، بىراق بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ مۇھىم مەسىلە.

يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىلگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن: يېڭى شېئىرلارنىڭ بەزىلەرنى پاراكەندىچىلىككە سالغانلىقى بۇ شېئىرلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىنى تەۋرەتكەنلىكىدە. يېڭى شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن يېڭى ئاڭ قۇرۇلمىسى ئۇلارنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساراسىمىغا سالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسىنى يېڭىلىماي تۇرۇپ، بۇ شېئىرلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ ئېنىق ھەم تەبىئىي ئەھۋال.

ئۆز سۆزۈمگە كېلەي، مەزمۇننىڭ يېڭىلىنىشىغا قارىماي، شەكىل يېڭىلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق ئەكسىيەتچىللىك بولسا، كونا مەزمۇننى ساقلاپ قالغان يېڭى شەكىل كىشىنى كۈلكىگە سالىدىغان نادان رومانتىزملىق.

**سوئال:** كىشىلەر شېئىرغا ھەرخىل تەبىرلەرنى بېرىپ كەلدى. سىزنىڭچە، شېئىر دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:** شېئىر دېگەن نېمە؟ بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ھەم ستراتېگىيىلىك سوئال. خەتەرلىكى، ئاڭا مۇئەييەنلەشكەن ئاداققى تەبىر بېرىلىشتە، ستراتېگىيىلىكى بۇ سوئالنىڭ شېئىر ماھىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشىدا. مەن شېئىرغا مۇقىم تەبىر بېرەلمەيمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، شېئىر يازمىغان بولاتتىم. مۇئەييەن ماھىيەتكە ئىگە شەيئىگىلا مۇقىم تەبىر بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما شېئىر ماھىيەت ھەققىدە ئېنىستىنكتىك ئىزدىنىش. شۇڭا شېئىرغا پەقەتلا تەبىرسىز تەبىر بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشىم

زۆرۈر بولسا، ئۇ چاغدا شېئىر، مېنىڭچە ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق ئىسكەنجىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ھايات شوپۇكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىنساننىڭ مەڭگۈ كامالەتكە يەتمەيدىغان مەۋجۇتلۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاتەش، دۇنيانىڭ چېقىلغان شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يالقۇنلىرىنى ئۆزىدە كۆرۈۋاتقان سۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تىل ئېھتىماللىقلىرىدىكى تۈيغۇ، سۈكۈناتنىڭ مەڭگۈلۈك ھەرىكىتىدىكى يېپيېڭى ئالەم. شۇڭا شېئىرغا ھەرخىل تەبىر بەرگىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ تەبىرلىيەلمەيدىغان نەرسە.

**سوئال:** سىز شېئىرلاردىكى تۇتۇقلۇق مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. چۈنكى شېئىر جەۋھەرنىڭ تەقلىدى. جەۋھەر مەڭگۈ تۇتۇق قالىدىغان سېھىرلىك تەڭرى، مەنىسىگە زادىلا يېتىپ بولالمايدىغان جەلپ قىلارلىق سىر. شېئىر تۈگىمەس مۇساپە. چۈنكى دۇنيا تۇتۇقلۇقى بىلەن داۋاملىق ئۇچۇق، ئۆزىنى داۋاملىق ئېچىشقا موھتاج. ئىلاھ چەكسىز ۋۇجۇد، ئۇنىڭ چەكسىزلىكى تۇتۇقلۇقىدا. ئىلاھقا مەپتۇن بولغان، ئاڭا ئىنتىلگەن، ئۇنى ياسىغان ئادەم. ئىنسان چەكسىزلىكىدە تىنىغان شېئىر ئۆزىنىمۇ بايقىيالمايدىغان تۇتۇقلۇققا ئىگە. چۈنكى ئۇ ئىنسان ماھىيىتىنى ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. تەڭرىنىڭ تۇتۇقلۇقىنى ئىنكار قىلغان ئادەم تەڭرىنىڭ ئىمان - ئەقىدىسىز دۈشمىنى، ئىنساننىڭ تۇتۇقلۇقىنى ئىنكار قىلغۇچى چوقۇم ئىنسانىيەت دۈشمىنى، شېئىرنىڭ تۇتۇقلۇقىنى ئىنكار قىلغان «شائىر» ئېستېتىكا دۈشمىنى! قۇياشقا قاراڭ، نېمىدېگەن روشەن، بىراق سىز ئۇنى قاچان چۈشەنگەن؟!

**سوئال:** بىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** مەن بۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى جان - دىلىم بىلەن ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم. مېنى مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كىرىدىغان ئەنئەنىنىڭ قۇربانىمەن. شەكىل، مەزمۇن بىرلىكى، ھوسۇش، يېڭىلىق، مەڭگۈلۈككە تەلپۈنۈش، مۇقەددەس تۇتۇقلۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى. مەن بۇلارنى ئوغۇزنامىدا، ناۋائى شېئىرلىرىدا كۆردۈم. مەن سىزنىڭ ناۋائى شېئىرلىرىدىكى دىلبەرنى مەڭگۈلۈك مەنىسىدە چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن، شۇندىلا ئۇنىڭدىكى «ھىجران»، «يوقىلىش»، «ئازاب» دېگەن سۆزلەرنى يۈكسەك مەنىسىدە ھېس قىلىسىز.

**سوئال:** سىز شېئىرىي مەنە، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي پىكىر دېگەنلەرنى قانداق چۈشىنىسىز؟

**جاۋاب:** شېئىرىي مەنە «زاھىر شەيئىنىڭ يوقلۇققا قويۇلۇشى» (بوددا) دىن باشلىنىدۇ. ئۇ ۋۇجۇتلۇقنىڭ بوشلۇقتىكى تەشۋىشى، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكتە ئۆزىنى ئىزلىشى، شېئىرىي مەنە تۆۋەندىكى باسقۇچلار ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ:

بىرىنچى، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆزىنىڭ تۇراقلىق ھالىتىنى يوقىتىپ، ئۆزگىرىشچان ھالەتكە كىرىدۇ. شېئىردا سۆزلەر ئۆزىنىڭ تۇراقلىق لۇغەت مەنىسىنى يوقىتىپ، ئېھتىماللىق مەنىلەر بوشلۇقىدا لەيلەيدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچتا ئىسكەنجە ئەركىنلىككە، ۋۇجۇد يوقلۇققا، ھايات ئۆلۈمگە ئۆزگىرىدۇ.

ئىككىنچى، شەيئىلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تۇراقلىقى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقى ئوتتۇرىسىدا تەشۋىشلىنىدۇ، يۇقىرى بېسىمغا ئىگە بولىدۇ. شېئىردا سۆزلەر لۇغەت مەنىسى بىلەن ئېھتىماللىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا قىزىپ پارتلايدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچتا بارلىق بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىسىدا تارتىشىش مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىدۇ. ۋۇجۇد يوقايدۇ، يوقلۇق ۋۇجۇتقا ئىگە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شەيئىلەرنىڭ تەشۋىشى قايتا تۇراقلىققا ئىنتىلىدۇ، شېئىردا سۆزلەر ئېھتىماللىق مەنىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا يۈزلىنىدۇ، بىراق...

تۆتىنچى، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇق مەركەزنى چۆرىدىگەنلىكى ئۈچۈن، قايتا تۇراقلىنىش، قايتا مۇقىملىنىش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەمما شېئىرىي ھېسسىيات شېئىردىكى

www.uyghurkitap.com

ئىچكى رىتىم. ئۇ، شائىرنىڭ ئاق قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ گارمونىكىسى. شېئىري ھېسسىيات تاشقى دۇنيانىڭ شائىردا پەيدا قىلغان ئۆزگىچە تەسىرىدىن تەركىبلىنىدۇ.

بىراق شېئىري پىكىر دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ شېئىري مەنە، چۈنكى پىكىر شېئىري نەرسە ئەمەس.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** شېئىرىيەتتە تەرەققىيات دېگەن چۈشەنچە يوق. چۈنكى شېئىرىيەتنىڭ تارىخى بولمايدۇ. ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ھازىرغا قەدەر «ئوغۇزنامە» دەك يۇقىرى بەدىئىي پەللىگە يەتكەن ئەسەر يوق. ئەلشىر ناۋائىنىڭ ئارۇز ۋەزنى ل. مۇتەللىپنىڭ چاچما شەكلىدىنمۇ يېڭى ۋە يۈكسەك. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرى يارانقان دۇنيا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىي دۇنياسىدەك يارقىن ئەمەس. «تەرەققىيات» دېگەن بۇ ئاتالغۇ زامان مەنىسىگە ئىگە، ئەمما شېئىر زاماندىن ھالقىغان بولىدۇ. ئۇ، ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسىنىڭ تۈتىنچى يىراقلىقى.

**سوئال:** سىزنىڭچە، بىز كلاسسىكلىرىمىزدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىشىمىز لازىم؟

**جاۋاب:** كلاسسىكلىرىمىزدىن قانداق قىلغاندا بىز ئۆلگەندىن كېيىن كېلىدىغان شائىرلارنى دورىيالايدىغانلىقىمىزنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۇ چاغدا بىزمۇ كېيىنكىلەرنىڭ كلاسسىكلىرى بولالايمىز.

**سوئال:** شائىر ئۆز ئۇسلۇبىنى قانداق يارىتىشى كېرەك؟

**جاۋاب:** ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە شائىرلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنى دورىشى كېرەك. ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ھەممىسى بىرلا نەرسىنى دەيدۇ، ئەينى شۇ نەرسە كۆپلىگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. سەن نېمىنى دېگەنلىكىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يارىتالمايسەن، پەقەت قانداق دېگەنلىكىڭ بىلەن سەن سەن بولىسەن. چۈنكى قانداق دېگەنلىكىڭدىن سېنىڭ ھۆجەيرىلىرىڭنىڭ ھەرىكىتىنى، يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشىنى، پىسخىكاڭنىڭ رەڭلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سەن نېمە دېمەكچى، بۇ ماڭا سەن سۆزلىمەستىن بۇرۇن ئايان، لېكىن سەن قانداق دېمەكچى بۇ مېنى ساڭا قىزىقتۇرىدۇ. ئۇسلۇب قانداقلىق دېمەكتۇر.

**سوئال:** شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى نېمە؟

**جاۋاب:** ئا. ئۇيغۇرى «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار.» دېسە، نازىم ھېكمەت «سەن كۆيمىسەڭ، مەن كۆيمىسەم، ئۇ كۆيمىسە، قانداق چىقسۇن قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا.» دەيدۇ. شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى يېنىش، كۆيۈش! سارتىر: «ئىنسان ئەركىنلىككە مەھكۇم، ئۇ نېمىنى تاللاشتا ئەركىن ھەم تاللىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.» دەيدۇ. شائىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇنىڭ تەقدىرىنى تاللايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى غايەت زور. مەسئۇلىيەتچان شائىر سۇدىن ئوت، ئوتتىن سۇ تاپىدۇ.

**سوئال:** سىز دەۋر روھىنى قانداق چۈشىنىسىز؟ ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىنەمدۇ - يوق؟

**جاۋاب:** ئۆتۈپ كەتكەن كەلگۈسى لەھزىنىڭ ھەر دەۋرنىڭ روھى بولۇشىنى ئىنزلەيمەن. شۇ چاغدىلا دەۋر روھى شېئىر

ئايلىنىدۇ. ھەر بىر دەۋر - داۋاملىق ئۆزىنى تەكرارلاپ تۇرىدىغان روھنىڭ بۆزغۇنلىرى. دەۋر ھەر بىر.دەۋر بىزگە ئەلەم بېغىشلايدۇ. بىز ئۇنى قېنىمىز بىلەن يۇيىمىز. ئۇنىڭ قاتمۇ - قات كىرلىرى ئاستىدىن مەڭگۈلۈكنىڭ قۇياشىنى ئىزلەيمىز.

**سوئال:** بىز چەت ئەل مەدەنىيىتىدىن قانداق جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم؟

**جاۋاب:** بىز چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ھازىرچە دوستويېۋسكىنىڭ «قېرىنداش كارامازوۋلار»، فىرىدرىك نىتسىنىڭ «زىرا دوشت شۇنداق دېگەن»، ھېرمان ھېسسىنىڭ «كىرىستال دانچىلار ئويۇنى»، فىرويىدنىڭ «چۈش تەبىرى»، سان جون پېرسىنىڭ «ماياكلار»، مىشىل فوكونىڭ «سۆزلەر ۋە شەيئىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىشىمىز كېرەك.

# ئاخۇنۇم جىجىق

(ئىزلەنمە ھېكايە)

كۆرەشجان ئۆمەر

مومايىنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. رەھمەتلىك ھايات چېغىدا، ئۇ تېخى گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جۇۋان ئىدى. بالىمۇ تۇغۇلدى، بىراق دادا - بالا ئىككىسى يۈز كۆرۈشەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئادەملەر سايىنىڭ تېشىدەك زىچ ئولتۇراقلاشقان خارابى بىر شەھەردە ئىدى.

ئۆي ئىچى زەي، قاراڭغۇ، موماي بولسا تۈتۈن يېنىپ تۇرغان كونا مورا ئوچاقنىڭ ئالدىدا نېمىنىدۇر بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. ئۆينىڭ تىنجىقلىقىدىن نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. رەتسىز يىغىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىنىڭ ئالدىدىكى تارچۇققا ئەتراپىدىكىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان قوپال، كۆرۈمسىز ياسالغان بىر بۆشۈك قويۇقلۇق تۇراتتى. بۆشۈكنىڭ چوڭلۇقىدىن كىشىنىڭ ئەجەبلەنگۈسى كېلەتتى، بۆشۈك ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان كونا يۇڭ ئەدىيالنى كۆيە يەپ، ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. بۆشۈكتە يۈز - كۆزىنى ساقال باسقان ۋايىغا يەتكەن بىر ئەر ئۇخلاۋاتاتتى.

يىراق - يىراقلاردىن كېلىۋاتقان ساپايە بىلەن توپا - چاڭغا مىلىنىپ سوزۇلۇپ ياتقان بۇ قەدىمىي شەھەرنى تېخىمۇ ئۇخلاتماقچى بولغاندەك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

موماي شۇ كۈنلەردە تېزلىكتە قېرىپ كېتىۋاتاتتى. مومايىنىڭ قۇلىقىغا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى خۇددى قۇرۇپ، قوۋزاقلىرى ئېتىلىپ كەتكەن دەرەخ شېخىغا ئوخشاپ قالغان، بەللىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرى خىرەلەشكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئېرىنىڭ قازا قىلىپ كېتىشىدىن كۆرەتتى. ئەگەر رەھمەتلىك ھايات بولىدىغان بولسا... ئۇ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى، كۆكرىكىنى، چاچلىرىنى... يېنىككىنە سىلاپ باقتى. ئۇ جايلار ئېرى ھايات چاغدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى كىچىكلەپ يىگىلەپ قالغانىدى، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى، كۆكرەكلىرى، پۇتلىرى خۇددى بولۇق خېمىردەك يۇمران ھەم يۇمشاق ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا يارايتتى، ئېرىگىمۇ بەس سالمايتتى، ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ سول قاپقى توختىماي تارتىپ كەتتى، ئېرى بولسا ئۇ يىڭىلا پۈتتۈرگەن دوپپىلارنى سانىقلى چىقىپ كەتكەنىدى، دوپپىچىلىقتا تايىنىپ ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى خېلى ئوبدان ئۆتەتتى. خېلى خېلى ئۇستىلارمۇ دوپپا تىكىش، كەشتە ئىشلەشتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا ھەدەپ يەڭگىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەن بىر بالا - قازا تۇڭلۇكتىن ئۆي ئىچىگە ماراپ تۇراتتى. ماراپ تۇرغان كۆزلەر ھېلىلا ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغاندەك، قورسىقىنى رەھىمسىزلەرچە يېرىپ تاشلاپ، بالىسىنى تارتىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ تەڭرىدىن ئېرىگە، بالىسىغا ئامانلىق تىلەپ جايىنامازدا ئۇزاق ئولتۇردى.

ئىشىك ئەنسىز قېقىلدى...

ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئادالەتسىزلىك قىلدى، ئېرىنى تام بېسىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ، پۇت - قولى بوشىشىپ ھوشىدىن كەتتى. ئېسىگە كېلىپ ئىشىكتىن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. قورساقتىكى بالىنىمۇ، ئىشىكنى قۇلۇپلاشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە قانات چىققاندەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ يالىڭاياق پۇتلىرى يەرگە تەگمەيتتى، ئۇ تۇمەنلىگەن ئۆيلەر بىلەن قورشالغان، ئۇچەيدەك ئۇزۇن، قاراڭغۇ ھەم تار يولدا پايپاسلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئېرى قازا قىلىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىغان كەلگەندەك بولدى. بۇنداق بولمىسىمۇ بولغانىكەن، ھەرقانچە

www.uyghurkitap.com

ئىزلەپمۇ ئۆيىنى تاپالمىدى، قارىغاندا خاتىرىسىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. ئۆيدە ئاتا - ئانىسىدىن، ئىنىدىن قالغان تەۋەرۈك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ بېشى قايغانچە، پۇتى تالغانچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئىنى قازا قىلغان ھېلىقى يەرگە كەلگەندە يىقىلىپ قالدى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى. يېقىنلا يەردىكى بىر ئۆينىڭ روجىكىدىن بىراۋنىڭ بۇ يەرگە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاجىز نۇرلىرى بىلەن تار كوچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن قاپقارا بەدەنلىرى كوچا ئوتتۇرىسىدىلا سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قەيەردىندۇر «غىڭزاڭ... غىڭزاڭ...» قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندى، قاپقاراڭغۇ ئاسماندىن يىلانغا ئوخشايدىغان بىر نۇر چۈشۈپ، ئايالنىڭ قورسىقىدىن ئۆتۈپ بويۇنلىرىغا، ئاندىن يوتىسىغا، پاچاقلىرىغا ياماشقاندەك، يىلىنجاپ تۇرغان نەشتىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزگەندەك بولدى. ھېلىقى ئاۋاز تېخىمۇ كۈچىيىپ ئايالنىڭ ئىڭرىشىنىمۇ بېسىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى غەلىتە نەرسە نەگىدۇر غايىب بولدى. دەل ئاشۇ چاغدا بىر بوۋاق ئاچچىق قىقىراپ دۇنياغا كەلدى. يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق ئوغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى چىراغدەك نۇر چاچماقتا ئىدى. ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى، كىشىلەر ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى، لېكىن قورققىنىدىن بىرمۇ ئادەم كوچىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. روجەكتە ماراپ تۇرغان ھېلىقى توكۇر بالىمۇ قورققىنىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئىچىدە بۇۋىسىدىن ئۆگىنىۋالغان جىن - شاياتۇنلارنى بەنت قىلىدىغان ئايەتنى پىچىرلىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا بىرنەچچە مۇسۇلمان ئالادا يەڭگىپ قالغان ئايالنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۆينىڭ ئىچى قۇرۇغدىلىنىپ قالغانىدى. نەرسە - كېرەكلەرنى يا بىراۋنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى، يا ئۆگزىدىن ئۆتكەن يامغۇر لاتقىسىنىڭ كۆمۈۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

تاڭ ئاتقاندا شەھەردە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى. بۇ شەھەردىكىلەر ئەزەلدىن بۇنداق بەختىيارلىققا چۆمۈپ باقمىغانىدى. ئۇزاق يىلدىن بېرى شىپا تاپالمىغان كېسەللەر پەرۋەردىگارنىڭ مۆجىزىسى بىلەن ساقايدى. ھېلىقى ئايالنىڭ يەڭگەنلىكى ھەم ئەۋلىيا سۈپەت، خاسىيەتلىك بىر بوۋاقنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى ھەممە يەرگە پۇر كەتتى.

ئۇ شۇنچە ئالدىراپمۇ ئىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. يولغا يىقىلغان تامنىڭ كېسەكلىرىنى يۆتكەپ جەسەتنى تاپتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى چەبدەسلىكىدىن جەسەتنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن بۇقىدەك كۈچلۈك ئەرلەرمۇ ھەيران قېلىشتى. ئۇ ئىنىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بورىسىدەك تۇردى، يۈزلىرىنى كاچاتلاپ، چاچلىرىنى چۈگىدى، كىيىملىرىنى قالدۇرماي يىرتىپ تاشلىۋەتتى. كىشىلەر بۇ ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان تەڭداشسىز گۈزەل بەدەنگە قاراشقا پېتىنالماي كېتىپ قېلىشتى.

ئۇ كۈنى كەچ كىردى. كىشىلەر ئازابلىق بىر يىغا ئاۋازىنىڭ قەيەردىندۇر كېلىۋاتقىنىنى تۈن بويى ئاڭلاپ چىقتى. تاڭ ئاتتى. قورساقلىرى سامان تىققان تاغاردەك يوغىناپ كەتكەن بىر ئايال جەسەتكە چەكچەيگىنىچە قاراپ بىر كۈنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. باغرى يۇمشاق بىرنەچچە موماي بۇنداق قىلماڭ، دەپ يېلىنىپ باقتى، گەپ ئاڭلىتالمىدى، ئۆيى تەرەپكە تارتىپ باقتى، مىدىرلىتالمىدى. ئۇستىخانلىرى چۈل - چۈل بولۇپ كەتكەن جەسەت ئاستا - ئاستا ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. بىزەڭ چىۋىنلار ھەر تەرەپكە توختىماي ئۇچۇشاتتى. كونا تاملاردىن، تار كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن، يىقىلاي - يىقىلاي دەپ قالغان مەسچىت قۇببىلىرىدىن غايەت زور يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرىدەك، مۈشۈكنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان نادان جىنلارنىڭ قورقۇنچلۇق مىياڭلاشلىرىدەك ئاۋازلار كېلەتتى.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار جەسەت يېنىدا مۇما ياغاچتەك تۇرغان ئايالنىڭ بېشى ئۈستىگىلا چۈشۈپ قالغاندەك ئىنتايىن پەستە نۇرلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈنكى تاڭ تولىمۇ تەستە ئاتتى، ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدىن ئادەم تۇرماق سۇدىكى بېلىقلارمۇ نەپەس ئالالماي قىينىلاتتى. كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىمەستىن پۈتكۈل شەھەر ئاسمىنىنى خۇددى (ھەممە ئۆيدە ئۆلۈم بولغاندەك) ھازىغا ئوخشايدىغان بىر خىل

ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ يىغا - زارە قىلىشىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ئاۋاز پۈرژىنىدەك تىترەپ، بوراندەك يىراق - يىراقلارغا تارىلاتتى. بۇ يىغىدىن قىيالماسلىق ئامالسىزلىق، گاڭگىراش، ئاجىزلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە شۇ پەيتتە شەھەرنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولمىغانىدى. ئۇ ئاۋازنى ئېنىقىراق چۈشەندۈرگەندە «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» قىلغان سادا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى. يىغا... شەھەر ئاسمىنىدا قاپ - قارا قاناتلىرى غايەت چوڭ، تۇمشۇقلىرى قارىچۇغىنىڭكىدەك، تىرناقلىرى بەئەينى ئارىغا ئوخشاش يوغان بىر نەرسىنىڭ كۆلەڭگىسى پىرقىراپ يۈرگەندەك قىلاتتى. بىر قانچە يەردە توي بولغان بولۇپ، تونۇگۇنكى تام ھادىسىسىنى ئۇنتۇغان كىشىلەر خۇددى بۈگۈنلا يەۋالمىسا ئەتىگىچە ئۆلۈپ تۈگىشىدىغاندەك، تىزىلغان مەزەلەرگە چاپلىشىۋالغانىدى. قازانلار توختىماي پورۇقشىپ قايناۋاتاتتى.

سودا قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتىگەندىلا چوڭ - كىچىك كوچىلارغا ئادەم پاتماي قېلىشقانىدى. بۈگۈن بازار كۈنى ئىدى. شەھەرگە توپان بالاسىدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان ئېشەك ۋە كالا قېتىلغان ھارۋىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشاتتى. كېلىۋاتقانلار، كېتىۋاتقانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى جۇلدۇر ھەم پاسكىنا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ياشاش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران بولاتتى.

ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان، شوتىسىغا باغلاپ قويۇلغان مال - چارۋىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. قاسساپ بازىرى تېخىمۇ تىقما - تىقماق بولۇپ كەتكەنىدى. قان چونكىنىڭ سول تەرىپىگە پۈتلىرى مەھكەم ماتالغان بىر قانچە قوي قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. بېشىغا كىرلەشكەن چىمەن دوپپا كىيىۋالغان، ئورا كۆز بىرەيلەن ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ئايەت ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتەردى-دە، پىچاقنى قويلارنىڭ گېلىغا ئارقىمۇ - ئارقا سۈرۈشكە باشلىدى. قويلار پىچاق تەگكەن ھامان دىرىڭلاپ سەكرەپ قويۇپ، ئارتۇقچە قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى، ئۇلار بىر دەمدىلا ئۆلۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەندەك ئىدى. قوينىڭ گېلىغا ھەر قېتىم پىچاق سۈرۈلگەندە جەسەت يېنىدا تۇرغان ئايالنىڭ يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى ئىنتايىن بىئاراملىق ئىچىدە قالغاندەك سېزەتتى. سانىلىۋاتقان پۇللارنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. چۈۋىنىنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر قەدەم تاشلاشمۇ قىيىنغا توختايتتى، ياز كەلگەندىن بېرى يامغۇر ياغماي شەھەرگە يوقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قالغان مەخلۇقلاردەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار مۇشۇنداق پىژغىرىم كۈنلەردىمۇ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، تۇماق، ئۆتۈك كىيىشىۋېلىشقانىدى. ئوتياش - چۆنەك، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار كوچىلارغا توشۇپ كەتكەنىدى. شەھەر ئاھالىسى ئۆي سايمانلىرى، كىيىم - كېچەك، ئات - ئېشەك جابدۇقلىرىنى ياساپ ساتاتتى. ئالىدىغاندىن ساتىدىغانلار كۆپرەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ شەھەرنى بىر ئالغان چۇقان - سۈرەنلىرى ئەتراپقا قارا بوراندەك تارىلاتتى. شۇنچىۋالا كۈچلۈك ئاۋازمۇ ئايالنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانمايۋاتقاندەك ئىدى. قورساقتىكى بالىنىڭ غەلىتە تەۋرىنىشىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى، خۇداغا شۈكرى بۇ ئاۋات شەھەردىكى ئۇ تۇرغان تار كوچىدىن بازارچىلارمۇ ئۆتمەيتتى. ئۇلار بۇ يولنىڭ ئەگرى - بۈگرىلىكىدىن قورقۇپ، تۈپتۈز ئاۋات كوچىلارنى تاللىۋېلىشقانىدى. بۇ يولدا ماڭمىسا بولمايدىغانلار بولسا، ئەمدى بۇنداق مېڭىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى بۇنداق ماڭسا گۇناھ بولاتتى. بىر ئايال كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئەرۋاھتەك تىك تۇرسا، ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ يەرگە يېقىنلىشالمايتتى.

ھادىسە يۈز بەرگەن يەرگە يىراق بولمىغان جايدا بىر قاراڭغۇ روجەك تۇراتتى. روجەكنىڭ ئۆي تەرىپىدە ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن، بورۇتلىرى يېڭىلا خەت تارتقان توكۇر بالا ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە پات - پات قاراپ قوياتتى. ئايالنىڭ ئۇ يەردە تېخىچە بارلىقىنى، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، شەھەردىكىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئاشۇ توكۇر ئارقىلىق خۇددى تېلېفوندا سۆزلەشكەندەك بىر دەمدىلا ئۇقۇپ تۇراتتى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. جۈمە نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزەن شۇنچە زەئىپ ئاڭلىناتتى. مەسچىتكە چىقىدىغانلار ئادەتتە مۇشۇ كوچا ئارقىلىق ئۆتەتتى. چۈنكى بۇ يول مەسچىت جامائەتكە نىسبەتەن ھەم يېقىن، ھەم سالقىن ئىدى. نامازغىمۇ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

قالمىغانىدى، ساپايىدىن چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ئاۋاز خۇددى بورانغا ئوخشاش گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسلەيتتى.

ھەي-ھەي دۇنيا، ھەي دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟!...

كىشىلەر بۇ تەڭداشسىز سېھىرلىك ناخشىغا ئانچە دىققەت قىلمىسىمۇ قاردەك ساقاللىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈدىغان ئاشۇ توكۇر دىۋانە ساپايى ئارقىلىق بۇگۈنكى ھاياتقا رېزىسورلۇق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھاۋا - جاھان ھەرقانچە قىزىپ كەتسىمۇ ئۈستىگە ئۆي سېلىنىپ، بەئەينى تونىلغا ئوخشاپ قالغان بۇ تۇۋرۇكلىك كوچىلاردىن خۇددى كارىزغا ئوخشاش سالقىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار ئايالنى مىڭنى قارغاپ باشقا يوللار بىلەن ئۆتۈپ كېتىشتى. نامازغا كەلگەنلەرنىڭ زېھنىمۇ جايىدا بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن پۈتۈن ئەس - يادى تېخىچە دەپنە قىلىنمىغان ھېلىقى جەسەت ۋە ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ بىچارە ئايالدا ئىدى.

ئايال ۋە جەسەت تۇرغان يەر تۆت كوچا دوقمۇشىغا يىراق بولمىغان ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، قىيام بولغان كۈن نۇرى ئۇلارنى ۋاشىلدىتىپ كۆيدۈرگىلى تۇردى. تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئاپتاپ كۆرمىگەن، چۈمبەل ئىچىدە خۇددى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بەدەن كۈچلۈك كۈن نۇرىدا جەسەت بىلەن كۆيمەكتە. ئايالنىڭ بەدىنى ئاستا - ئاستا قارىدىغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ قۇيۇنتاز قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ پىرقىرايتتى. ئايال بۇ يەردە يەنە بىر كۈن ئاشۇنداق تۇرسا ئۇنىڭ قاردەك بەدەنلىرى چۆچىلىدەك قارىداپ كېتىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن جېنىنى چىقىپ كەتكەندەك ئازراقمۇ مىدىرلىمايتتى. قورساقتىكى بالا ئاپتاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھېلىقى ئاسماندا ئايلىنىۋاتقان نەرسىگە قوشۇلۇپ «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» ئاۋاز چىقىرىپ چاقپىلەكتەك پىرقىرايتتى. ئايالنىڭ كۆزلىرى جەسەتكە تىكىلگىنىچە ھەرىكەتسىز توختىغانىدى. ئۇ كۆزلەر شۇ تاپتا قورچاقنىڭ چانىقىغا پاتۇرۇپ قويۇلغان مەرۋايىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ھەرگىزمۇ يۇمۇلاي دېمەيتتى. ئۇنىڭ قارىچۇقىغا نەچچە چىۋىن قونۇۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچۇپ كەتتى. توختىماي ئاڭلىنىۋاتقان ساپايى ئۇنى بىردەم مېھرىبان ئانىنىڭ ئەللىيىنى ئەسلەتسە، بىردەم زېمىننى قاپلاپ تۇرغان قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئەسلىتەتتى.

پاتىمەنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى...
ياماي دېسە پۇلى يوق،
چىگىپ كىيگەن پاتىمە...

ناخشا ساداسى بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، يىراقلارغا ئۇچماقتا ئىدى. شەھەردىكى ئەسكى تاملار، تار كوچىلار، كونا مەسچىتلەرمۇ بۇ ناخشىنى بىرلىكتە ئوقۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

جەسەت ئادەمنىڭ كۆزىگە خۇددى ئىنتايىن ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەم گۆشىنىڭ سېسىغان پۇرىقى پۇتكۈل شەھەرگە يامرىماقتا ئىدى. جەسەتنىڭ قول - پۇتلىرىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرىدىن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نېپىز تۇمان ئۆرلەيتتى. ئايالنىڭ كۆزلىرى بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىرمۇ - بىر كۆرۈپ تۇردى، ئاشۇ ھالەت كۈن قايرىلغىچە داۋاملاشتى. ئويلىمىغان يەردىن جەسەتتە تىرناقچىلىكمۇ گۆش دىدارى قالمىدى. ئۈستىخانلار قورۇق ئوتۇندەك شاراقلاپ يەرگە تۆكۈلدى. كۈن غەرب تەرەپتىكى قاقاس تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرىدىغانغا بىر غۇلاچتەك قالغانىدى. يەردە تۇرغان، بىراۋ تىزىپ قويغاندەك نەپىس ئىسكىلىتلار قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، قۇياشتەك نۇر چاچماقتا ئىدى. ئايالنىڭ بەدىنى قورۇمدەك قارىداپ كەتكەچكە، كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمانلىناتتى.

كۈن پېتىش بىلەن تەڭ كارامەت بىر ئىش يۈز بەردى: توپان بالاسى بولىدىغاندەك ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ چېلەكلەپ سۇ قويغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇنداق يامغۇر يېغىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ شەھەردىكىلەر ساراسىمىگە چۈشتى، ئۇلار تېخى تۇنۇگۈنلا شەھەر سىرتىدىكى مازارىغا چىقىپ زاراخەتمە قىلىشقانىدى. يامغۇر سائەتلەپ ياغدى، تېخى توختايدىغاندەك تۇرمايتتى. مۇشۇ پېتى ئۈزۈلمەي بىر كېچە ياغىدىغان بولسا، ئويمانلىقتىكى يەنە كېلىپ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەر تۇرماق، چەكسىز كەتكەن قۇم دېڭىزىمۇ سۇ ئاستىدا قالاتتى. دەريادا تاشقىن باشلانغانىدى. دەريا ياقىسىدىن كېلىۋاتقان چۇقان - سۈرەنلەر نامەلۇم بىر جايدىن كېلىۋاتقان ساپايى ئۈنىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ سىرلىق ئاۋاز «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» قىلغانچە كوچىلارنى ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، مەھەللىدىن

مەھەللىگە ئۆتەتتى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. قىلىچ بىلەن نەيزە بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك، ھەيۋەتلىك تۇغلار بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتقاندەك، بىراۋلار ئاتتىن موللاق ئېتىۋاتقاندەك، ئۆگزىلەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، كوچىلاردا جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك، ئورمانلار گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر نېمىگىدۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك بارغانچە كۈچەيگىلى تۇردى. ئۇنىڭ جەسەت ئالدىدا مۈمىدەك تۇرغىنىغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولاي دەپ قالغانىدى. پۇت - قولىدا ماغدۇرى تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ يىقىلاي دېمىدى. پۈتكۈل دۇنيا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەسرەتلىك ئىڭرىماقتا ئىدى. ئىسكىلىتتىن چىقىۋاتقان كۈچلۈك نۇر، دەھشەتلىك يامغۇردا ھەيكەلدەك تىك تۇرغان، قارىماققا يۈرىكىمۇ ھەرىكەتتىن توختىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇ ئايالنى دائىرە قىلىپ، ئەتراپىنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئايالنىڭ بىر جۈپ كۆزى بۇ كۈچلۈك نۇرغا تۆشۈكتەك قادىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەگەر ئاسمانپەلەك لاتقا بېسىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكىتىنى توختىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دەھشەتلىك يېغىۋاتقان يامغۇر ئۆيلەردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەممۇ تەستە چىقىدىغان دۆڭلەرگە سېلىنغان بىخەتەر ئۆيلەرگىمۇ سۇ كىرىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيا، نالە - پەريادلىرى كۆككە يەتتى. ئۇلار ۋارقىرىشاتتى، يىغلىشاتتى، كىمدىندۇر بىرسىدىن نىجاتلىق تىلەيتتى.

مىڭبىر قىيامەتتە تاڭ ئاتتى، يامغۇر ئاخىرى توختىدى. بىراق تېز - تېز ئۇرۇلۇۋاتقان ساپايىنىڭ ئاۋازى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئايال ھوشىنى يوقاتقاندەك جەسەتكە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئىسسىق بىر نەرسە ئاستا - ئاستا ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرىگە پاتماي چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى.

ئۇ ئەس - ھوشىغا كەلگەندەك بولدى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ نورماللاشتى - دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھايۋاندەك چىرقىرىۋەتتى. جەسەت غايىب بولغانىدى. جەسەتنىڭ ئورنىدا ئادەم چوڭلۇقىدا سېرىق بىر يىلان سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۈچلۈك چىرقىرىغان ئاۋازدىن يىلانمۇ چۆچۈپ كەتتى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالغا ئېچىنىش ۋە ئامالسىزلىق بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىۋېتىپ، يېقىنلا يەردىكى دەز كەتكەن تامغا قىسىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرى ئىت - ئېشەكلەردىن پەرقسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى كىشىلەر تاشلىۋەتكەن پارچە - پۇرات لاتا - پېتىلەردىن تىكىلگەن بولۇپ، شەكلى ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ كىيىم نۇسخىسىغا ئوخشىمايتتى.

ئارىدىن تېزلا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىرەر ئادەم بىلەنمۇ بېرىپ - كېلىش قىلىشمىدى. ئانا كىشىلەردىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ باشقىلارنىڭ بۇ ئائىلىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قىلغان قەستەنلىكىدىن كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ بالىسىنىمۇ نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىشىكى شۇنچە يىللاردىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بوۋاق تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ شەھەردىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئابرويى ناھايىتى تېز ئېشىپ كەتتى. شەھەردىكىلەر ئۇلارغا چوقۇنىدىغان بولدى. ھەممىلا ئادەم ئانا - بالا ئىككىيلەننى بىر كۆرسەك، دەپ ئارزۇ قىلىشىدىغان بولدى. كەلگەنلەر شۇنچە قىلىپمۇ ئۇلار بىلەن دىدارلىشالماي نەزىر ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئىشىك ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇپ كېتىپ قېلىشاتتى. ئائىلىسىدە كېسەل كىشى بارلار، تۇغماس ئاياللار، مېيىپ - مەجرۇھلار، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرى - چۆرىلەر ئۇ خاسىيەتلىك بوۋاقتىن ئىشلىرىغا ئاسانلىق، كېسەللىرىگە شىپالىق تىلەيتتى.

بەزى ھاجەتمەنلەر كۈن - تۈنلەپ سازا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. موماي ئوغلى تۇغۇلغاندىن كېيىن بىرەرمۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغاچقا، كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنى بىر يامانلىقنىڭ بىشارىتى دەپ قارايتتى. ئۇلار ئىشىكنى ئۇراتتى، يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ دەردلىرىنى تۆكەتتى. مومايىنىڭ ئىشىكنى ئېچىشىنى كۈتەتتى. لېكىن، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

بولاتتى. موماي ئەل ئايىغى جىمىققان مەھەلدە كىشىلەر ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويغان يىمەكلىكلەرنى خۇپپىيانە ھالدا ئۆيىگە ئېلىپ كىرىۋالاتتى. كىشىلەر ئۇنى بوۋىقى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئىككىنچىلەپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. بىراق ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ تېخىچە ھايات ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئىشىنىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئەينى چاغدا تۇغۇتلۇق ئايالغا ياردەم قىلغانلارنىڭ ئۆيىدىنمۇ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن كەلسە، بەزىلىرى ئالايىتەن ئەۋلىيالارنى كۆرگەن بۇ كىشىلەرنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن نە - نەلەردىن كېلىشەتتى.

بوۋاق كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە ئۇزاق يىللارغىچە ئانىسىدىن باشقا بىرەرمۇ ئادەمزات بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىنمىدى. ئانىسى ئوغلىنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنى مېڭىشنى ئۆگىنىۋالمىسۇن دەپ، ئەتىدىن - كەچكىچە بۆشۈكتىن يەشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. ئوغلىدىن بىرەر مىنۇتمۇ خاتىرجەم بولالمايتتى.

موماي ئوغلىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان چاغدىمۇ ھېچقانداق غەيرىلىك ھېس قىلماستىن، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئېچىر قىسقاندەك سىلاپ «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ ئەركىلىتەتتى. ئوغۇل بالاغەتكە يەتكەندە ئاران دېگۈدەك «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...»، «غىزژالڭ... غىزژالڭ...» دەپ تىلى چىقتى. بالا ئۇسسىسىمۇ، قورسىقى ئاچسىمۇ «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇراتتى. بەزى چاغلاردا ئانىسى ئۇنى «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ ئەركىلەتسە، ئۇمۇ شۇنداق قىلسىغان ئىش ئوخشايدۇ دەپ، ئانىسىنى «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ ئەركىلىتىدىغان بولدى.

قىسپىلىڭاچ ئايالنىڭ مېڭىسى چاك - چېكىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. جەسەت ئاستا - ئاستا يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ساپايىسىنىڭ ئاسماندىن

كېلىۋاتقان ئاۋازى بارغانچە كۆچىيىپ، ئايالنىڭ تەنسىز روھىنا ياشايدىغان بىر دۇنياغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇلارغا سان - ساناقسىز كېچىلەردە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ تەقدىرى بۇ ئاۋاز بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاۋاز ئاڭلانماي قالسىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكى پوكۇلدايتتى، قورقاتتى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئازابلىناتتى، لېكىن ئۇلار تەلەيلىك ئىدى. ھېلىقى ئاۋاز كۈچەيگەن ھامان بۆشۈكتىكى بالىمۇ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. مەڭزى تۇغاچتەك قىزىرىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتەتتى.

قاپقاراڭغۇ تۆۋرۈكلۈك تار كوچىدا يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان، يۈز - كۆزىنى ساقال - بۇرۇت باسقان بىر كىشى كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنى، ئۇستىخان قۇرۇلۇشىنى، كىيىۋالغان يېرىم يالىڭاچ كىيىملىرىنى ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر «غىزژالڭ... غىزژالڭ...» دېگەن بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى.

ئايال ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە تۆڭلۈك بىلەن ئۆگزىگە چىقىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى. بىر - بىرىگە تۇتاش ئېگىز - پەس ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى قارىماققا ناھايىتى چوڭ قەبرىستانلىققىلا ئوخشايتتى. بۇ ئۆگزىلەر خۇددى جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە تۇتاشماقچى بولغاندەك، يىراقلارغىچە سوزۇلغانىدى. ئادەم قىسمىرلاپ تۇرىدىغان بۇ شەھەردە بىكار قالغان يەرنى ئۇچايلىقچە تاپقىلى بولمىغاچقا، كىشىلەر ئۆگزىلىرىدىن ئاشخانا، ھاجەتخانا، ئامبار ئورنىدا پايدىلىناتتى. ئۇ كېرەكلىك بەزى نەرسىلەرنى كوچىغا چۈشمەيلا ئۆگزىلەرنىڭ بىرىدىن ئوغرىلاپ كېلىۋالاتتى.

ئېرىنى تام بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قالدى. ئۇ، ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئارام تاپماستىن ھەر كۈنى بۆشۈك ياسايتتى. بىر ئايدا ياكى بىر يىلدا ياسىغان بۆشۈك يەنە بىر ئايغا ياكى يىلغا كەلگەندە بالىغا كىچىكلىك قىلىپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئوغلى يەتتە ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئىنتايىن تېزلىكتە بوي تارتتى. ئۇ بالىنىڭ بۇنداق تېز چوڭ بولۇپ كېتىشىنى

خالىسىمۇ ئامال يوق ئىدى. بۆشۈكلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بىر - بىرىدىن غەلىتە بولۇپ، ئۇنى كارىۋات ياكى بولمىسا جىنازا دېگىلى بولمايتتى، كۆرگەن كىشىنىڭ قورقۇنچتىن بەدىنى شۈركىنەتتى. ئانا ئوغلىغا توختىماي جىنلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ جىننىڭ ئوتتىن، ئادەمدىن، جىجىقتىن قورقىدىغانلىقىغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئىنتايىن كۆپ بىلەتتى. شۇڭا ئوغلى جىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئوڭايلا ئايرىلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇ جىجىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئانىسىدىن سوراپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئوت بىلەن ئادەمنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سوراشتىن ئەيمىنىپ نەچچە ئون يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئۇ چوپ - چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا مېڭىشىنى، سۆزلەشنى ئۆگەتمەسلىك نىيىتىدىن ياندىغانىدەك قىلمايتتى. بۆشۈكلەر يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، بىر يېرىم مېتىر بولسا، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، ئىككى يېرىم مېتىر كېلەتتى. ئۆي نورۇسقىچە ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ياغاچلاردىن ياسالغان، چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بۆشۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. بۆشۈكلەر ئارىسىدىنمۇ «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» قىلغان زەئىپ بىر ئاۋاز توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ھويلىغا ئۇنۇپ قالغان جىگدە دەرىخى شاخلىرىنى ھەر تەرەپكە كېرىپ ئۆسكەچكە، ئۆيىنى چۈمكەپ كەتكەنىدى. قېرى جىگدىگە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇنلىغان، پاتمۇچۇق، سالما، يىلان، ئۇچار قۇشلارغا ئوخشاش جان - جانىۋارلار ماكانلاشتى. ھاجەتمەنلەر ئۇششاق شاخلارغا چىگىپ قويغان رەڭگارەڭ لاتا - پۇتىلەرنىڭ كۆپلۈكى ھويلىغا قەبرىستاندەك سىرلىق تۈس بەرگەنىدى. يىلدىن يىلغا كېلىپ - كېتىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا كېيىنكى يىلدا كېلىدىغانلار نەچچە ھەسسىلەپ كۆپىيىپ باراتتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بىمارلارنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتەتتى. نۇرغۇن تۇغماس ئاياللار پاخلاندەك ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ قالاتتى. بىر - بىرىسىگە كۆيۈپ قالغان ئاشىق - مەشۇقلار مۇراد - مەقسىتىگە يېتەتتى.

كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان توكۇر بوۋاي جاھاننى ئۇنتۇغان ھالدا ساپايى چالماقتا. ئۇ توختىماي خىيال سۇرەتتى. ئاپئاق ساقاللىرى كۆز يېشى بىلەن نەمدەلمەكتە ئىدى. ساپايىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۈنى بوشلۇقتا ياڭرىماقتا ئىدى.

ھەي-ھەي! دۇنيا! ھەي دۇنيا!
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟!
مەن-مەن دېگەن يارەننى
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن...!

ساپايىدىن چىقىۋاتقان سادانى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئىختىيارسىز ياش پىلدىرلايتتى. ساپايى ئۇنى خۇددى ھاياتلىقنى ئەسەبىيلەرچە سىلكىتىپ نېمىندۇر بىرنەرسىنى ئىزلەۋاتقاندەك... ئاخىرى بېرىپ «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» قىلغان ھېلىقى ئاۋازغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

بوۋاق يېڭىلا تۇغۇلۇۋاتاتتى. خالىي بىر جايدىكى پەنجىرە كەينىدە توكۇر يىگىت ساپايى چېلىۋاتاتتى. يوللار كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە ئاقماقتا... ساپايى ئاۋازى يەلپۈنۈپ تۇرغان ھاياتلىقنى تىترەتمەكتە... ئاسمانغا تاقاشقان ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە خارابلاشقان بىر شەھەر... ناھايىتى نۇرغۇن، كېلەڭسىز بۆشۈك... ھەممىنى ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن يىلان... بەدىنى كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇۋۇق، بەئەينى نېرۋا كېسەلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئايال كوچا ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك يېغىۋاتقان يامغۇردا قالدى. قۇياش خۇددى ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك قىمىرلاي دېمەيتتى. قۇشلار نەپەس ئالالماي ھالسىزلىنىپ يىقىلماقتا. شەھەرنى ئوراپ تۇرغان تونۇردەك ئىسسىق، چەكسىز كەتكەن چۆللۈك ھاياتلىقنى ئامبۇردەك قىسماقتا ئىدى.

تومۇز كۈنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن دەريانىڭ سۇلىرى تارتىلىپ چوڭ - كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسى چاڭ - توزان بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. موماينىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى. ئىدىشتىكى ئاستىغا بىر قەۋەت لاتىغا

www.uyghurkitap.com

تىنىپ قالغان سۇدىن بىر نوگاي ئىچىپ، بۆشۈكلەر ئارىسىدىكى بوش قالغان بىر جايغا «ئۇھ! . . .» دەپ ئۆزىنى تاشلىدى. ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدىن نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. جىنازىغا ئوخشايدىغان كالامپاي بۆشۈكتە، يۇت - قولى مەھكەم تېڭىلغان، ساقاللىرى چىگىشلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن بالا ئانىسىنىڭ قىلمىۋاتقانلىرىغا سەپسېلىپ ياتاتتى.

ئۆيگە ناھايىتى يىراق بولغان بىر جايدىن «غىژژاڭ. . . غىژژاڭ. . .» قىلغان بوغۇق ھەم زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بىردىنلا ئۇ ئاۋاز يېقىنلىشىپ بۆشۈكلەردىن چىققان ئاۋازغا قوشۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاۋاز ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنى ئايلىنىۋاتقاندەك ئىدى. بۆشۈكتىكى بالىنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈردى. كۆزلىرى جەكچىيىپ خۇشاللىقى تېرىسىگە پاتماي تۇرسىمۇ نىمشىقىدۇر يۈرىكى ئەنسىز رىتىمدە سوقماقتا ئىدى. ھېلىقى ئاۋازنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ھويلىدىكى قېرى جىگدىنىڭ يوپۇرماقلىرى قاردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ھاۋا ھەرقانچە قىزىپ قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتسىمۇ، جىگدە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى كەچ كۈزدە ياكى قارا قىشتا، ھېچ بولمىغاندا تەكلىماكاننىڭ ئەتىيازدىكى قارا بورانلىرىدا ئاندىن تۆكۈلەتتى. ئۇزاققا قالماي ھويلىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسى خازانغا ئايلىنىپ كەتتى. شاخلاردا ئۇنچە - مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان جىگدە مېۋىلىرى، كىشىلەر باغلاپ قويغان كونا - يېڭى، رەڭگا رەڭ تۇغ - ئەلەم، لاتا - پىتىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدى. قېرى جىگدىنىڭ قوۋزاقلىرى ۋە يۇرلاشقان كامارلىرىغا ئۇۋۇلىغان جان - جانىۋارلار پىتىراپ كەتتى.

ھېلىقى ئاۋاز بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. بىردىنلا ئۆي ئىچىنى قورقۇنچلۇق ۋەھىمە قاپلىدى. موماينىڭ پەيلىرى تارتىشقىلى تۇردى، چىرايلىرىدا قان دىدارى قالماي لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاچچىقتىن چىڭ يۇمۇلغانىدى. نىمشىقىدۇر چىشلىرى چاقماق چېقىلغاندەك كارسىلدىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئوغلىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. يامغۇر چېلەكلەپ قۇيماقتا. كوچىلاردا سۇلار دەۋرەپ ئاقاتتى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان ئانىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى. چاچراۋاتقان لاي - پاتقاقلار ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ بەدىنىنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. يىلانغا ئوخشايدىغان بىر نۇر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

كوچا دوقمۇشىدىكى دىۋانىنىڭ نەپەس يوللىرى سىقىلغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ ساپايىنى بارغانچە جىددىيلىشىپ ئەسەبىيلەشكەندەك چالاتتى. مەسچىتنىڭ كونىراپ جۇلغى چىقىپ كەتكەن ئېگىز قوببىللىرىدىن:

ئالدىڭ، ئالدىڭ تويمادىڭ،
بارغانلارنى قويمادىڭ،
بارغانلارمۇ كەلمەدى،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟! . . .

دېگەن ناخشىنىڭ ساداسى كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن ناخشا ئوقۇيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلەملىك خىيال سۈرەتتى. جىگدە دەرىخى ۋە شۇنچە يىللاردىن بېرى بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىغان ھېلىقى ئىشىك ئىچىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى.

ھېلىقى ئاۋاز كىشىنىڭ قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتمىدىغاندەك تۈيغۇ بېرەتتى. ئازاب ۋە قىيالمابىلىق ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. توكۇر تىلەمچى يۈز ئىشىغا پۇشايمان قىلغىلى تۇردى. خاسىيەتلىك بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويغىنىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى، لېكىن ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ساپايىنى مۇرىسىگە زەردە بىلەن ئۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىلىش قىيىن بولغان بىر ئايەتنى ئوقۇغاچ ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ھېلىقى بىر چاغدا كۆرگەن يامغۇرلۇق كېچىدىكى يالىڭاچ ئايال ھەم بەدىنىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بوۋاقتىن باشقا ھېچقاندەك ئەسلىمە قالمىغاندەك ئىدى. شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىغان ئىشىك ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرمەكتە، ئۇ ھېچنەرسىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالدى. كوچىدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، موماي جان تالاشماقتا ئىدى، تولغىناتتى، ئىڭرايتتى،

بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان ئازاب ئۇنىڭ كىكىرتىكىنى سىرتماقتەك بوغۇۋالغانىدى.

ئۆي ئىچىگە سول تەرەپتىكى بۇلۇڭدىن شوپۇڭدەك بىر نۇر سوزۇلۇپ كىرىپ كەلدى. بۆشۈكتىكى بالا بۇ ئىشلارنى بىرمۇ - بىر كۆرۈپ ياتاتتى. نۇر ئۆينى چاقماق تېزلىكىدە ئايلىنىپ مومايىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قوندى. ئۇ خاتا كۆرۈپ قالغانىدى. بۇلۇڭدىن شۇڭغۇپ چىققان نەرسە نۇر بولماي، يىلان بولۇپ چىقتى. يىلان ئىنتايىن تېزلىكتە ئۆزىراپ مومايىنىڭ بەدىنىدىن تىرناقچىلىك يەرنىمۇ قالدۇرماي مەھكەم چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ۋە ئاچىماق تىلىدىن كۆكۈش ئوت چاچرايتتى.

ھايۋانىڭكىدەك قورقۇنچلۇق چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ بۆشۈك ياغاچلىرى قاراسلاپ سۇندى، قول تارتقۇلار تارسىلدىتىپ ئۈزۈۋېتىلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەنىدى. ھېلىقى خۇشاللىق قەيەرگىدۇر غايىب بولدى. بالا ئانىسىنى تاشلاپ، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن تۈڭلۈك ئارقىلىق ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ دەل چىڭقى چۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگزىلەردە قوترىغاندەك يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى.

ئۇ ئىككى تەرىپىگە قاتار - قاتار تۈۋرۈكلەر قويۇلۇپ، ئۈستىگە ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۆيلەر سېلىنىۋېتىلگەن تار كوچىدا ھودۇققىنىچە كېتىپ باراتتى. توختىماي «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ پىچىرلايتتى. نېمىشقىكىن ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە كۈچەيگىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمايتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۇششاق باللار توپىلىق يولغا سىزىپ قويغان چاقماقلىق جىجىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەچكە ئۆزىنى باسالماي «جىجىق...! جىجىق...!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇ ئەتراپىغا تەسۋىرلىگۈسىز ۋەھىمە ئىچىدە تىكىلگىنىچە سەپسالدى. ئۇنىڭغا يېقىنلا بىر يەردە ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى جۇلدۇر كىيىملىك، سېرىق چاچلىرى ئۇششاق - ئۇششاق ئۆرۈپ قويۇلغان بىرنەچچە قىز ئويناۋاتاتتى. قىزلار ئۇ غەلىتە ئادەمنى كۆرۈپ قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشقانىدى. ئۇ غەلىتە ئادەم ئانىسىنىڭ جىن ھەققىدە ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلىرىنى ئېسىگە ئالدى، كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى چاقتەك پىرقىراپ كەتتى. ئۇ كۆزلەردىن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان، ھايۋانلار ئۈركىگەندەك مەنە ئىپادىلەندى. بەدەنلىرىنى تىترەك بېسىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قىمىرلىماي بىرھازا تۇردى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ يەنە كوچىنى بىر ئالغان چاقماق جىجىقا چەكچىيىپ قارىدى-دە، «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» دەپ ئورنىدا تۇرۇپ ئۇچىنى پىرقىرىتىۋېتىپ، «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دېگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى.

سېرىق چاچلىق ھېلىقى قىزلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. ئۆي - ئۆيدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ چىققان ئۇششاق باللارمۇ توپقا قوشۇلدى. ئاخىرىسىدا باللارنىڭ توپىغا چوڭ ياشتىكىلەرمۇ ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ مەقسەتسىز كېتىۋاتاتتى. كېتىۋاتقان بۇ بىر توپ كىشىلەر قىزىل ساقاللىق، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، ئۇزۇن پاچاقلىق بۇ غەلىتە ئادەمنى دوراپ «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...» دەپ بەس - بەستە ۋارقىرايتتى. قارىغاندا ئۇنداق ۋارقىراش ئۇلارغا ئويۇن بولۇپ بەرگەندەك قىلاتتى. كېتىۋاتقانلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى كوچىنى بىر ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان بىچارىلىق، قورقۇش، مىسكىنلىك ئەكس ئېتەتتى. كېتىۋاتقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ساناپ توگەتكىلى بولمايتتى. قوغلاش كەچ كىرگىچە داۋاملاشتى. سېرىق ساقاللىق ئۇ غەلىتە ئادەمگە ئوخشاشلا تولا يۈگۈرۈپ ئەگىشىۋالغانلارنىڭ «ئۇھ...» دېگۈدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ كوچىدىكىلەر يۇلتۇزلار بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى. «ئاخۇنۇم جىجىق» ھەققىدىكى لەتىپە شەھەرگە پۇر كەتتى. بەزىلەر ئۇنى «ناھايىتى كېلىشكەن، چەبدەس، قاۋۇل ئەر ئىكەن... بۇنداق ئەرلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكىلى ناھايىتى ئۇزۇن زامان بولغان...» دېسە، يەنە بەزىلەر «مېنىڭ چوڭ دادام ئاشۇنداق قىزىل ساقاللىق، ئورا كۆز، قارىچۇغا

www.uyghurkitap.com

بورۇن، بۆرىدەك باتۇر ئادەم ئىدى...» دەيتتى. يەنە بىراۋلار بولسا «ئۇ ئۆزىنىڭ تۆگىدەك چوڭلۇقىغا باقماي، توشقاندەك قورقۇنچاق ئىكەن، يىگىت بولسا جىجىقتىن قورقامتى؟!...» دەيتتى. لېكىن بىرمۇ ئادەم ئاخۇنۇم جىجىقنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق، يۈز - كۆزىنى ساقال - بۇرۇت باسقان، بۇ ئادەم قەيەردە جىجىق كۆرسە «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» دەپ ئۇچىنى پىرقىراپ «ئاخۇنۇم... ئاخۇنۇم...»، «جىجىق... جىجىق...» دېگىنىچە ئۆگزىگە چىقىۋالاتتى.

ئۇ بىردەم ئۇ كوچىدا پەيدا بولسا، بىردەم بۇ كوچىدا پەيدا بولاتتى. بىردەم شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدە پەيدا بولسا، بىردەم شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە پەيدا بولاتتى. بۇ ھەقتىكى سۆز - چۆچەكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئاخۇنۇم جىجىق» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالدى. ئاخۇنۇم جىجىق جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنىمۇ كۆرەلەيدىكەن، ئۆلگەنلەر قىلىشقان پاراڭلارنىمۇ ئاڭلىيالايدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا، قاراڭغۇ خىلۇەتلەردە خۇپىيانە ئىشلارنى قىلىدىغانلار، ئىبرىگە، خوتۇنىغا قارا ساناپ باشقىلار بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرگەن... پەسكەش نامەرتلەر... چەكسىز ئىزتىراپ ئىچىگە پاتتى. ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىرلەپ داۋاملىشىپ كەلگەن خاتىرجەملىكى بۇزۇلغاندى.

ئاخۇنۇم جىجىق ئۆيدىن چىقىپلا خۇددا ئۇرغاندەك ئۇششاق باللار سىزىپ قويغان جىجىققا يولۇقۇپ قېلىپ چاتاق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن كوچىلاردا جىجىقمۇ كۆپىيىپ كەتتى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا ناھايىتى توم جىجىق سىزىپ قويىدىغان بولۇۋېلىشتى. بولۇپمۇ بۇ ئىش باشقىلاردىن خۇپىيانە ئىش قىلىدىغان بۇزۇق ئادەملەرگە بولۇپ بەردى. شەھەرنىڭ پۈتكۈل كوچىلىرى تۈرمە رىشاتكىلىرىغا ئوخشايدىغان جىجىق بىلەن توشۇپ كەتتى. كېيىنچە ئاخۇنۇم جىجىققا ھېچقانداق تەرەپكە مېڭىشقا ئىمكانىيەت قالمىدى.

ئاخۇنۇم جىجىقنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. ئۇ شەھەردىكى كىشىلەردىن جاق تويغان ئىدى. بۇگۈن نېمىشقىكىن ھەر كۈندىكىدەك بولمىدى. ئۇ كېتىۋاتقان كوچىدا چوڭ ئادەملەرمۇ، ئۇششاق باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى. كەچ كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يىرىم يالىڭاچ بەدىنىدىن غۇۋاغىنا بىر خىل نۇر يېلىنجىماقتا ئىدى.

ئاخۇنۇم جىجىق تەقدىرى قىسمەت بىلەن دادىسىنى تام باسقان تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاردەك ئاق، چىراغدەك نۇر چېچىپ تۇرغان ئادەم ئىسكىلىتىنىڭ قېشىغا كەلگەندە قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. دەل شۇ چاغدا تامنىڭ قىسىلچىقىدىن ناھايىتى ئۇزۇن بىر يىلان سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى، ئارقىدىن چەمبەرسىمان ھالەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى.

بۇ چاغدا خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، ساپايى تېخىچە چېلىنماقتا ئىدى. شەھەردىكى ھەممىلا نەرسىدىن «غىژژاڭ... غىژژاڭ...» قىلغان ئاۋاز كېلەتتى. ئۇنىڭدىن تاراۋاتقان مۇڭ - ھەسرەتتىن تاغلار توزۇپ، يەر چاراسلاپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

. . . . . . . . . . .

ھەي-ھەي دۇنيا، ھەي دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟!
مەن-مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن..

. . . . . . . . . . .

قارىغاندا قاردەك ساقاللىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، يۈزلىرىدىن نۇر ياغىدىغان خىزىر سۈپەت توكۇر دىۋانە بۇ شەھەردىكى رىژىسسورلىقنى ئالدىراپ ئاخىرلاشتۇرىدىغاندەك قىلمايتتى.

# ئاغىنەمنىڭ ھېكايىسى

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

خېلى يىللار بولۇپ قالدى، بىز سەككىز - ئون ئاغىنە ھەر شەنبە چۈشتىن كېيىن ئاۋات بازار - دۆڭكۆۋرۈكتە جەم بولىمىز. مەقسىتىمىز بىرلىكتە كەيپ قىلىپ، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە لاپ ئېتىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىمىزنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ۋە خۇشاللىقلىرىمىزدىن تەڭ خۇشال بولۇپ، ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىمىزگە قارىتا تەسەللى ۋە مەسلىھەت بېرىش. يېشىمىز قىرىقتىن ئېشىپ قالغاچقىمىكىن، دوستلۇق ئىلگىرىكىدىنمۇ قىممەتلىك ۋە كۆڭۈللۈك بىلىنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىزنىڭ بىلىم قاتلىمىمىز ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز، مىجەز - خۇلقىمىز ۋە ھەۋەسلىرىمىز ئۆزئارا ئوخشىشىپ كەتمىگەن بىلەن، دوستلۇققا بولغان ئەقىدىمىزنىڭ ئوخشاشلىقى بىزنىڭ قەلبىمىزنى بىر - بىرىگە چىڭ باغلاپ تۇراتتى. بەزىدە يوقىلاڭ ئىشلار ئۈستىدە تالىشىپ، بىر - بىرىمىزگە قوللىرىمىزنى شىلتىشىپ پوقىقىمىزنى كېرىشىدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولاتتى. لېكىن بۇ ئىشلار بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا تېرىق چاچالمايتتى. خوشلاشقان چېغىمىزدا ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئايرىلاتتۇق. كېيىنكى شەنبە يۈز كۆرۈشكەندە بولسا، ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەندەك قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كېتەتتۇق.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىر قەدىردان ئاغىنىمىز بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە قازا تاپقاندىن كېيىن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى. چۈنكى، بىزنى ئېغىر قايغۇغا سالغان ۋە قاتتىق چۆچۈتكەن بۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم بىزگە ھامان بىر كۈنى بىزنىڭمۇ يا ئۆز ئەجىلىمىز بىلەن، يا ئاللىقانداق بىر سەۋەب بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانلىقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. بىز ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر زىننىتى بولغان دوستلۇقنى تېخىمۇ قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، شەنبە بىز ئۈچۈن ئىلگىرىكىدىنمۇ قىممەتلىك بىر كۈنگە ئايلىنىپ قالدى. بىر ئاغىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزدىن بولسا كېرەك، ئارىمىزدىن بىرەرسى شەنبىلىك ئۇچرىشىشىمىزغا كېلەلمەي قالسا، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشەتتى. چۈنكى بىز ھەممەيلەننىڭ ياشىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

گۈزەل ياز كۈنلىرىنىڭ بىر شەنبە ئاخشىمى بىز دۆڭكۆۋرۈكتىن «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سىرتتا ئولتۇرۇش ياكى بىرەر رېستورانغا كىرىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپ يول ياقىسىدا تۇرۇپ قالدۇق. دەل شۇ چاغدا بىر ئاككوردېيوننى دولىسىغا ئارتىۋالغان، چاچلىرى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۈستىبېشى ۋەيرانە، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت يېنىمىزغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرقى ۋە قاراشلىرىدىن بىر خىل تېڭىرقاش، ئەنسىرەش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ھوي، سەن رەپىق مۇئەللىمنىڭ ئوغلىغۇ! — دېدى ئارىمىزدىكى تىجارەتچى ئاغىنىمىز. ئۇ دائىم قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بىز ئۇنى «كاناي» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتايتتىق.

ھېلىقى يىگىت ھودۇققان ھالدا «كاناي» غا قارىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ ھازىرلا تۇرمىدىن چىققاندەك كۆرۈنسەنغۇ؟ — دېدى «كاناي» ئادىتى بويىچە ئۈنلۈك سۆزلەپ.

— شۇ يەردىن كەلدىم، بۈگۈن مۇددىتىم توشقانىدى، — دېدى يىگىت يەرگە بېقىپ.

— قانچە يىل ياتتىڭ؟

— سەككىز يىل.

— ھە، شۇڭا ئۆيۈڭگە بارىدىغان يولنى تاپالماي بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپسەن - دە! جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتىمۇ؟ . . . قارا، مۇشۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل ماڭ، بۇ يەر ئۆزگەرگەن بىلەن، مەھەللەڭ ئۆزگەرمىگەندۇ. ئاۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتسەڭلا، ئۆز يولۇڭنى تېپىۋالىسەن.

— رەھمەت، ئاكا، — دېدى يىگىت قورۇنغان ھالدا ۋە مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختا، مۇشۇ نورقۇلۇك بىلەن كىرىپ، بىچارە داداڭنىڭ يۈرىكىنى يەنە ئېزىۋې دەمسەن! «كاناي» يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ يىگىتكە تۇتقۇزدى، — تۇتە بۇنى، ئاۋۇ يايمىچىلاردىن بىر كۆينەك، بىر ئىشتاننى ئال. يولۇڭدا ئۇچرىغان ھاجەتخانىغا كىرىپ كىيىمىڭنى يۆتكىۋال، ئۇقتۇڭمۇ!

يىگىت پۇلنى ئالدى - دە، يۈگۈرگەندەك مېڭىپ يايمىچىلار تەرەپكە كەتتى.

بىز بۇ ئىشلارغا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇردۇق.

— يۈرۈڭلار، رېستورانغىلا كىرىپ كېتەيلى، — دېدى «كاناي» يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھېلىقى يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ.

— يۈرۈڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى «كاناي» بىلەن دائىم چېقىشىدىغان بىر ئاغىنىمىز، — بىزنىڭ «كاناي» بىر جىنايەتچىگە بىر تىزنى ئاتىغىنىدىن قارىغاندا، بىزگە بىر جوزىنى بۇيرۇتتىدىغان ئوخشايدۇ!

«كاناي» چۈشىنىكسىز بىر نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى - دە، ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭدى.

— بايىقى گېپىڭ تازا قاملاشمىدى، — دەپ گەپ باشلىدى «كاناي» بايىقى ئاغىنىمىزغا قاراپ. بىز غىزالىنىپ بولۇپ ئىچىملىككە تۇتۇش قىلغىنىمىزدا.

— قاملاشمىغان نەرى بار؟ — دېدى چېقىشقاق ئاغىنىمىز پىخىلداپ كۈلۈپ، — راست ئەمەسمۇ، تىلەمچى سەدىقە تىلەپ قالسا، تىللاپ قوغلىۋېتىسەن، ئەمدى بىر جىنايەتچى ئۇچراپ قالسا مېھرىبانلىقىڭ تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ مەن تېخى ئۇنى تۇغقىنىڭمىكىن دەپتىمەن.

— ھەي، سەنچۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇغىنىڭ بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، — دېدى «كاناي» ئەستايىدىل قىياپەتتە، — ھازىر بىزدە نېمە كۆپ؟ تىلەمچى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرايلى، شۇ ئادەملىرىمىزدىكى ھورۇنلۇق بىر مۇھىم سەۋەب ئەمەسمۇ! مېيىپ - مەجرۇھلار، ئاجىز - ئورۇق، قېرى - چۆرىلەرنىغۇ مەيلى دەيلى، بۇقىنى كۆتۈرۈپ يەردىن ئۇزۇۋالغۇدەك كۈچى بار بەزى لامزەللەرمۇ ئېرزا تارتماي «توۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى» دەپ قولىنى سوزۇپ يۈرسە، يەنە تېخى، بەرگىنىڭنى ئاز كۆرۈپ ساڭا ئالايسا، ئۇنداقلارنى تىللىغۇڭ كەلمەمدۇ!

— بۇ دېگىنىڭغۇ راست، — دېدى چېقىشقاق ئاغىنىمىز، — لېكىن جىنايەتچى دېگەن تىلەمچىدىنمۇ ئەسكى ئەمەسمۇ!

— قايسىسىنىڭ بەكرەك ئەسكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەن تېخى ئويلىنىپ باقماپتىمەن، — دېدى «كاناي» بىر ئىستاكان پىۋىنى كۆتۈرىۋېتىپ، — ئەمما بايىقى ئىشقا كەلسەك، مەن جىنايەتچىگە خەيرىخاھلىق قىلدىم دېمەيمەن. . .

— ئۆزۈڭنى ئاقلاۋاتىسەن. . .

— توختاپ تۇرمامسەن، مەن گېپىمنى قىلىۋالاي، — دېدى «كاناي» ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

بىر جىمجىت ئولتۇرۇپ، بۇ قىزنىڭ سۆھبەتكە قۇلاق سالدۇق.

— توختاپ تۇرمامسەن، — دەپ تەكرارلىدى «كاناي» چىقىشقاق ئاغىنىمىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، - ئىش دېگەن سەن دېگەندەك ئاددىي ئەمەس. ئۇنىڭ دادىسى مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچۇم. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، پۇلنى تېز سانىغىنىم بىلەن، خەت - ساۋاتىمنىڭ تايىنى يوق مېنىڭ. كىچىكىمدە بەك كەپسىز ئىدىم. بايىقى يىگىتنىڭ دادىسى - مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئاچچىقى يامان ئادەم بولىدىغان. بەزىدە جىلە بولۇپ مېنى «چاڭ»لا قىلىپ بىر - ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋالاتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا بەك ئۆچ ئىدىم. . . كېيىن، باشلانغۇچنى تۈزۈك ئوقۇمايلا مەكتەپنى تاشلىدىم. خەت - ساۋاتنىڭ قەدرىنى بىلگۈدەك بولغىنىمدا، ئاشۇ ئاچچىقى يامان مۇئەللىمنىڭ ئۇرغىنى مەن ئۈچۈن دورا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئادەم دېگەننىڭ ھاياتى ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان گەپكەن. . . ئۆتكەندە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. قېرىپ مۈكچىيىپ كېتىپتۇ، خىرەلەشكەن كۆزلىرىدىن قايغۇ - ھەسرەتنىڭ باشقا ئالامەتنى تاپقىلى بولمايدۇ. مانا بۈگۈن بىلدىمكى، ئۇ بىچارە بوۋاينى شۇ ھالغا سېلىپ قويغان بالا خاپىچىلىقى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئويلاپ باقمامسىلەر، بۇ كەچتە بوۋاينىڭ ئۆيىگە بىر ئەرۋاھ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلسە ( ئوغلى دېگەن ھارامتاماققۇ بۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ )، جېنى ئاران قالغان بوۋاي نېمە بولۇپ كېتەر؟! . . . مەن دادىسىغا خاپىلىقتىن باشقىنى تېپىپ بەرمەيدىغان ۋاپاسىز ئوغۇلنى ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن، ئاز بولسىمۇ مېنىڭ دىلىمغا ئىلىم سالغان ئاشۇ ئوقۇتقۇچۇمنى ئويلىدىم.

خەتنى تازا راۋان ئوقۇيالمىغىنى بىلەن، گەپنى قاملاشتۇرۇپ « جاڭ - جاڭ » سۆزلەيدىغان ئاغىنىمىزنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ كۈلۈمسىرەشتۇق. چىقىشقاق ئاغىنىمىزمۇ ئامراقلىقى كەلگەندەك « كاناي »نىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ پارىڭىمىز تەبىئىي ھالدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكلەرگە. . . مەركەزلەشتى.

بىزنىڭ تالاش - تارتىشلىرىمىز ئەۋجىگە چىققاندا، « كاناي » يەنە ئېغىز ئاچتى:

— سىلەر زىيالىيلار بىر گەپ بولسا، پالانى كىتابتا ئۇنداق دەپتۇ، پۇكۇنى كىتابتا مۇنداق دەپتۇ دەيدىكەنسىلەر. مەن سىلەرگە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، باھانى ئۆزۈڭلار بېرىۋېلىڭلار، — دېدى.

بىز جىم بولدۇق.

— ئېسىڭلاردا بار، ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرى، يەتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا «تارقالاشتۇرۇش» دېگەن بىر شامال، ياق، بىر قارا بوران چىقتى. شيۇجېڭجۇيىچى دېگەنلەر ھۇجۇم قىلىپ قالغۇدەك بولسا، مەخسۇس شەھەرلەردىكى ئىش ئورنى يوق، ئاجىز - ئورۇقلارنى قۇرۇلتۇۋەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ، ئۇلارنى بۇنداق پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ھېلىقى بوران ئۇلارنى يۇرتىدىن ئايرىپ، يىرا - يېزىلارغا ئۈچۈرۈپ ئاپىرىۋەتتى. شۇ مۇساپىرلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ قالغان بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ بىر ناھىيىنىڭ بىر چەت يېزىسىغا بېرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز يىل بويى تىنماي ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا دارامەت ئورنىغا بىر مۇنچە قەرزنى ئارتىۋالىدىغان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ قالدۇق. تىنماي ئىشلەيتتۇق، لېكىن، ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماق ئۇياقتا تۇرسۇن، قورساق تويغۇدەك تاماقنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. قورسىقىڭنىڭ ئاچلىقى بىلەن كارى بولمىغىنى بىلەن، قانداق ئىشلىشىڭ بىلەن كارى بولىدىغان دۇيجاڭلار سېنى ئىشقا ھايداپ تۇراتتى. چىدىمىغاندا قاچاي دېسەڭ، يانچۇق قۇرۇق. شۇ يىلى قىشتا ئاپام توگەپ كەتتى (رەھمەتلىكنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي) . بىز، ھەممە يەر خۇدانىڭ يېرى دېگىنىمىز بىلەن، ئۆلگەندە ئۆز جەمەتىمىزنىڭ يەرلىكىدە يېتىشنى خالايدىكەنمىز.

بىز ئاپامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، مېيىتنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ بارماقچى بولدۇق. بىزنىڭ تىگى - تەكتىمىز شۇ يەردىن ئىدى. ئىشقا كەلگەندە زالىملىق قىلغىنى بىلەن، بۇئىشقا كەلگەندە دۇيجاڭ مەرتلىك قىلدى، ئۇ بىزگە بىر

www.uyghurkitap.com

هارۋىنى بېرىپ تۇردى.

سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاچچىق شىۋىرغاندا ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مۇسىبەت ھەسرىتىدىن باشقا، ئانىمىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئىشلەتكۈدەك خىراجەتنىڭ يوقلۇقى دىلىمىزنى ئۆرتەيتتى. بىزنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىمىز - تاغامدا قالغانىدى. ئۇ ئاپامنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى — بىردىنبىر قېرىندىشى ئىدى.

تاغامنىڭ ھويلىسىغا يىغا - زارە بىلەن كىرگىنىمىزدە، تاغامنىڭ ئايالى چىرقىراق ئاۋازدا يىغلاپ ئالدىمىزغا چىقتى. بىز قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق، بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىشتۇق. تاغامنىڭ يوقلۇقى بىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ بىر ئىش بىلەن يېزىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ماڭغۇزدۇق.

پېشىن يېقىنلىشىۋاتاتتى. بىز بەزى ئىشلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرمىساق بولمايتتى. شۇڭا بىز تاغامنىڭ كېلىشىنى ساقلىماي، ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭ ئايالىغا ئېيتتۇق. ئالدىنقى يىلى ئۇ ئېغىر ئاغرىق بىلەن داۋالانغىلى ئۈرۈمچىگە چىققاندا، رەھمەتلىك ئاپام ئۆزىنىڭ ئاغرىقچانلىقىغا باقماي ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانىدى. تاغامنىڭ ئايالىمۇ: «قېرىنداشلىقنى يەتكۈزدىڭلار، مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۇنتۇپ قالمايمەن. . .» دەپ كۆز يېشى قىلغانىدى. مانا ئەمدى، قېرىنداشلىقنىڭ مېھرىنى يەتكۈزۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا يېتىپ كەلگەنىدى. بىراق، نېمە بولدى دېمەمسىلەر، ئاغىنىلەر، تاغامنىڭ ئايالىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، ئالدىدىكى قايغۇ - ھەسرەتلەرنىڭ ئىزىمۇ قالمىدى.

«قانداقمۇ قىلىشارمىز ئەمدى، بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ تايىنلىق تۇرسا. — دېدى ئۇ سوغۇق ئاھاڭدا، — ئاچىمىزنىڭ چوڭ بولۇپ قالغىنىنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلگەندىكىن، ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىپ قويىدىغان گەپ ئەمەسمۇ!»

مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرغاندا، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش ئادەمگە قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى شۇ كۈنى تارتقان ئادەملەرلا بىلىدۇ. بىزنىڭ يىغىمىز يەنە باشلاندى، بۇ گويا ئانىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاغامنىڭ ئايالىنىڭ مۇزدەك باغرىنى ئېرىتىش ئۈچۈن يىغلانغان يىغىدەكلا قىلاتتى. قاتتىقچىلىق يىللار قاتۇرۇۋەتكەنمۇ، ياكى ئەسلىدىنلا قاتتىقمۇ، بۇنى ئۇقمىدىم، تاغامنىڭ ئايالىنىڭ يۈرىكى ئېرىمىدى، چىرايى شۇ تۇتۇلغىنىچە زادىلا ئېچىلمىدى. بىز ئەمدى ئانىمىزنىڭمۇ ئۆلۈمىنى ئۇزىتالماسمىزمۇ؟! مىڭبىر جاپادا ئېلىپ كەلگەن مېيىتنى بۇ ھويلىدىن ئېلىپ كېتىشكە توغرا كېلەرمۇ؟ بىراق نەگە ئاپىرىشىمىز مۇمكىن؟!

شۇ ئارىدا، تاغامنىڭ ئوغلى - قاپىقىدا بېزى بار، ئون سەككىز ياشلىق يىگىتنىڭ بىر تاغارنىڭ ئۈستىگە كونا پالازنى يېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كاللامدا تۇمەنمىڭ خىياللار پەيدا بولدى، ئانا - بالا ئىككىسىنى تىللاپ - تىللىۋالغۇم كەلدى. لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتىم. «پۇلى يوق ئادەمنىڭ غۇرۇرى بولمايدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، مەن يېشىمنى ئېقىتىپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئولتۇردۇم.

بىزنىڭ ئەمدىكى ئۈمىدىمىز تاغىمىزدىلا قالغانىدى. ئەگەر ئۇمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا. . . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشتىن قورقاتتىم.

مەن تاغامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشقا تەييار بولۇپ قويدۇم.

تاغام ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە بىزنى بىر - بىرلەپ باغرىغا باستى. بايا تاغامنىڭ ئايالىمۇ بىزنى ئەنە شۇنداق قۇچاقلىغانىدى. بۇنىڭ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشنى ئويلاپ يۈرىكىمىز سۇ ئىدى.

«قانداق قىلىمىز ئەمدى، — دېدى تاغام بىزگە تەسەللى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، — ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار بۇ ئۆلۈم. . . بىز ئەمدى ئاخىرەتلىك ئىشلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى.»

بىز دېمىمىزنى ئىچىمىزگە تارتقىنىمىزچە تاغامغا تەلمۈرۈپ قېتىپ قالدۇق. تاغامنىڭ ئايالى كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم قۇرۇق يۆتەلدى. قۇرۇق يۆتەلنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلگەچكە، مەن تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم. مېنى يەنە يىغا تۇتتى. ئۆز ئانىمىزنىڭ

ئاخىرەتلىكنى ئۆز ئالدىمىزغا بىر ياقلىق قىلىشقىمۇ ئىمكان بەرمىگەن يوقسۇزلۇققا مىڭ لەنەت ئوقۇدۇم.

«ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن غەم قىلماڭلار، — دېدى تاغام نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغان ئوغلىغا ئالىيىپ قويۇپ، — ھەممىسىگە مەن ئىگە!» بىر بىر تۇغقان قېرىنداشلار تەڭلا يىغلىۋەتتۇق. شۇ تاپتا مېنىڭ نەزەرىمدە تاغام بىر ئەۋلىيادەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

تاغامنىڭ ئايالىنىڭ سۆرۈن تەلەتىدىن قورۇنۇپ تۇرساقمۇ، رەھمەتلىك ئاپامنى يەرلىككە قويۇۋالغىنىمىزغا شۈكرى دېيىشتۇق.

«بۇ دېگەن مېيىت چىققان ئۆي، سىلەر ھازىدارلار تۇرۇپ، بۈگۈنلا كېتىمىز دېسەڭلار بولمايدۇ، — دېدى تاغام كەسكىنلىك بىلەن، — سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ماڭا مەلۇملۇق... يەتتەنەزىرىنى مۇشۇ ئۆيدە بېرىمىز. مېنىڭ ھالىممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، لېكىن سىلەرنىڭكىدىن ياخشىراق. يەتتە نەزىرگە مەن ئىگە...، — ئۇ ئايالىغا قاراپ سۆزلىدى، — سارىخان، رەھمەتلىك ئاچام ساڭا ئامراق ئىدى. بۇ قېتىم ھەر ھالدا تېتىكرەك بولارسەن...»

ئەر كىشى دېگەن ئۆيدە زەردىلىكرەك بولغىنى ياخشىكەن، دەپ قالدىم مەن شۇ چاغدا. تاغامنىڭ ئايالىنىڭ رەڭگى تاتارغىنى بىلەن، تاغامنىڭ ئالدىدا دېمىنىمۇ چىقىرالماي قالدى.

تاغام ھېلىقى كونا پالازنىڭ تېگىدىكى بىر تاغار گۆرۈچنى نەزىرگە ئىشلەتتى. ئويلاپ بېقىڭلار، ئاغىنىلار، شۇ قاتتىقچىلىق يىللاردا بۇ دېگەن ئاز نەرسە ئەمەس ـ تە!

شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەن يېزىدىن قاچتىم. مەن نەدە پۇل تاپقىلى بولسا. شۇ يەرگە بارماقچى بولدۇم. ئاپامنىڭ ۋاپاتىدىكى ھېلىقى ئىشلار ماڭا بۇ دۇنيادا پۇل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تازا چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى.

مەن ئىچكىرىسىدە يۈردۈم، ئۈرۈمچىدە سائەتچىلىك قىلدىم، چەت ئەلدە مۇڭگۇزچىلىك قىلدىم. ئىشقىلىپ، كىچە ـ كۈندۈز پۇلنىڭ كويىدا يۈرۈپ كۆرمىگەن كۈنۈم، تارتمىغان جاپالىرىم قالمىدى. «سامان بولمىسا لاي ئەتكىلى بولماس، هارام ئارىلاشمىسا باي بولغىلى بولماس» دېگەن گەپ بار. شۇ كۈنلەردە تاپقىنىمغا ھارام ئارىلاشمىدى دېيەلمەيمەن. لېكىن، تارتقان جاپالىرىم بىلەن شۇ ھاراملارمۇ ھالالغا ئايلىنىپ كەتكەندۇ ھەقچان!

مەن نەگىلا باراي، تاغام، ئاشۇ مەرت، ئەۋلىيادەك كىشى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەن تاپقىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەرسەممۇ، ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرالىدىم دەپ ئېيتالمايتتىم.

بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن، ئۇنى يوقلاپ باردىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى قويغىنىمدا، ئۇ رەنجىگەن ھالدا: «پۇللۇق بولغىنىڭدىن خۇشال بولدۇم، ئەمما بۇنى ئالالمايمەن. كۆڭلۈم يامان ئەمەس» دېدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا قىلغان ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىۋېدىم، ئۇ قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى بىلىپ، ئۇ پۇلنى ئالدىمغا «پاققىدە» تاشلاپ: «مېنى شۇ چاغدا ئۆتنە ھېسابىدا شۇنداق قىلدى، دەپ قالغان ئوخشىمامسەن! پۇل سېنى بۇزۇۋەتكىلى تۇرۇپتۇ. بىلىۋال، مەلۇم مەقسەت بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقنى ياخشىلىق دېگىلى بولمايدۇ. مەن ئۇ ئىشلارنى بىر كۈنلەرگە بارغاندا سىلەرنى ياندۇرۇۋېتەر دېگەن تەمەدە قىلغىنىم يوق. ماڭا خۇدادىن يانسا شۇ كۇپايە!»

تەمەخورلۇق، شۇملۇق، تۈزكورلۇق، بەدنىيەتلىك يېغىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا ئادىمي پەزىلەتنىي كىر قوندۇرماي ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەرزىمەس پاخالدەك ھېس قىلىپ قالدىم. قېنى، ئۆزۈڭلار دەپ بېقىڭلار، ھازىر تەمەسىز ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملەردىن قانچىلىكى بار؟

مەن تاغامنىڭ ئالدىدا قەرزدار. مەن بۇ قەرزنى تۆلىۋېتەي دېسەم، تاغام رەت قىلدى. بىر ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا ياندۇرۇلىدىغان جاۋابنى پۇلدىن باشقا يەنە نېمە بىلەن ياندۇرۇشۇم مۇمكىن؟! لېكىن خېلى يىللاردىن بېرى پۇل بىلەنلا ھەپىلىشىپ كەلگەن مېنىڭدەك بىر ئادەم بۇنىڭغا باشقىچە جاۋاب تاپالىشىمۇ قىيىن ئوخشايدۇ.

بۈلتۈر تاغام تۇيۇقسىز ئاغرىپ، ئۈچ كۈن ئۆرۈن تۇتۇپلا تۈگەپ كەتتى. بۇ خەۋەر يېتىپ چىققاندا، مەن رەھمەتلىك ئاپامنىڭ ئۆلۈمىدە

www.uyghurkitap.com

يىغلىغاندىنمۇ بەكرەك يىغلاپ كەتتىم. تىرىكلىكىمدە ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالالمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەتتە قالدىم. بۇنىڭغا ئارىنىڭ يىراقلىقى، ئەڭ مۇھىمى، ئاغامنىڭ ئايالىنىڭ ۋە قاينىسىنىڭ بىزى بار ئوغلىنىڭ ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسام، بۇ دەۋانىنىم يو ئەمەس، ئاغىنىلەر، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ ئەڭ ياخشى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ، ئەڭ داڭلىق دوختۇرلارغا كۆرسەتكەن بولارىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن جىمى دەسمىيىم كەتسىمۇ مەيلىتتى. خۇدا شىپالىق بەرسە، ئۇ ساقىيىپ يەنە بىر نەچچە يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن بولاتتى. لېكىن دۇنيا ياخشى ئادەملەرگە بەكلا تار ئىكەن. ئاغام تېخى ئاتمىشقىمۇ ئۇلاشمىغانىدى. تۇۋا دەيمەن، ياخشىلارنىڭ ئۆمرى نېمانچە قىسقا بولىدۇ؟ كىشىلەرگە شۇملۇقتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بەزى كىشىلەر، نېمە دەيتتى ھېلىقى... ھە، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، يەنە ياشاۋېرىدىكەن... شۇلارنى ئويلىسا، خۇدانىڭ ئادىللىقىغىمۇ شەك كەلتۈرگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ!

مەن رەھمەتلىك ئاغامنىڭ يەتتە نەزىرى، قىرقى نەزىرى، يىل نەزىرلىرىنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. قەبرىسىنى ياساتتىم. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق: ئاغام بىزنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغاندا ئەسقاتقانىدى. بۇنىڭ يەنىمۇ بىر سەۋەبى بار ئىدى. مەن ئاغامنىڭ ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ ئاشۇ چاغدا قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى ئىدىم. بىراق، بۇ ئىشتا ئاغامنى دورىيالمىغانلىقىمدىن، كېيىن قاتتىق خىجالەتتە قالدىم. بىر قېتىم، ئاغامنىڭ ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ: «جېنىم ئوكام، ئاپىڭىز تۈگەپ كەتكەندە ئەجەبمۇ سەت ئىش قىلغانىدىم. سىز كۆڭلىڭىزدە ئاززاقمۇ كىر ساقلىماپسىز...» دېدى. بۇ چاغدا مەن ناھايىتى ئازابلىنىپ كەتتىم. چۈنكى مەن كۆڭلۈمگە ھالال - ھاراملىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەنگەنىدىم.

ئوقۇشنىڭ قەدرى ئاغامنىڭ قەبرىسىنى ياساتقاندا بىلىندى، دېسەم، سىلەر ئىشىنەمسىلەر؟ بۇ دېگىنىمنىڭ ئاززاقمۇ يالغىنى يوق. مەن ئاغامنىڭ قەبرىسىگە مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۈرەلەيدىغان بىر كۇپلېت شېئىرنى يازدۇرماقچى بولدۇم. بىراق مەن خېلى كۆپ كىتاب - ژۇرناللارنى ئاقتۇرۇپمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئىپادىلەپ بەرگۈدەك شېئىرنى تاپالمىدىم. ياخشى شېئىرلارمۇ بارئىكەن، بۇلار شۇنى يازغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولۇپ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تازا بىلدۈرەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. «ھەي ئىست، نېمىشقا ئوقۇمىغاندىمەن!» دېدىم مەن پۇشايمان بىلەن. شۇ چاغدا، مېنىڭ كىچىك چېغىمدىكى - باشلانغۇچتىكى كەپسىزلىكلىرىم، بەتقىلىقلىقىم يادىمغا كەلدى. «بالىلىق - نادانلىق» دەيدىكەن كونىلار. لېكىن خۇدايىم ھەممە نادانلىقنى ماڭىلا بەرگەن بولغىيمىدى... مەن تېخى بالىلىق چاغلار توغرىسىدا پاراڭ بولۇپلاقالسا، ئاشۇ قاملاشمىغان ئىشلىرىمنى سۆزلەپ ماختىنىپ يۈرۈپتىمەن. ماڭا تەربىيە بەرگەن مۇئەللىملەرنى زاڭلىق قىپتىمەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە بايىقى يىگىتنىڭ دادىسىمۇ بار ئىدى. ھەممىدىن جىق زاڭلىق قىلىدىغىنىممۇ شۇ ئىدى.

مەن قەبرە بېشىدا پۇشايمان قىلدىم، قەبرە بېشىدا تۇۋا قىلدىم... بايا مېنىڭ ھېلىقى يىگىتكە بىر تىزنى بەرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر.

«كارناي» ئالدىدىكى يىغىنى كۆتۈرۈۋېتىپ خىيالغا پېتىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ باشقا چاغلاردىكى ھېچكىمگە گەپ بەرمەي تىنىماي سۆزلەيدىغان ئاغىنىمىزغا ئوخشىماي قالغانىدى.

# شېئىرنىڭ بىر قانىتى

(چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ «تەنۇر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا)

ئادىل تۇنىياز

زاماننىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ھاياتلىق ھازىرقى كىشىلەرگە يېڭى بىر خەۋىپتىن سىگنال بەرمەكتە: ھەر كۈنى ئەتراپىمىزغا تۇشۇپ كېتىۋاتقان قۇرۇلمىلار، شەيئىلەر ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئىگىلىگەن پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، كومپيۇتېر، پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر. . . ھامان بىر كۈنى ئادەملەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلىشى ئېھتىماللىقلىرى ئىچىدە ماكان تېز سۈرئەتتە تۇشماقتا. ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئورنى كىچىكلەپ ئادەملەرگە ئادەملەردىمۇ ئورۇن قالمىغان، ھەتتا يېنىدا مىدىرلىغۇچىنىڭ ماشىنا ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالغان. گۆش ۋە قېنىمىز، گۆش ۋە قېنىمىزدىن پەيدا بولغان ھاياجانلىق تۇيغۇ بىزگە: «سەن تىرىك ئادەمسەن» دەپ خىتاب قىلماقتا. بىز بۇ خىتابنى شېئىرلاردىن ئاڭلاۋاتىمىز. ئويلىمىغان يەردىن چىمەنگۈل چىقتى. بىر ئۆزىمىزدىن قورقۇپ يۈرەتتۇق. ئۇ قىزلارنىڭ نوموسچان دۇنياسىنى ئەسەبىيلەرچە ئاشكارىلاپ «ئەي ئادەملەر ئۆزۈڭلارغا قايتىڭلار، شېئىر مانا بۇ يەردە» دەپ چاقىردى. بۇنداق جۈرئەت بىزدە كەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەۋەككۈلچى بىر قىز. سەممىيلىك ۋە ئالدىرافسانلىق بىلەن ئېيتقاندا ياش شائىرەنىڭ بۇ تۇنجى توپلىمى بىر سەبىي قىزنىڭ ئاستا - ئاستا رەسىدە بولۇپ چوڭلار قاتارىغا قېتىلغانلىقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى بىر تۇيغۇنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى دېسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار.

قەدىمكى زاماندا پەيغەمبەرلەر ياكى پېرىخونلار ئۆزلۈكىنى ھالقىغان ئالاھىدە تۇيغۇ ئارقىلىق غايىبانە روھ بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا رېئاللىقتىن ھالقىغان بۇ خىل ئالاقە شائىرلارغا قالدى. شائىرلار ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتى ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن سۆزلەرنى سېھىرلەپ شېئىردىن ئىبارەت بۇ سېھىرگەرلىك قورالىغا ئىگە بولدى. چىمەنگۈل دەل شۇ ئالاھىدە نوپۇزى بىلەن بىزنىڭ شېئىردىن زوقلىنىش ئادىتىمىزگە تەھدىت سالغاندەك قىلىدۇ. ئۇ سۆزلەرنى سىرلىق ۋە نازۇك كەيپىياتقا ئىگە قىلالايدۇ. ئۇ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىن يېقىملىق ئاۋازنى، سۆز مەنىلىرىدىن گۈزەل ئېچىرقاشنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

تۆكۈلەر ھالرەڭ گۈل تۇپراققا سىم - سىم،
مۆڭگۈلانغان كۆزگىمۇ ئوخشىماس قۇياش.
سەزدىڭمۇ سەنمۇ ھەي بىتەلەي بالا،
غېرىبلىق ئەۋجىدە گۈزەلكەن ياشاش.

«تارت مېنى» دىن

ئۇ پېرىخون ئەمەس، لېكىن شېئىرلىرىدا تۇيغۇ ئارقىلىق ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ھەيران قالارلىق جان كىرگۈزىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھەممە نەرسىنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىدىن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تارىخىدا كۆپ دىنلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن سىرلىقلىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنە ئىپادىلەش ئەنئەنىسىگە قارشى چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن باشقا «تەتۇر چېقىن»، «ئۈششىگەن نەپەس»، «روھلارنىڭ قار باسقان جىيەكلىرى»، «ھىجرانىنى كۆيدۈرەر ئاپئاق چۈشىدە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىگە ئەمەس، مەنىسىزلىككە ئىگە قىلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

شائىرنىڭ بۇنداق جۈملە تۈزۈشلىرىگە قاراپ بەلكىم ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلمىسە كېرەك دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. ناھايىتى ئېنىقكى، شائىرەنىڭ شېئىر يېزىش مەقسىتى، سۆز ئارقىلىق مەنىنى ئىپادىلەش ئەمەس، ئۇ شېئىر يازغاندا تەجرىبىگە قارىغاندا تۇيغۇغا، رېئال تۇرمۇشقا قارىغاندا ئۆز سەزگۈسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ بىر خىل ئالاھىدە تۇيغۇنى، دەقىقىلەر ئىچىدىكى ھاياجاننى قوغلاشقان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى نىسبەتەن تۇتۇق بولۇپ، شائىرە ناز ۋە جىلۋە بىلەن شېئىرلىرىنىڭ ئىچىگە مۇكۇۋالغاندەك ياكى ئۆزىنى توختىماي ئەپىچىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەر خىل ئىماگلار (ھېسسىي ئوبرازلار)، تۈرلۈك مەنىدىكى ئىما - ئىشارەتلەر ۋە ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازلار بىلەن تولغان. ھېسسىيات جەھەتتە پىشقان بىر قىزنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىكى نازاكەت ئارقىلىق سۆز جۈملىلىرىدىكى ئىچكى مەنىنى جەزمەن ھېس قىلالايدىغان ھەقىقىي ئەرنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەسلىدە بېسىلغان يوشۇرۇن ئاڭنى پارچە - پارچە كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھازىرقى زامان رەسىملىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئاياللارغا ئورتاق كۈچلۈك بىر ئارزۇنىڭ ياكى ئېيتىشقا بولمايدىغان مەخپىيەتنىڭ رىتىملىق تىنىشىغا ئىگە سۆزلەر ئارقىلىق ئىشكارىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلار قىسقا بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇنلىرى بىرنەچچە كۇپلېتتىن ئاشمايدۇ. بۇنداق تۇساتتىن باشلاپ تېز ئاخىرلاشتۇرۇش شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ئەمەستەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. شېئىر مەڭگۈلۈك روھىي قانائەتسىزلىكنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەلكىم مۇكەممەل بولماسلىقنى شېئىرنىڭ خاسلىقى دېيىشكە بولار. بىراق چىمەنگۈلنىڭ بۇ خىل ئىخچام قۇرۇلمىنى تاللىۋېلىشى يەنە بىر تەرەپتىن مەنە لەززىتىنىڭ ئىنتايىن قىسقا داۋاملىشىشى بىلەن ئاياللار ھېسسىياتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىغان، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نازۇك خاراكتېرىنى ئىپادىلەش رولىغىمۇ ئىگە بولغان. ئومۇمەن بۇ شېئىرلاردا قىزلاردىكى ھېسسىياتچانلىق، ناز ۋە گۈزەل ئەسەبىيلىك، قىزلارنىڭ ھېسسىياتچانلىقى ۋە ئەرلەرگە سىڭىنغان يوشۇرۇن تەھدىت، تۇيغۇ گۈزەللىكى ۋە ئەقىلنىڭ سەلتەنەتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ گارمونىيىلىك رىتىم پەيدا قىلغان.

ئىجادىيەتنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى بولغان يوشۇرۇن ئاڭ ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ پارلاق قاراڭغۇلۇقىدا جىنسنى مەركەز قىلغان ھالدا توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىر ئىنساننى تەتقىق قىلىشتىكى ئۆزگىچە يولى بىلەن روھىي دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرىش جەريانىدا ھامان ئىنساننىڭ جىنسىي مەخپىيىتى بىلەن ئۇچراشماي قالمايدۇ. شېئىرنى باشلاپ ماڭغۇچى ئەمەس، شېئىرنىڭ رىتىمىغا جۆر بولغۇچى شائىر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەيدۇ. قارىغاندا چىمەنگۈل ئۆز سەزگۈسىگە تايىنىپ شېئىرنىڭ بىر يۈنىلىشىنى بايقىۋالغاندەك قىلىدۇ. مەن شائىرەنىڭ يېقىندا بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلغان «توي كېچىسى» ناملىق شېئىرىنى كۆرگەندىن كېيىن توپلامدىكى بەزى شېئىرلاردا بىشارەت بېرىلگەن يېڭى تۇيغۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدىمۇ داۋاملىق پىشىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يوشۇرۇن ئاڭدىن ئۇرغۇپ چىققان نازاكەتلىك غالجىرلىق بار. قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن تىرىك ئاياللىڭ رىتىمى ۋە ئاۋازى بار.

خىرە نۇر باغرىدا ئۇنلىدى كېچە
ئىلاھى ھەسرەتكە سىغدالسا تۇرقۇم.
سەزمىدىڭ ۋە لېكىن ئوتلۇق تىنىڭنى
قۇچاقلاپ تۇرۇشقا يېتەتتى قۇربۇم.
..........................
سىلىقلىغان ئىستەكلەر شاۋقۇنلىغان چاغ
بىلمەيمەن يەتمىدىم نېچۈن قەدرىڭگە.
— «ئايرىلىش» تىن

شائىرە مەۋجۇدلۇقنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە كۆپلىگەن ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ئوخشىمىغان يول تۇتتى. ئۇ تەنىنىڭ ئىستەكلىرىگە، ئىنسان تەبىئىتىگە كۆز يۇمىدى. ئىنساننىڭ جىنسىي ئېڭىنى چاقناتتى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى قاراشلار ئىچىدىكى بىر مىللەتتە قاپ يۈرەكلىك بىلەن تەۋەككۈلچىلىك قىلدى. تەۋەككۈلچىلىك-نىڭ دەرىجىسى ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە

سىلىشتۇرۇشقا تېخى بالدۇر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىزدىنىش يولى ئامېرىكا ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى ئىككى شائىرە سىلۋىيە پىلاس بىلەن ئاننى سىكىستوننى ئېسىمىزگە سالىدۇ. چىمەنگۈل قىزلارنىڭ تەنھالىق ئىچىدىكى نازۇك غالجىرلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

تاتلاپ باقتىم تاملارنى ئاچچىق
سىرغىمىدى لېكىن ئىسسىق قان. . .
— «بوقۇلدايدۇ ئەينەك خىرامان» دىن

شېئىردىكى كەيپىياتنى سىلۋىيە پىلاسنىڭ «ئۆلۈش ۋە تۇۋاركىس» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسراغا سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا بولىدۇ.

Musterbating a glitter
(ئاناننىزم قىلماقتا پارلاق. . . )

ئالدىنقىسىدا يالغۇزلۇق ئەۋجىدىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەردە شائىرە تامنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ تامغا قان ۋە جان ئاتا قىلىدۇ. ھېسسىياتنى ئىماگ (ھېسسىي ئوبراز) نىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇپ، سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ۋاستىلىق ئىپادىلەشتىن شەرق قىزلىرىنىڭ نومۇسچان خاراكتېرىنى ۋە شەرقچە تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ئەكسىچە جىنسقا سەنئەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن بىر جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان سىلۋىيە پىلاس تەندىكى ئىستەكنى سۆزلەرنىڭ ئوچۇق ۋە ئۆزگىچە جايلىشىشى ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلىگەن.

جىنس — ئەڭ قەدىمكى دىنىي پەرھىز. شېئىرىي يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقات جەريانىدا شائىرلار تۇساتتىن دىنىي تۈيغۇ بىلەن جىنسىي ئاڭنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىدا كېسىشىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. تۈيغۇمىزدا تەكرارلىنىپ تۇرغۇچى ۋەھىمىلەردىن، ئاڭسىز ھالدا يېزىلىپ قالغان بەزى شېئىرلاردىن بىز، دىن بىلەن جىنسنىڭ قىسمەن يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنداقتا، ئەمدىلەتىن مەخپىي ھالدا جىنسىي ئاڭنى ئىپادىلەۋاتقان ياش شائىرەنىڭ شېئىرىدا بۇ ئالامەت بارمۇ - يوق؟ بىز ئۇنىڭ «كۆت» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

كۆت مېنى خىيانەت ، كۆت مېنى ئەركىم
كۆت مېنى ئىللىق ئۈن — مۇقەددەس گۇناھ
شائىرە كىمگە خىيانەت قىلماقچى؟

مۇقەددەس گۇناھ زادى نېمە؟ بىز شائىرەنىڭ بۇ مىسراسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇقەددەس كىتابلارغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرايلى.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا قىسسىسى بايان قىلىنغان 7- سۈرە ئەئرافتا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئادەم ۋە ھاۋا يېمەسلىك جېكىلەنگەن بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويۇپ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جەننەتتىن قوغلانغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. دەرەخلەر «خورما دەرىخى» ، «زەيتۇن دەرىخى» دېگەنگە ئوخشاش ئېنىق ئىسىم بىلەن ئاتالغان قۇرئاندا دەرەخ دەپلا تىلغا ئېلىنىش ناھايىتى، ئېنىقكى بۇ ئايەتنىڭ مەنە جەھەتتىكى غۇۋالىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 6 - ئايىتىدە «ئاللا ساڭا كىتابنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر باركى، ئۇلار پۈتۈن قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر بار. . . » دېيىلگەن بولغاچقا ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈرە ئەئرافنىڭ مەنىسىدىن ئىزلىنىش ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلىپ ئىسمى كونكرېت ئېيتىلمىغان بۇ دەرەخ توغرۇلۇق خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلەر ئۇ دەرەخ ئەنجۈر دەرىخى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ دەرەخ بۇغداي دەپ قاراپ دىنىي رىۋايەتلەرنى بايان قىلدى. دىنىي تۈيغۇ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دەرەخ يەر يۈزىدىكى ئادەمزاتنىڭ ئورتاق قىسمىتى، يەنى ئەنجۈر ياكى بۇغداي ياكى ھەرقانداق باشقا دەرەخ يوق يەردىكى ئادەملەرمۇ ھامان بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈچىلەر. ئەڭ ياخشىسى بىز قىياسنى تاشلاپ قويۇپ دەرەخنىڭ مەنىسىنى يەنىلا قۇرئاننىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيلى.

7 - سۈرە ئەئرافنىڭ 18 - ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ «. . . ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار. جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغانچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار. زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر. لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى. . . » دېمەك، شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشى-

دىن قارىغاندا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىش ئۈچۈن ئادەم ئالدى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش كېرەك. ئەمدى 19 - ئايەتتىكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قارايلى. «شەيتان ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى.» دەرەخ توغرىسىدىكى بۇ بايان 20 - سۈرە تاھانىڭ 120_121 ئايەتلىرىدىمۇ تەكرارلىنىدۇ. «شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا مەن ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى... ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى». دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ دەرەخ مېۋىسىنىڭ يېيىلىشى جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئەۋرەت ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئەر - ئايال ئىككى ئادەم تەڭ يەيدىغان، مېۋىنى يېيىشنىڭ ئالدىدا ئەۋرەتلىرىنى ئاچىدىغان، يېگەندىن كېيىن ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالىدىغان، ئىش تۈگىگەندە ئەۋرىتىنى ياپماقچى بولىدىغان بۇ ھەرىكەت جەريانى بىزگە ناھايىتى ئاشكارا ھالدا بىر قېتىملىق جىنسىي پائالىيەتنىڭ باشلىنىپ ئاخىرلىشىش جەريانى ئىكەنلىكىدىن، دەرەخنىڭ جىنسىيەت دەرىخى دەپ ئاتىلىشى مۇمكىنلىكىدىن روشەن بىشارەت بېرىدۇ. جىنس بۇ ئاللانىڭ ئامانىتى. شەيتان بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلدى. شەيتانىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئادەم جىنسىيەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ ئۆلمەي قالدى. (نەسىل قالدۇردى) گۇناھكار بولدى...

خوش. ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، بىز دىنىي تەنقىدات ئارقىلىق شائىرنىڭ ئۇ شېئىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇقەددەس گۇناھنىڭ كېلىش مەنبەسى دىنىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق. شائىرنىڭ دىنىي قارىشى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن بولغان رېئال مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىكلىكى بىزگە نامەلۇم. ئەمما ئىستىخىيىلىك ھالدا بىر دىنىي مىللەتنىڭ تەبەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى شائىر يوشۇرۇن ئاڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان شېئىر يېزىشتىن ئىبارەت غايىۋى ئىجادىيەت جەريانىدا تۇيغۇنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئىلمىي تەنقىدات ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى شېئىر ئارقىلىق جىنسىي پائالىيەت بىلەن دىنىي ئەپسانىلەردىكى مۇقەددەس گۇناھنىڭ بىر نەرسىلىكىنى قەيت قىلدى. شەيتىنىنىڭ كەينىگە كىرىپ يەنىلا گۇناھقا، ئادەمگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادە قىلدى. گۇناھ سادىر بولغان شۇ جايدا ئادەملەرنىڭ ئەسلى تۇيغۇغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئايال شائىرى ئادرىن. رىك «جىنس بولسا شەخسنىڭ، سىياسەت بولسا دۆلەتنىڭ، بۇلار بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى نەرسىلەردۇر» دەپ ئېيتقانىدى. مېنىڭچە ئىنسانلارنىڭ داۋاملىشىشى يەنىلا جىنس بىلەن سىياسەتنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغان ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلانغۇچى ھەر بىر شائىر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھاياتلىقىغا مەسئۇل بولۇش كېرەك. چىمەنگۈل ئۆز تۇيغۇسىنى قانات قىلىپ شەخس سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدا پارلاق پەرۋاز قىلدى. بىراق ئۇ شېئىرلىرىدا ياراتقان بۇ تىرىك ئادەمنى ئۇيغۇر ياكى فرانسۇز دېيىشمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇ پەقەت ھېسسىياتقا ئىگىلا بىر ئادەم خالاس. يات ئەللەرنىڭ شائىرى بىزنى چۈشەنمەيدۇ. بىز باشقا ئەل خەلقلىرىگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويالايدىغان بولۇشىمىز كېرەككى، ھازىرقى دۇنيادا ئازاب مىللىيلىككە ئىگە. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش شېئىردىن تەسەللىي تاپقۇچى بىر مىللەت ئۆز شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزىنى كۆرۈشنى، پۈتۈنلەي ساپ سەنئەت مۇددىئاسىدىكى ئابستراكتنى ئادەمنى ئەمەس، ئۇيغۇرغا تەۋە رېئاللىقتىكى كونكرېتنى ئادەمنى كۆرۈشنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى شائىر بولۇشقا قارىغاندا، ئۇيغۇر شائىرى بولۇش تېخىمۇ تەس!

خۇدانىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن ۋەھىلىرىدە ۋە قەدىمكى دىنىي مۇراسىملاردا شېئىر ئېتىقادنى ئىپادىلەشتىكى مەخسۇس شەكىلگە ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com

شېئىرنىڭ مۇقەددەسلىكى بىر تەرەپتىن شېئىردىكى پىكىرنىڭ مۇقەددەسلىكىدە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ شېئىرغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇ دەۋرگە كەلگىچە نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. بىراق، شېئىردىن ئىبارەت پۈتۈنلەي مېھرىمىزنى ئۈزگىنىمىز يوق. ئۇ بىزگە بۇرۇن بار بولغان نەرسىلەرنى ئەسكە سالىدۇ. كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىدىغان نەرسىلەردىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق غايىۋى ئېتىقادىنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مەرھۇم شائىر نىم شېھىت (1972_1906) شېئىر يازغاندا تاھارەت بىلەن يازىدىكەن. بى تاھارەت قولىغا قەلەم ئېلىشنى شېئىرغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىدىكەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە دادىل ئىزلىنىشلىرىمىز بىلەن خىلۋەت بىر زېمىندا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا يانداشىپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن شېئىرنىڭ قەدىمكى مۇقەددەسلىكىدىن ئېيتقاندا بۇ دەۋردىكىلەر لايىق مۇئامىلىدە بولالمىدۇقمىكىن دەپ ئويلايمەن. بىز شېئىرىيەت تارىخىدىكى مانى دىنى شېئىرلىرى، بۇددا دىنى شېئىرلىرى ۋە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئاجايىپ پاساھەت بىلەن يېزىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، شېئىر ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئالەم بىلەن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى رىتىمنى ئىزلەپ تۇرلۇك دىنلارغا تەۋەككۇل قىلغان بىر مىللەت روھىنىڭ بۈيۈك ئاۋازى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا دەۋرىمىزدىكى شېئىرلارنى ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا پەقەت ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تار دائىرىلىك ئالاقە قورالى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بايرام ۋە پارچە - پۇرات ئىشلارنىڭ ئەرزىمەس خاتىرىسى دېيىش مۇمكىن.

چىمەنگۈلنىڭ توپلىمىنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىسى، يەنى بىر قەلبنىڭ ئازابلىق تارىخى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما بۇ لىرىكىلارنىڭ ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان تەنھالىقتا مۇھەببەت ئىگىسى بولغان ئاشىقنى تېپىش تەس. ئاشىق گويا يوقتەك، ئۇ گويا ئىنسانغا ئەمەس، بىر غايىۋى زاتقا، يوقلۇققا بولغان مۇھەببەتتەك تۇيۇلىدۇ. مەن دەل شۇ نۇقتىدا بۇ مۇھەببەتنى قەدىمكى شېئىرلىرىمىزدا ئىپادىلەنگەن يارانقۇچىنىڭ مەۋھۇم ئوبرازىغا ۋە ئىسلام دىنى كىرگەندىن باشلاپ تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەۋر سۈرگەن سوپىستىك شائىرلارنىڭ غايىۋى يار - مۇكەممەل ئىشق ئىگىسى ئاللاغا بولغان ئاشىق بىقارارلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. شۇنداق بولغاندا تەپەككۇر ئەنئەنىمىزدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، يوقىتىپ قويغان بۈيۈك تۇيغۇلىرىمىزغا قايتا ئېرىشكەندەك بولاتتۇق!

شائىرە بۇ تۇنجى توپلىمى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى قىزلارنى تېخىمۇ نازاكەتلىك ۋە سۆيۈملۈك قىلدى. ئۇنىڭ سېھرى بىلەن قىزلار پەرىزاتقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەممىيلىكى بىلەن بىز بۇ پەرىزاتلارنىڭ ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەر ۋاقىت بىرگە ئوخشاش قىزغىن ھاياجان ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇنىڭ شېئىردىكى تەۋەككۈلچىلىكى ئىنساننىڭ ئېيتقىلى بولمايدىغان جىنسىي مەخپىيىتىنى ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇش. بىراق ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر جۈپ سىرلىق قانىتى بولغان دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىي ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولۇشى ھازىرغىچە ھەربىر دەۋرگە خاتا تۇغۇلۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق شائىرلار ئورتاق دۇچ كەلگەن مەسىلە. ئۇنداقتا چىمەنگۈل بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟

بۇ سوئالغا شېئىرىيەت ئىلاھى جاۋاب بەرسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitab.com

# غەرب ئەدەبىياتىدىكى «بۆرە» ئوبرازى

(ماقالە)

جاك چېگىيون
ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى

## 1. «بۆرە» بىلەن «ئەجدىھا»

غەرب مەدەنىيىتىدىكى «بۆرە» جۇڭگودىكى «ئەجدىھا» بىلەن ئوخشاش ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت تەسەۋۋۇرى، ھايۋانات توتېمى، پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇدرەتنىڭ سىمۋولىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگەشكەن ھالدا دائىم دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇردى، يېڭىلاندى.

ئەجدىھا چىلىن①نىڭكىدەك پۇتى، بوغما يىلاننىڭكىدەك تېنى، بۈركۈتنىڭكىدەك تىرنىقى بار مەخلۇق بولۇپ، ئۇ تەبىئەتتىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ بىرىكمىسى، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ - قۇدرەتنىڭ، تەڭداشسىز ئالىيجاناب پادىشاھ — خانلارنىڭ، مىللەتنىڭ بەرق ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان بۆرە، ئەجدىھادىن پەرقلىق ھالدا ياۋايى قۇدرەتنىڭ ۋە ئانىلىق مۇھەببەتنى نامايان قىلىدىغان مېھرىبانلىقنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ قەھرىمانلار قاتارىغا كىرمەيتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ سۈتى ۋە قېنى ئارقىلىق كۈچ - قۇدرەت تارقىتاتتى، قەھرىمانلارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەتتى.

## 2. قەدىمكى رىمنىڭ قەلئە گېربى

غەرب مەدەنىيىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئەڭ بۇرۇنقى بۆرە ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

رىملىقلارنىڭ ئەجدادى روملۇ بىلەن ئۇنىڭ قوشكېزەك ئىنىسى رىمو دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ھوقۇق تارتىۋالغان تاغىسى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇ بۇ ئىككى بالىنى تەيبۇ دەرياسىغا تاشلىۋەتتى. دەريا سۈيى تېخى رىسقى تۈگىمىگەن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننى ئېقىتىپ بېرىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا بۆرە دەريا بويىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئېمىتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن چوڭ بولۇپ پادىشاھلىق ئورنىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئانا بۆرە ئۆزلىرىنى ئېمىتكەن يەرگە يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلدى. بۇ شەھەرنى كىمنىڭ نامى بىلەن ئاتاش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئاكا - ئۇكىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئاقىۋەت روملۇ ئىنىسى رىمونى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شەھەرگە ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپى «رومى» (ROME) بويىچە ئات قويدى ھەمدە شەھەرنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى بولدى. رىملىقلار ئانا بۆرىنى رىمنىڭ شەھەر گېربى قىلىپ بېكىتتى. ئانا بۆرىنى مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتى دەپ تونۇدى.

قانخورلۇقتىن ئىبارەت ۋەھشىي تۇغما ئىقتىدار ۋە مېھرى - شەپقەت بىلەن جۇلالانغان ئانىلىق خاراكتېر، تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان دەسلەپكى مىجەز. بۆرە سۈتىنى ئېمىپ ۋايىغا يەتكەن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئانا بۆرىدىكى پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇدرەتكە ۋارىسلىق قىلدى، شۇنداقلا ئانا بۆرىدىكى ۋەھشىيلىكنىمۇ ئۆزلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇردى.

روملۇنىڭ ئۆز تاغىسىغا ۋە بىر قورساقتىن چىققان ئىنىسىگە مۇنچىۋالا شەپقەتسىزلىك

① چىلىن — خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە بوغىغا ئوخشايدىغان بەدىنى قاسىراقلىق ھايۋان (تەرجىماندىن)

قىلغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا خۇددى ئانا بۆرە ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغانغا ئوخشاش ئۆز نامى بىلەن ھامىيلىق قىلىشى جەھەتتە مۇنچىۋالا ئىنچىكىلەپ كەتكەنلىكىنى، مۇتلەق ئەقلىگە سىغدۇرغىلى بولمايتتى.

گېگىل، كىمدۇر بىرى ياخشىلىق تارىخىنى يارانقان دەپ بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ يەنە كىمدۇر بىرى رەزىللىك تارىخىنى يارانقان دەپ تېخىمۇ بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ دېگەنىدى. گېگىل نېمانچە قالتىس-ھە!

بۆرە سۈتى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياۋايىلىقنى قەھرىمانلارغا تەقدىم قىلدى. قەھرىمانلاردىكى بۇ ياۋايىلىق، زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىك ئىپتىدائىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جان تومۇرى، ئۇلاردىكى ھاياتلىقنىڭ مەنبىئى ئىدى. ياۋايىلىق بىلەن ياۋايىلىقنىڭ سوقۇلۇشى تۇپەيلى چاقنىغان ئۇچقۇنلار دەل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تاڭ نۇرى بولۇپ قالدى.

قەدىمكى رىم مىللەتلىرىدە خاراكتېر ئىلاھى يوق، ئۇلارنىڭ دىنى غالىبلارغا بولغان مەدھىيە ۋە ياۋايىلىققا بولغان چوقۇنۇشتىنلا ئىبارەت. رىملىقلاردىكى بۇ چوقۇنۇشتا مىننەتدارلىق بىلەن ھەمدۇ - سانا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. كۆپ بولغىنى ياۋايىلىقتىن تەۋەللۇت بولغان كۈچ - قۇدرەت ئىنسانلارنىڭ تومۇرىدا ئەبەدىلئەبەد ئېقىپ تۇرسۇن، ئۇ ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلسۇن دەيدىغان قان رەڭلىك دۇئا - تەكبىر - خالاس!

ياۋايىلىق ھەققىدە قىلىنغان دۇئا - تەكبىر، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى غەرب مەدەنىيىتىدە تىنىمسىز كېزىپ يۈرىدىغان ئەرۋاھقا ئايلاندى.

## 3. چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى بۆرە

بۆرىنىڭ چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى پەزىلىتى ئۇنچە گۈزەل ئەمەس. ۋەھشىي بۆرە ئوبرازى رەزىللىكنىڭ ئاللېگورىيىلەشتۈرۈلۈشى، مۇلايىملىق ۋە مۆمىنلىك بولسا خۇدانىڭ قوزىسى ئىدى. ئوغلاق بىلەن بۆجەننىڭ ۋەھىمە ئىچىدە تىترەۋاتقان مۆڭلۈك كۆزىدىن، بۆرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى.

خۇدانىڭ ھە دېسىلا قوزىنى مەدھىيىلەيدىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم بولسىمۇ قوزا شەكلىگە ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. خۇدا ھەممىگە قادىر بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇزۇلدۇرمەي ئەپسۇن ئوقۇپ قارغاپ يۈرگەن بىلەن، ھېلىقى ۋەھشىي بۆرىنى يەر - يۈزىدىن ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا ئۇنىمايتتى.

چۆچەكلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاقايىد ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈلى ھېسابلىناتتى. بىراق ئۇ شۇنچە چىرايلىق بولغىنى بىلەن مەززىلىك پۇراق چاچالمايتتى. ئۇنى ئەۋرىشكە دېيىشكىلا بولاتتى. ئۇنىڭدا گۈلنىڭ شەكلى بولغىنى بىلەن، گۈلنىڭ ھاياتى يوق ئىدى.

ھاياتلىق دېگىنىمىز تىرىكلىك ئەمەس. تىرىكلىك، غەيرىي ئىنسانىي ھاياتلىق ھالىتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھايۋانلارنىڭ ھاياتلىق ھالىتى. ئىنسانلارنىڭ پېشانىسىگە، ئۇ شۇنداق بىر ھايۋاندۇركى، ناۋادا ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، دېگەن نەرسە پۈتۈلگەنىدى. ئۇ پەقەت ئىجادىيەت ئىچىدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. ھاياتلىق ئىنسان ئۇچۇن تەشەببۇسكارانە ئىجادىيەت ھالىتى، باغلاقتىن بوشانغان ئەركىنلىك ھالىتى ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە پەقەت بىرلا جانلىق رەسمىي ئىنسانغا ئوخشاش تىرىك ياشىدى، ئۇ دەل خۇدانىڭ ئۆزى ئىدى.

خۇدانىڭ ھاياتلىقى يارىتىشتىنلا ئورنىنى تاپتى. ئۇ دۇنيا بار بولسۇن دېۋىدى، دۇنيا بەرپا بولدى. ئۇ يورۇقلۇق بار بولسۇن دېۋىدى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى.

قوزىمۇ خۇدانىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. خۇدا قوزىغا ئىنساننىڭ مىجەزىنى ئاتا قىلىۋىدى، ئۇ ئىنسان خاراكتېرىنى ئالغاندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىدىن مەھرۇم بولدى.

خۇدا يارىتىپ بەرگەن ئېرەمباغ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا پەقەت خىيال ئالەمىدىكى جەننەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېرەمباغنىڭ بەرھەقلىكىگە ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئىنسان، مەيلى ئۇ چاچ

www.uyghurkitap.com

- ساقاللىرى ئۆچەك ئاغرىدەك بوۋاي بولسۇن، باشتىن - ئاياغ نارەسىدە كىچىك بالا پېتى قېلىۋەردى.

ھالبۇكى، نارەسىدە بالىنىڭ سەبى قەلبىدىن يامانلىقلىق بولامدۇ؟

## 4. چۇقان سېلىۋاتقان نېتزى

نېتزىنىڭ يەككە - يېگانە ھالدا: سىلەر ھەددىدىن زىيادە ئىنسان مىجەز بولۇپ كەتتىڭلار دېگەن چۇقان - سۈرەنلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئۇ: ھەي بۈيۈك سەنئەت، سەن ھاياتلىق قۇدرىتىمىزگە تەئەللۇق ياۋايىلىقنى ئۆرىمىزگە قايتۇرۇپ بەر، دەپ نىدا قىلدى. ئۇ شاراب ئىلاھى دىئونىسۇستىن: ئالەمنى يارانقۇچىنىڭ تورمۇشىمىزغا توقۇپ بەرگەن نورلىرى يىرتىلىپ كەتتى. ئىنسانلار يۈكسەك بىر ئورتاق گەۋدىنىڭ ئەزالىرىدەك لەرزان ئۇسسۇل، يەڭگىل ناخشا سادالىرى ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۇلار ئەقىلدىن ئېزىپ، ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئېغىزىنى ئېچىپ سۆزلىيەلەيدۇ، يەرنىڭ بېرىقىدىن سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ چىقىدۇ. دەپ جۆيلىدىغان دەرىجىگە باردى. ئۆزلىرىنى ئىلاھ چاغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئالجىپ قالاي دېدى. ئېگىز جايلاردا تۇرۇۋېلىپ، چۈشكە ئايان بولغان ئىلاھلارنىڭ ھېچگەپتىن - ھېچگەپ يوق ئۆزگىرىپ يۈرگەنلىكىنى دوراپ، ھەرىكەتلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى سەنئەت بۇيۇملىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن قالدى. ئەكسىچە ئۆزلىرى سەنئەت بۇيۇمى بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋالدى. سەن مۇشۇ ئىشلارغا قارىتا ئۆرۈكنىڭ سېھرىي كۈچۈڭنى بىر كۆرسەتمەمسەن دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئىنسان ئەڭ قىممەتلىك تۇپراق، ئەڭ ھۆرمەتلىك مەرمەر تاش ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ مۇجۇقلاندى، يونۇلۇشقا باشلىدى. شاراب ئىلاھىغا دوست تارتىۋاتقان ئالەم سەنئەتكارلىرىنىڭ قولىدىكى ئايپالتىلاردىنمۇ ئىلىيۇسىنىڭ مەخپىي مۇراسىمىدىكى: ئاھ خۇدا، سەنمۇ ھالىڭدىن كېتىپ، يىقىلغان ئوخشىمامسەن؟ ھەي جېكى يوق ئالەم. يارانقۇچىنىڭ بارلىقىنى تويمىدۇڭمۇ؟ دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. دېمەك، شۇ چاغدا نېتزى خۇدا ئۆلدى دەپ جاكارلىغاندى.

نېتزى خۇدا دەپ تىكلەنگەن بۇتلارنى چاقتى. خۇدانىڭ دۇنيا ئۈچۈن تۈجۈپلەپ ئېلىپ بارغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى كۆكۈم - تالقان قىلدى.

ئۆكتىچىلەر غەزەپلەندى:

— سەن ئەخلاقنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا پىتىندىڭمۇ تېخى؟ — دەپ تۈۋلىدى ئۇلار.

— مەن ھاياتلىقنى تۈنجۇقتۇرۇۋاتقان ئەخلاقنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى نېتزى.

— ھەي، خۇدانىڭ بەندىلىرى، — دېدى ئۆكتىچىلەر ئاۋامغا قاراپ، — بۇ ئادەم مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— مەن، — دېدى نېتزى، — مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن چۇقان سېلىۋاتىمەن.

دەرۋەقە، نېتزىدا رىمدىكى بۆرە ئىلاھىنىڭ ئالامەتلىرى بار ئىدى. ئۇ بىر يېڭى دۇنيانى ئېمىتىپ چوڭ قىلماقچى، ئۆزىنىڭ بارلىق ئوقۇرمەنلىرىدىن: سىلەرمۇ بىر خۇدا، سىلەرمۇ بىر يارانقۇچى، سىلەر بۇ دۇنيانى قانداق يولغا سالماقچى بولۇۋاتىسلەر، — دەپ سورىماقچى ئىدى.

## 5. ئىدراك — سەنئەت دېمەكتۇر

ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ تاغدىن چۈشتى-دە، ھال - كۈنى خېلى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان بىر ئىشت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىشت بۆرىنىڭ ھالىغا تولىمۇ ئىچىندى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئىگەمنىڭكىگە بېرىپ، ماڭا

ئوخشاش خىزمىتىدە بولساڭ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك دېگەنلەردىن غەم قىلمايسەن، — دېدى. بۆرە ئۇنىڭغا:

— ئاچ قېلىپ ئۆلسەم ئۆلەيكى، بىر پارچە نانغا خار بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ بويىنىنى زەنجىرگە تۇتۇپ بەرمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ كىرىلوپ يازغان مەسەل ئىدى.

سىگان قىز گارمان گراپىنىڭ ئايالى بولۇشتەك ۋەسۋەسە ئالدىدا ياۋايىلىق چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى چوڭ ئېچىپ. ئىنتايىن مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى كەرگەن ھالدا: مەن بۆرە كەبى قاقاس تاغ، قورقۇنچلۇق جىلغىلاردا ياشاشقا رازىمەنكى، ئەركىنلىكىمدىن ۋاز كەچمەيمەن، — دېدى. بۇ فرانسىيىلىك ئەدىب مېرىمىنىڭ «گارمان» ناملىق رومانىدىكى ۋەقە ئىدى.

قورچاق بولۇپ ياشاشتىن يىرگەنگەن نانا ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە بەل باغلىدى. ئۇنىڭ خوشلىشىش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرى ھازىرقى زامان ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ ئازادلىق خىتابنامىسى بولدى. بۇ دراماتورگ ئىبسىن يازغان «قورچاقلار ئائىلىسى» ناملىق درامىدىكى ئەھۋال ئىدى.

مۇشۇ بىر تالاي ئىشلار، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى بۆرە ئوبرازى ئەركىنلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى.

بۇ يەردىكى ئەركىنلىك، ئىدراكى روھ بولغاچقا، ئۇ دۇئا - تەكبىرگە تايىنىشنى، خۇدا سەدىقە قىلىپ بەرگەن بىر بولكىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى قەتئىي رەت قىلدى. تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا بايلىق ۋە دۇنيا ياراتماقچى بولدى. ئىدراكى دەۋرنىڭ قەھرىمانلىرىدىن دېكارت، نيۇتون، ۋات قاتارلىقلار ئۆزىدىكى ياۋايىلىقنىڭ تۈرتكىسىدە پار ماشىنىسىنىڭ چاقىغا تايىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېرەمباغ چۈشلىرىنى مىجىۋەتتى. ھازىرقى زامان ماشىنا دەۋرىنى ئىجاد قىلدى.

ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىنسانلار: نيۇتون دۇنيا بار بولسۇن دېۋىدى، دۇنيا دەرھال پەيدا بولدى دېيىشتى.

ئىجادىيەت قويىنىدىكى ئىدراكنىڭ ئۆزى سەنئەت ۋە ھاياتلىق ئىدى.

## 6. ھاياتلىقنى سۆيۈش

جېك لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» ناملىق ھېكايىسىدە مۇنداق بىر سىيۇژېت بار: ئالتۇن كولاۋېتىپ يامان كۈنگە قالغان بىر ئادەم ئاچ بىر بۆرە بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئېچىرقاپ كەتكەن ھەمدە ناھايىتى چارچىغانىدى. ئۇلاردىن قايسىسىلا بولمىسۇن پەقەت قارشى تەرەپنى يەۋەتكەندىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى، بۇ ھاياتلىق ئېلىشىشى ئىدى. ئاقىۋەت، ئادەم غالىپ كەلدى. ئۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، بۆرىنىڭ كېكىردىكىنى جان - جەھلى بىلەن چىشلىدى. بۆرىنىڭ قېنى ئالتۇن كولايدىغان بۇ ئادەمگە يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغان كۈچ - قۇدرەت بەردى.

بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن پايدىلانغانلىقى ۋە يەنە تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ ئىكەنلىكىگە، تارىخنىڭ ئەركىن دېھقانچىلىق دەۋرىدىن ھازىرقى زامان سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىغا ئائىت بېشارەت ئىدى.

تارىخ ھامان تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئەقىل ئىقتىدارىنى سىناپ كەلدى. خۇدا قوزىغا ئادەم خاراكتېرى بېرىۋىدى، ئادەم خاراكتېرى ئالغان قورا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئادەملەر ماشىنىلارنى ئىجاد قىلىۋېدى، ئاخىرى بېرىپ ئۆزلىرى ياسىغان شۇ ماشىنىلارغا قول بولدى. ئاۋات شەھەرلەر پولات چىۋىق، سېمونت تۈۋرۈكلەرنىڭ ئورمانلىقىغا ئايلاندى. روھتىن قۇرۇق قالغان ھازىرقى زامان ئادەملىرى تۈركۈملەپ بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرىدەك مۇلايىم، تاتىراڭغۇ، خوش - خوش دەپ قول باغلاپلا تۇرىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدى.

ئېلىيوتنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە قاراپ بېقىڭلار:

ئاچقۇچ ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن
بىرلا ئايلىنىدۇ، پەقەت بىر قېتىم
شۇ ئاچقۇچ ۋەجىدىن ئويلاپ قالىمەن
ئادەملەر ئۆزىنىڭ تۈرمىسىدە جىم
شۇ ئاچقۇچ ۋەجىدىن ئويلاپ قالىمەن
بىردىن تۈرمىسىنى ساقلايدۇ ھەركىم.

..................................................

ئېلىيوت ئەدەبلىك، ئاجىز، ئاق يۈزلۈك، مۇلايىم ئادەم ئىدى. ھالبۇكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە بۆرىلەردىلا بولىدىغان ياۋايى خاراكتېر مەۋج ئۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنھالىقىغا قارىماي، قولىغا رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ شەمشىرىنى

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنيا جەزىرىسىدىن قەدىمكى مۇقەددەس قەدەھنى ئىزدەپ تېپىش كويىدا غەزەپ بىلەن ئالغا قاراپ يۈگۈردى.

قەدىمكى دىنىي نەزىر - چىراقلاردىكى مۇقەددەس قەدەھ ئاياللارغا، شەمشەر بولسا ئەركەكلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۆز نۆۋىتىدە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كۆپىيىش كۈچىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئېلىيوت ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت باياۋانىغا ياۋايىلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى، يېڭى ئەسىر يارىتىدىغان قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتمەكچى بولغانىدى.

لېكىن، 20- ئەسىردىكى مودېرنىزم شېئىرلىرىنىڭ پېشىۋاسى، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىدراكىنىڭ مەر - مەر تاشلىق ئوردا سارايلىرىنى ئۆرۈۋەتكەن باھادىر، ھازىرقى زاماندىكى ماددىي مەئىشەت ئىكۇنالىرىغا بولغان چوقۇنۇشنى چۆل - چۆل سۇندۇرغان بۇ كەپسىز بالىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە كلاسسىك ئېقىمدىكىلەردىن، سىياسىي جەھەتتە مونارخىستلاردىن، ساداقەتمەنلىكتە تەڭدىشى يوق دىنىي مۇخلىسلاردىن ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئەقىلغە سىغمايدىغاب بىر ئىش ئىدى.

ئېلىيوت ھازىرقى زامان مەدەنىيەت جەزىرىسىدىكى كاھىن ئىدى.

قەدىمكى رىم بۆرە ئىلاھىنىڭ تىنىمسىز كېزىپ يۈرگەن روھى تارىختىكى پايانسىز بوشلۇقلارنى كېسىپ ئۆتتى. ياۋايىلىق بىلەن ھەممىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان، ئانىلىق مىجەز بىلەن ئادەملەرنى ئېمىتىپ ئۆرە تۇرغۇزىدىغان، ھەيدىۋەتسە كەتمەيدىغان، چاقىرمىسىمۇ كېلىۋېرىدىغان بۇ ئەرۋاھ دەل غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆكسىمەي مىدىرلاپ تۇرىدىغان جان تومۇرى ۋە ھاياتلىقى ئىدى.

(خەنزۇچە «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 96- يىللىق 3- سانىدىن ئېلىندى)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇڭ!

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىدىغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارە تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال! ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتنى، كۆركەم مۇقاۋا ۋە بەت شەكىللىرى ئارقىلىق قۇمۇل ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە بەدىئىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى يېقىندا يەنە يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدىن كۆڭگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماسلاشماقچى، دەرۋەقە ئۇ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ كۆپ مۇشتىرىلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى ۋە تەرەققىيات ئەھۋاللىرى ئۈستىدە قىزغىن سىردىشىدىغان يېقىن دوستىغا ئايلانغۇسى.

شۇڭا ژۇرنىلىمىز مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىشتىن سىرت، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش كەسپىنىمۇ يولغا قويىدى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. پارچە باھاسى 2.50 يۈەن. يىللىق باھاسى 10.00 يۈەن.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 59 — 58
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1007—452X مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65—1084/I ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شەرقى يولى
پوچتا نومۇرى: 839000
«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# روھتىكى سەنئەت ۋە سەنئەتتىكى روھ

ھۈسەيىن تاشنىڭ «روھنىڭ قۇدرىتى» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

## 1

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى سەنئەت ھۆجەيرىلىرى بىلەن تولغان بولىدۇ. روشەنكى سەنئەتنىڭ مۇنداق مەۋجۇتلۇقى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشتەك ئىچكى، ئىجادىي پائالىيەت جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنداق سەنئەت ھۆجەيرىلىرىنىڭ بەزىلىرى روھىي دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا نىجاتلىق تاپالماي ۋاقىتسىز تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ تۈگىسە، بەزىلىرى روھنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چۆكمە بولۇپ جىمجىت ھالەتتە يېتىۋېرىدۇ. يەنە بەزىلىرى سىرتقى ئالەمدە تەرەققىي قىلىپ ئېتىلىپ چىقىپ خىلمۇخىل سەنئەت شەكىللىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ-دە، روھتىكى سەنئەت بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي قۇدرىتىنى كىتابخانلارغا نامايان قىلىپ ئۇلار بىلەن يېقىنلاشمەقچى، ئورتاقلاشماقچى، سىرداشماقچى، تەسەللىلەشمەكچى بولىدۇ. بۇ دەل روھتىكى سەنئەتنىڭ سەنئەتتىكى روھقا ئايلىنىشىدۇر. شۇنداق، مەيلى روھتىكى سەنئەت بولسۇن ياكى سەنئەتتىكى روھ بولسۇن، ھەر ئىككىسى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغىنى ئادەم چېكىگە يېتەلمەيدىغان پايانسىز كەڭلىكتۇر. شۇڭلاشقا بىز پانىي ۋە باقىي دۇنيادىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغان، روھ بىلەن سەنئەت گىرەلىشىپ كەتكەن ئۈچىنچى بىر دۇنيادا خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يارقىن كەڭلىكىدە توسالغۇسىز يۈرەلەيمىز. پانىي ئالەمنىڭ تراگېدىيىلىرىنى، باقىي ئالەمنىڭ ھالاكەت ۋەھىمىلىرىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ بارلىق تەلەپلىرىمىزنى مۇشۇ ئالەمدىن (روھتىكى سەنئەتتىن، سەنئەتتىكى روھتىن) ئىزدەيمىز. ئىزدەيمىز، ئىزدەيمىز، توختىماي ئىزدەيمىز، بىراق يېتەلمەيمىز... ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنىمىز نېمە؟... بولدىلا... بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يوقىتىش، ئەڭ ئازابلىق تراگېدىيە بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇنىڭمۇ بىر خىل نەسەللى ئىكەنلىكىنى ھامان ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. ھەتتا مىيىقىمىزدا كۈلىمىز. بىزنى كۈلدۈرۈۋاتقىنى، ئازابلىرىمىزنى يەڭگىللىتىۋاتقىنى دەل «روھنىڭ قۇدرىتى» ئەمەسمۇ؟!

## 2

ئاپتورنىڭ ھېكايىدە ئىپادىلىمەكچى بولغىنى تومۇز چۈشلۈكى جەزىرىدە پەيدا بولىدىغان ئالۋۇنغا ئوخشاش غۇۋا ئوبرازلارنىڭ گۈزەل ۋە سۈزۈك تەسۋىرلىرىدە زاھىر بولىدۇ. چۆچەك تۈسىگە ئىگە ئېكراندا تەن بىلەن روھ، روھ بىلەن تەبىئەت، تەبىئەت بىلەن سەنئەت قەدىمكى مەدەنىيەت بىلەن ئەركىنلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، روھ بىلەن سەنئەت بىر-بىرىگە شۇنچىلىك دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. ھېكايىدىكى «مەن» تەنھالىق، غېرىبلىق ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان قىلمىشلىرىدىن بىزار بولۇپ، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۈچىنچى بىر ئالەمگە — روھتىكى سەنئەت ئالىمىگە كېتىدۇ. رېئاللىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەركىنلىك بولمىغان بۇرۇقتۇرمىلىق، زېرىكىشلىك، باش-ئايىغى يوق تراگېدىيىگە تولغان بىمەنە دۇنيادۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى روھ بىلەن سەنئەتتىن ئىزدەيدۇ. ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقىنى سەنئەتنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ، سەنئەتنىڭ ھېچقانداق توسالغۇغا، دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا «مەن» ئاپتوبۇستا ئالا-تاغىل ناخشا توۋلاپ، ئازراق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە «مەن» تەلمۈرگەن، بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان قىز-جەزىرە ئاپتوبۇستا پەيدا بولىدۇ. ئۇلار توسالغۇسىزلا بىر-بىرىگە سىڭىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىشىپ بىر-بىرسىنىڭ كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە «جەزىرە» ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى ياكى ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى ۋە ياكى ئەركىنلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى. شۇڭلاشقا «جەزىرە»، «مەن» بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. بىراق، «جەزىرە» «مەن» گە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مۇتلەق نەۋە ئەمەس. چۈنكى ئۇ قىز رېئاللىقتىكى نولىمۇ ئاددىي شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزنىڭ يىپىندىكى يىگىتنىڭ گالۋاڭلارچە ئولتۇرۇشى ئەلۋەتتە «مەن» نىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرمىۋالغان «كونا ئەخلاق» ۋە ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنىڭ چەكلىمىسىدۇر. ئەسلىدە «مەن» نىڭ ئىزدەيدىغىنى ئەنئەنىدىن چەتنىگەن نوقۇل ئەركىنلىك بولماستىن، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىغا، ئۆز ئېتىقادىغا ماسلاشقان مۇقەددەس ئەركىنلىك ياكى مەنىۋى ئەركىنلىك ئىدى. ئەلۋەتتە «مەن» «جەزىرە» دە مۇنداق ئەركىنلىكنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «مەن» ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇرىغا تېخىمۇ تىرەن شۇڭغۇيدۇ. ئۆز روھىنى مالتىلايدۇ.

3

«مەن» تەبىئەتكە، ئەنئەنىگە، قەدىمكى مەدەنىيەتكە قايتىدۇ. روھتىن ھالقىپ سەنئەت ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى «مەن» ئىزدەۋاتقان يۈكسەك «ئەركىنلىك» نى سەنئەتتىن، تەبىئەتتىن، ئەنئەنىدىن، قەدىمكى مەدەنىيەتتىن تاپمىسا ھازىرقى زامانىۋى شەھەردىن، ئارىلاشما مۇناسىۋەتتىن مەڭگۈ تاپقىلى بولمايتتى ھەم تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا «مەن» ئۆز ئەجدادى ياشىغان ماكان تەكلىماكانغا بېرىپ ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ھالىتىگە قايتماقچى بولىدۇ. گەرچە ئۇ بۇ مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ ھەر ھالدا يېقىنلىشىدۇ. ئادەمنى ھەممىدىن مەپتۇن قىلىدىغىنى ئادەمسىز ھەممە نەرسىدىن خالى قۇملۇقتا «ئايتېكىن» نىڭ يالىڭاچ ھالەتتە يېتىشى، «مەن» بىلەن ئەركىن - ئازادە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى، ئادەم ئاتا بىلەن بىللە ھاۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن پانىي ئالەمگە قوغلاپ چىقىرىلغان ۋاقتىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە! شۇنداق. بۇ ئىككى پېرسوناژنى بىز ئاۋات كوچا رەستىلەردە، زامانىۋى شەھەر كوچىلىرىدا ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان بولساق، ئۇلار «ئەخلاق كىرزىسى» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە «سارالڭ» غا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەركىن دۇنياسىنى يارىتالىغىدا. شۇڭلاشقا «مەن» ئەنئەنىگە ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىنتىلىدۇ. تەبىئىي ھالەتتىكى ياشاش ئۇسۇلىنى ئىزدەيدۇ. راست بۇ تەبىئىي ياشاش ھالىتى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ساپ مەدەنىيەت ئەمەسمۇ؟! . . .

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار نۇتىم قىلغان بۆرىنىڭ يول باشلىشى، ئايتېكىننىڭ ئۆلۈمگە بارلىق جان - جانىۋارلارنىڭ جىمجىت ھالەتتە ماتەم تۇتۇشى، دىۋە مۇڭگۈزىدىن چىققان ھەسرەتلىك ماتەم مۇزىكىسى قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تەقدىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇزىكا «مەن» ئەجدادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەدەنىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ. «مەن» بۇ خىل مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچەلمەيتتى. گەرچە ئۇ ئۆز مەنبەسىنى ئىزدەپ تاپقان بولسىمۇ ئاللىقاچان مەنبەدىن ياتلىشىپ، ساپلىقنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن قۇملۇق مەدەنىيىتىنىڭ روھى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. بۇنداق ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز ھەم تراگېدىيىمىز ئەمەسمۇ؟! ئەلۋەتتە، «مەن» بۇنىڭغا قايىل.

4

ھېكايە قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، رېئاللىق بىلەن خىيال ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلۈپ چۈشىمان مۇھىت شەكىللەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكايىدە «باشلىنىش»، «ئاياغلىشىش»، «كولمىناتسىيە»، «يېشىم» دېگەندەك كونا رامكىلار بۇزۇپ تاشلانغاچقا پېرسوناژلار بوغۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالغان ھەم ئەسەر ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ھېكايە يەنە قارىماققا چۆچەككىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى ھېكايە لىنىيىسى ماكان - زاماندىن خالى ھالدا «مەن» نىڭ روھىي دۇنياسىدىلا قانات يايغان.

ئومۇمەن «روھنىڭ قۇدرىتى» ناملىق ھېكايىدە ھازىرقى بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ياشاش ھالىتىنى سېغىنىشتەك روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىدىن تارتىپ، قەدىمكى مەدەنىيەتكىچە، سەنئەت چۈشەنچىسىدىن تارتىپ ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىگىچە بولغان كەڭ تېما تەبىئىي ياشاش ئۇسۇلى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

# ئامەتچوك ھەققىدە رىۋايەت

(ھېكايە)

مۇھەممەت ئىمىن

ئامەتچوك ھەقىقەتەنمۇ ئامەتلىك ئادەم. بۇ قېتىممۇ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆستۈرۈلۈۋىدى، تولۇمدەك سەمرىپلا كەتتى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئەمىلىگە يارىشا قورساق سالغىنىغا مەستلىكى كېلىپ، سامان تىققان تاغاردەك تومپىيىپ چىقىشقا باشلىغان قورسىقىنى راھەتلىنىپ سىيلىغىنىچە شادلىنىپ كۈلدى. لېكىن ئۇنىڭ شادىيانە كۈلكىسى ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى، كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ بېرىۋاتقان قورسىقى ئۇنى مىڭ تەستە نېسىپ بولغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا ئولتۇرۇش شەرىپىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىۋاتاتتى. دەسلەپتە كاتىپ ۋە خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ كاردەك قورسىقىنى ئىتتاپ بېسىپ تۇرۇپ، كەڭ تاسما بىلەن چىڭ باغلاپ، پىكاپ ئىشىكىدىن بىر ھازا تەرلەپ - پىشىپ ھەپىلىشىپ سىغداپ كىرگۈزۈپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تارتىپ چىقىرىپ قويۇپ يۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئامالمۇ كار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق بىر پۈشۈلداپ ئىنجىقلاپ قويىسىلا ھەرقانچە پىششىق تاسمىمۇ ۋاسسىدە ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. كېيىنچە زاكاز بىلەن ئالاھىدە پۇختا قىلىپ ئىشلەنگەن ئەۋرىشىم پولات تاسمىمۇ ئامەتچوكنىڭ كۆچەپ بىر چوشكۇرۇشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پىس - پىس يىپتەك نەچچە يەردىن ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئۈدۈلىدىن ئۈزۈلگەن تاسما پارچىسى گويا تازا كۆچەپ سوزۇپ قويۇپ بېرىلگەن رەگەتكە تېشىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ، پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىۋاتقان بىچارە كاتىپنىڭ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋەتتى. كۆيۈمچان تەشكىل ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا تەييارلىغان پۇلدىن 100 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ داڭلىق بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتىغا ئىنتايىن پىششىق، پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر پىكاپ ياساتقۇزدى. پىكاپنىڭ ئىشىكى خان سارىيىنىڭ دەرۋازىسىدەك چوڭ، ئۈستى ئاپئاق غوجا گۈمبىزىدەك ئېگىز ئىدى. ئامەتچوك ئالاھىدە لايىھىلەنگەن بۇ پىكاپتا كېرىلىپ بىر يىل ئولتۇردى. پىكاپ بەكمۇ چوڭ بولغاچقا، ئامەتچوك ئۇنى ھاجەتخانا ئىچىگە ھەيدىتىپ كىرىشكە ئامالسىز قالغاندىن باشقا، ئۈچ شوپۇرنى ئارام ئالغۇزماي ئىشلىتىپ، تاغمۇ تاغ، باغمۇ باغ، ئۆيمۇ ئۆي، دۆڭمۇ دۆڭ چاپقۇزدى. پىكاپ يولىغا تۇشلۇق پىششىق ئىشلەنگەچكە، بۇ توختىماي چېپىشلارغىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ھېچنېمە بولمىدى، لېكىن ئامەتچوك كاتتا - كاتتا زىياپەتلەرگە كۆپ قاتنىشىپ كەتكەچكىمۇ، ئەيتاۋۇر تېخىمۇ سەمرىپ كېتىپ، بۇ پىكاپقىمۇ سىغماي قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، يېقىندىن بۇيان ئامەتچوكنىڭ تۈۋرۈكلۈك مەزمۇت پۇتلىرىمۇ قورسىقىنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پۈكلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پۈشۈلدىغىنىچە ھەربىر قەدەم باسقاندا، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز جىغىلدىتىپ، ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك غىرسلايتتى. ناۋادا ئامەتچوكنىڭ يېرىم ئېغىرلىقى ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ماڭغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئۈستىگە شەرەپ بىلەن ئارتىلمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇنىڭ پۇتلىرى راستتىنلا يانجىلىپ، تۈگمەن تېشى ئاستىدا قالغان ياچىۋەكنىڭ پۇتىدەك كۈكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى. گەرچە خىزمەتچى خادىملار باشلىقنىڭ سالامەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە جان تىكىپ مەسئۇل بولۇشتەك پىداكارانە روھىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ پۈتۈن ئەزايىنىڭ چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىشلىرىگە، پۇت - قوللىرىنىڭ ئورۇپ چىقىۋەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىشلىرىغا، ھېرىش - چارچاشتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھە دېسىلا مەست ئادەمدەك مۇدۇرۇپ - دەلدەڭشىپ ۋە يىقىلىپ چۈشۈشلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئامەتچوكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۆلەشتۇرۇپ مېڭىشقا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئامەتچوكنىڭ بىچارە پۇتلىرى ئۇنىڭ كېلەڭسىز تېنىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. تېخىمۇ قاۋۇل خىزمەتچى خادىملار بىرقانچە قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ، كۈچەپ ۋە زورۇقۇپ يۆلەشتۈرۈشلەرمۇ كار قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىش كېرەك؟ تەشكىلىنىڭ بېشى تازا قاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، داڭلىق مېھمانخانىدا بىر ئاي يىغىن ئېچىپ، ئامەتچوڭنىڭ ئالاھىدە پىكاپىلا ئەمەس، زالدەك چوڭ ئىشخانىغىمۇ سىغماسلىق، شۇنچە كۆپ قاۋۇل ئادەملەر كۆچەپ يۆلەشتۇرسىمۇ ماڭالماسلىق مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. بەزىلەر ئۇنى مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن بۇ تەكلىپ پرىنسىپقا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تەرىپىدىن ھەقلىق يوسۇندا رەت قىلىندى. يەنىلا كۆپنى كۆرگەننىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدىكەن، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 99 ياشلىق باشلىقى ھاياجانلانغان ھالدا بىر ھەپتە سۆز قىلىپ، ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىدىن شېپى كەلتۈرۈپ، پرىنسىپسىزلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، پېشقەدەم رەھبىرى كادىرلارنى ئەتىۋارلاش ۋە قەدىرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەتراپلىق شەرھىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ئاجايىپ ئېسىل بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى. بۇ مويسىپىت ئۆز سۆزىنىڭ شۇنچە چوڭ تەسىر قوزغىغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ 2000 گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىغان كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. شۇنداق قىلىپ يىغىندا كاتتا بىر قارار ماقۇللاندى. بۇ قارارنىڭ روھىغا ئاساسەن، يۇقىرىدىن مائارىپقا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن پۇل ئامەتچوڭغا ئۆگزىسى ئاپتوماتىك يوسۇندا ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان زالدىنمۇ چوڭ بىر ئىشخانا سېلىپ بېرىش، چەت ئەلدىن يۈز تونىلىق ئىككى چوڭ ئاپتو.وبىل، ئىككى يېنىك كرىلىن ۋە ئىككى ئېغىر كران سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىنتايىن چوڭ بىر ئاپتوموبىل ۋە ھەيۋەتلىك كرانلىق ماشىنا ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەر زېمىننى تىترىتىپ گۈلدۈرلىگىنىچە ئامەتچوڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختايدىغان بولدى. دەسلەپتە يېنىك كران ئىشلىتىلىۋىدى، ئۆيلىمىغان يەردىن يېنىك كرانىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك بولىشىمۇ ئامەتچوڭنى يەردىن ئۈزۈپ ئالالماي قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتتى. مانا شۇ چاغدىلا قارار چىقارغۇچىلارنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە ئاقىلانىلىكى مەلۇم بولدى. ناۋادا ئۇلار شۇنچە قارشىلىقلارنى يېڭىپ، يەنە ئېغىر تىپتىكى كراندىن ئىككىنى زاپاس ئۈچۈن

سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويۇشنى دانالىق بىلەن قارار قىلمىغان بولسا، خىزمەتچى خادىملار قانچىلىك باش قېتىمچىلىقىغا قالغان بولاتتى-ھە! ھايال ئۆتمەي ئېغىر تىپتىكى كران كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ دىۋىنىڭكىدەك قۇدرەتلىك بىلىكىمۇ ئامەتچوڭنى يەردىن تەستە يۇلۇپ ئېلىپ، يۈز تونىلىق ئاپتوموبىل ئۈستىگە ئاۋايلاپ سالدى. شۇنداقتىمۇ ئاپتوموبىل يەنىلا قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ غىرسلاپ كەتتى. ئاپتوموبىل ئۇنى ئىنجىقلاپ سۆرىگىنىچە يېڭى پۈتكەن ھەيۋەتلىك ئىشخانا بىناسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ھامان ئىشخانىنىڭ ئۆگزىسى ئاپتوماتىك يوسۇندا ئېچىلدى. ئېغىر تىپتىكى كران بىلىكى ئۇنى ئاپتوموبىلدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئىشخانىدىكى ئالاھىدە پۇختا ئىشلەنگەن يوغان تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىشخانا ئۆگزىسى دەرھال ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قالدى. كاتىپ ۋە خىزمەتچى خادىملار ئىشخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كېلىشتى. ھەيران قالارلىقى، ئىشخانا شۇنچە ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىكى ئادەتتىكىچە ئىشىك ئىدى. ئېھتىمال لايىھەلىگۈچىلەر ئامەتچوڭنىڭ ھەرقانچە چوڭ ئىشىكتىنمۇ پاتماسلىقىنى زېرەكلىك بىلەن مۆلچەرلىگەچكە شۇنداق لايىھەلىگەن بولسا كېرەك. كاتىپ ئالدىراپ - تېنەپ بىر دۆۋە ھۆججەتنى ئامەتچوڭنىڭ ئالدىغا يايدى، خىزمەتچى خادىملار چاي دەملەپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. بىرسى ئامەتچوڭنىڭ پېشانىسىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەرنى ئىسسىق لۆڭگە بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتتى، بىرسى ئۇنى ھاموق يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈدى، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئۇگىلىرىنى ئۇۋۇلىدى، بىلىنى تۇتۇپ قويدى. ئامەتچوڭ كاتىپ ئوقۇپ بېرىۋاتقان ھۆججەتلەرنى ئاڭلاۋېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، خورەك ئاۋازى ئىشخانىنى تىترىتىپ زىلزىلىگە سالدى. كاتىپ ۋە خىزمەتچى خادىملار قۇلاقلىرىنى ئېتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ چىقىپ كېتىشتى. ئىشخانا بىناسى ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان ئەرزىيەتچىلەر، پىلان ۋە ھۆججەت تەستىقلىتىشقا كەلگەنلەر كاتىپنى گۇررىدە ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە ئۇنى سوئال - سوراققا كۆمۈۋەتتى. كاتىپ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ لام - جىم دېمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەر توپىنى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. كىشىلەر تاكى كەچ كىرىپ، ئېغىر تىپتىكى كران ئۇيقۇسىغا قانغان ئامەتچوڭنى كۆتۈرۈپ يۈز تونىلىق ئاپتوموبىلغا سېلىپ قويغانغا قەدەر،

تارقاشماي غۇلغۇلا قىلىشتى:

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ بۇنداق كېتىۋەرسە ئىشىمىز قانداق ئاقىدۇ؟

— توۋا، نېمە يېگەنگە شۇنچە سەمرىپ كەتكەندۇ ئۇ؟

— نېمە يەيتتى دەيسەن؟ ئاڭلىشىمچە دەسلەپكى چاغلاردا ناشتىلىقىغا بەش خوراز، چۈشلۈككە ئىككى ئەركەك قوي، كەچلىككە بىر كالا يەيدىكەنمىش. كېيىنچە بۇنىڭغىمۇ تويماس بولۇپ قېلىپ، تاماقنى ئۈچ ۋاخ دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، ئۇدۇل كەلگەندە يەۋېرىدىغان بولۇپ قاپتىمىش. ھازىر كۈنىگە 30 توخۇ، 50 ئۆردەك، 70 غاز، 100 قوي، 200 كالا يەۋېتەرمىش.

— توۋا دەڭلار، توۋا! بۇنچە كۆپ نەرسىلەر قورسىقىغا قانداقمۇ پاتىدۇ؟

— قارنى تويماسنىڭ قورسىقى دېگەنگە ھەر نېمە پاتىدۇ، ئۇكا!

— راست دەيسەن، بۇرادەر! يېقىندىن بۇيان ئۇ يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ يېمىسە قورسىقى تويمايدىغان غەلىتە بىر خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغامىش.

— تېزرەك ئېيتقىنا، يەنە قانداق نەرسىلەرنى يەيدىكەن ئۇ؟

— بۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، ئاڭلىشىمچە ئۇ ھەر ۋاقلىق تامىقىدا ئىككىدىن ئېسىل گىلەمنى، بەشتىن رەڭلىك تېلېۋىزورنى قوشۇپ يەۋېتەرمىش.

— توۋا! توۋا!

— بۇنىڭ توۋا دېگۈچىلىك نېمىسى بار؟ ئامەتچوڭنىڭ بەش مەنزىرىلىك جايدا 10 كاتتا داچىسى، يەنتە شەھەردە 15 چوڭ ئامبىرى بار، قورسىقىغا پاتماي قالغاننى شۇ بەرلەرگىمۇ سىغدۇرۇۋېرىدۇ-دە!

— ھا! ھا! ھا! . . . ئۇمۇ ئامەتچوڭنىڭ تويماس قارنىنىڭ بىر قىسمى دەڭلار!

— شۇنداق بولمايچۇ!

.................................-

قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشقا چاقىرىپ كېلىنگەن ساقچىلارمۇ كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنى باسالمىدى، غۇلغۇلا تاكى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. نېمە ئۈچۈندۇ، ئامەتچوڭ شۇ كۈنى ئىشقا كەلمىدى. چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ ھالدا دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، جەسىتى شەھەر سىرتىدىكى كاتتا ۋە مەخسۇس زەرەتكاھلىققا قويۇلدى. لېكىن ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا، نېمە ئۈچۈندۇ، شۇ زەرەتكاھلىقتىن بىر خىل سېسىق بۇس تارقىلىپ، 50 كىلومېتر ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنى زەھەرلەپ قويدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ سېسىقچىلىقنىڭ ئامەتچوڭنىڭ قەبرىسىدىن تارقىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئالىملار زامانىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئاخىر بۇ سېسىقچىلىق مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەسلىدە ئامەتچوڭنىڭ قورسىقىدا ھەزىم بولۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان نەچچە مىڭ پاتمان نەرسە چىرىپ - سېسىپ، ئاشۇنداق سېسىق بۇسقا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. ئالىملار يوللىغان دوكلاتقا ئاساسەن ئامەتچوڭنىڭ جەسىتىنى قايتىدىن دەپنە قىلىش قارار قىلىندى. زەھەرلىك گازدىن ساقلىنىش نىقابى تاقىغان 100 گۆركار ئۇنىڭ گۆرىنى ئېچىپ بولغۇچە يەنىلا سېسىقچىلىقنىڭ دەستىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ قالدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى يۆتكىگەن 10 گۆركار سېسىقچىلىقتىن تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئاخىر قىممەت باھادا ئىمپورت قىلىنغان ماشىنا ئادەم كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ جەسىتى 300 مېتر چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان گۆرگە قايتىدىن كۆمۈۋېتىلدى. شۇنداقتىمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە شۇ ئەتراپتىن ئۆتكۈچىلەر يەنىلا بۇرنىنى چىڭ ئېتىپ ئۆتمىسە، سېسىق بۇسنىڭ دەستىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىشتەك باجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىشتىن خالىي بولالمىدى.

(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

# يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلىشى

ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ 1995 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «تويلار تىلسىمى» ۋە «باياۋان ئېستېتىكىسى»نى ئوقۇپ، شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى: مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە تىلغا ئالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق بىچارە ھالىتىگە ئاخىر خاتىمە بېرىلىشكە باشلاپتۇ. بېشىمىزنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، قەددىمىزنى كېرىپ مەغرۇر يۈرگۈدەك ھالەتكە يۈزلىنىپتۇق. شائىر ئەخمەتجان ئوسمان ئارقىلىق مىللىتىمىز چەت ئەللەردە ئېغىزغا ئېلىنىپتۇ، ئەپسۇسكى، بىز بۇ ئىشتىن بەكمۇ كېچىكىپ خەۋەردار بولۇۋاتىمىز. بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن بۇيان قاچانلا قارىسا دۇنيادىن ئۆتكىلى مىڭ يىل ياكى بىرنەچچە ئەسىر بولغان ئۇلۇغلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق بولۇپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى مۇشۇنداق ئامالسىزلىققا خاتىمە بېرىشكە يۈزلىنىپتۇق.

دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ھازىرقى كۈندە ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن باشلانغانلىقىنى؛ شۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىن ئالدى بىلەن ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش بىرمۇنچە شائىر چىققاندىن كېيىن پەيدىنپەي ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەدەبىيات تارىخىدا بىر بۆنى «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» دەپ ئاتىغاندۇق. مېنىڭچە، بىز ھازىر دەل مۇشۇ «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى»دە تۇرۇۋاتىمىز. ئەدەبىياتىمىزدا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى باشلانغاندىن تارتىپ بىز بۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ رەسمىي يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىۋاتىمىز.

ئەرەب ئوبزورچىسى نازىم مۇھەننانىڭ شائىرىمىزغا بەرگەن ئادىل باھاسى: «... ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۇ شائىرنى نەگە قويىمىز؟ ئەگەر بۈيۈكلەر رۇخسەت قىلسا، ئاڭا ئالدىنقى رەتلەردىن بوش ئورۇن بارمۇ؟!...» دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ ئەخمەتجان ئوسماننى تونۇۋېلىشىمىزغا كۇپايە ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، مەن بىزنىڭ ئەخمەتجان ئوسماننى تونۇۋېلىشىمىزغا ياردىمى تېگىدىغان چەت ئەل ئوبزورلىرىنىڭ ئايرىم ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمەن ھەمدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ چەت ئەللەردە ئېلان قىلغان بارلىق ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىملىرىنى ئوقۇشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىراتىڭىزلار-دىكى بارلىق خادىملارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرمەكچىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئەخمەت داۋۇت

## ئاپتور ۋە كىتابخانلار سەمىگە

ھەرقايسى قاتلام كەڭ كىتابخانلىرىنىڭ يېقىن دوستى ھەم سىرداشى بولۇپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق سانلىرىنىڭ سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق چىقىرىپ كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە بەدىئىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يېڭىدىن-يېڭى سەھىپىلەرنى قوشتى. ئاپتورلارنىڭ يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، نادىر ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1997 - يىلدىن باشلاپ ژۇرنالنىڭ يەككە باھاسى 4.00 يۈەنگە، يىللىق باھاسى 24.00 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. مۇشتەرىلارنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى سورايمىز.

ژۇرنىلىمىز مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتىن سىرت، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش كەسپىنىمۇ يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83-58
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1012\1
تېلېفون: 2818897، 2819490 ئالاقىلاشقۇچى: سەنەۋەر

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# گارسىيە لوركا شېئىرلىرىدىن

پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى

## مەشۇقلۇق كويى

(روبې. د. ۋېيكانى خاتىرىلەپ)

قاسناقلىرىدا دەريانىڭ ،
شەھلا كېچە قىلماقتا جىلۋە.
سۆيگۈ ئۆچۈن سولغان گۈل شېخى،
رورىتانىڭ كۆكسىدە.
سۆيگۈ ئۆچۈن سولغان گۈل شېخى.
مارت كۆۋرۈكىدە
ناخشا ئېيتار يالىڭاچ كېچە.
يۇيۇنماقتا رورىتا
تۇز سۇبى ۋە گۈل سۇبى ئىلە.
سۆيگۈ ئۆچۈن سولغان گۈل شېخى.
بەديان ۋە كۈمۈش رەڭ كېچە
ئۆگزىلەردە قىلماقتا جىلۋە.
كۈمۈش رەڭدۇر ئېرىق ۋە ئەينەك،
ئاپئاق يوتاڭ بەديان دېمەك.
سۆيگۈ ئۆچۈن سولغان گۈل شېخى.

## روھىم سايىسى

روھىم سايىسى
قاچتى ئېلىپبە گۈگۈمىن بويلاپ،
كەتكەن ئىتراپىنى
تىل ۋە كىتاب تۇمانى قاپلاپ.
ئەي مېنىڭكى روھىم سايىسى!
يەتتىم شۇندا بىر جايغا
ئۇ يەردە سېغىنىش ئوتلىرى ئۆچكەن،
ئۆكسىگەن كۆز يېشى، قەلب جەۋھىرى
ئۆزگە بىر سىياقنى سىياقى ئەتكەن.
ئەي مېنىڭكى روھىم سايىسى!

ھەسرەت پاختىلىرى
تۈگىگەن خوراپ،
لېكىن ئەقىل جەۋھىرى
تۇرماقتا تېخىچە ۋىلىلداپ چاقناپ:
ئۇ مەنسۇپتۇر
لەۋلىرىم ۋە قاراقلىرىمغا
بۆتكەن چۈش مەزگىلى تۇرغان ئويناقلاپ.
غۇۋا يۇلتۇزلار
پايخان ئەتكەن تىلسىملار قەسرى
قىلدى چېگىش
قۇرۇپ قالغان خىياللىرىمنى.
ئاھ مېنىڭكى روھىم سايىسى!
خىيالىي تۈيغۇ
كۆزلىرىمنى سىقار شۇ قەدەر.
كۆردۈم ئەنە تۇردۇ بىر سۆز:
ئۆلدى سۆيگۈ، يەتتى كۆپ زەرەر.
بۇلبۇل!
ئەي بۇلبۇل!
سايراۋاتامسەن تېخىچىلا سەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئەللەي ناخشىسى

ئۇخلا.
قورقمىغىن
كوچا كەزدى قاراقچىن.
ئۇخلا، تېزرەك شېرىن چۈش كۆرگىن.
يوق ساڭا زەخمەت
كېپىنەك،
سۆزلەر،
قولۇپ تۆشۈكىدىن چۈشكەن نۇرلاردىن.
ئۇخلا، تېزرەك شېرىن چۈش كۆرگىن.

سۇپسۇزۇك ئەينەك
يۈركىمىسەن
مېنىڭ بەئەينى،
سەن بىر باغسەن، كۈتمەكتە ئۇندا
مۇھەببەتلىك تۇيغۇلار مېنى.
تەشۋىشلەنمە، ئۇخلىغىن تېزرەك،
چوقۇم يەنە ئويغانغىن بىراق.
لەۋلىرىمدىن ئاداققى سۆيۈش
ئۆچكىنىدە، كەتكەندە يىراق.

## ئاچال

شەرق شامىلى
كوچا چىراغلىرى،
خەنجەرلەر
سانجىلغان يۈرەكلەرگە.
تارتىشقان تارلار
تىترىمەكتە
رەستىلەردە.

ئوخشاپ زور بىر
روچمۇنىگە.
كۆردۈم ئەنە
ھەممە يەردە
خەنجەرلەر
سانجىلغان يۈرەكلەرگە.

## چەۋەنداز ناخشىسى

قاراقچىنىڭ
قارا رەڭلىك ماھىدا
تۇمۇر تەپكە ئېيتماقتا ناخشا.
ئەي قارىغىر ئات
ئۆلگەن چەۋەندازلارنى ئېپ ماڭدىڭ قايان؟
قاراقچى ھالسىز
چۇلغۇۋرنى تارتقۇدەكمۇ يوق ماجالى،
لېكىن چەبدەس شۇنچە تۇمۇر تەپكۈسى.
ئەي مۇزلاپ كەتكەن ئات،
ئۆتكۈر تىغ چېچەكلەر نەقەدەر خۇشبۇي!

قارا رەڭلىك ئايدىكى
مۇرانا تاغلىرىدا
ئىسسىق قانلار ئاقماقتا دەۋرەپ.
ئەي قارىغىر ئات،
ئۆلگەن چەۋەندازلارنى ئېپ ماڭدىڭ قايان؟
دېۋتىمەكتە كېچە يۇلتۇز نۇرلىرى بىلەن
قارا رەڭلىك بېقىنلىرىغا.
ئەي مۇزلاپ كەتكەن ئات،
ئۆتكۈر تىغ چېچەكلەر نەقەدەر خۇشبۇي!
گۈلخان مۈڭگۈزلىرى، چۇقان - ساداالار

قىلار جىلۋە
قارا رەڭلىك ئاينىڭ ئۈستىدە!
ئەي قارىگىر ئات،
ئۆلگەن چەۋەندازنى ئېپ ماڭدىڭ قايان؟

# خۇئان رامون خىمېنېز[1]

ئۇ ئاجايىپ ئوبرازنى قويغان يىتتۈرۈپ
پايانى يوق ئاپئاق قار چېچەك،
تۈن لەيلىسى، تۈز كانلىرىدا.
مانا ئەمدى ئاق رەڭلەر
يۇرمەكتە مېڭىپ
كەپتەر پەيلىك ئۈنسىز گىلەمدە.
كۆرمەكتە بىر چۈش كۆزلىرىسىز ئۇ،
يوق ئۈنىڭدا نە بىرەر شەپە،
ھېس تاشقىندار لېكىن قەلبىدە.
ئۇ ئاجايىپ ئوبرازنى قويغان يىتتۈرۈپ
پايانى يوق ئاپئاق رەڭلەردە.
ئاپئاق رەڭلەر پاك ھەم قالمىش جاراھەت!
پايانى يوق ئاپئاق رەڭلەردە.
قار ئۈچقۇنى، تۈن لەيلىسى، تۈز كانلىرىدا.

# ئەڭ دەسلەپكى ئارمان قوشىقى

كۆپكۆك، تازا سەھەردە
بولسام دەيمەن بىر يۇرەك.
بىر يۇرەك.

قىران كېچىلەردە
بولسام دەيمەن سوپسوپىياڭ.
سوپسوپىياڭ.

(ئەي روھ
ئارتقىن ئاپلېسىن رەڭگىنى.
ئەي روھ
ئارتقىن سۆيگۈ رەڭگىنى.)

شوخ سەھەرلەردە
ئايلانسىكەن دەيمەن ۋۇجۇدۇم
سوقۇپ تۇرغان يۇرەككە.

تىمتاس كېچىلەردە
ئايلانسىكەن دەيمەن ئاۋازىم
سوپسوپىياڭغا.

ئەي روھ
ئارت ئاپلېسىن رەڭگىنى!
ئەي روھ
ئارت مۇھەببەت رەڭگىنى!

(خەنزۇچە «قانلىق توي»، «دۇنيا مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن 200 پارچە»، «دۇنيا مەشھۇر شېئىرلىرىدىن بەھىرلىنىش لۇغىتى»ناملىق كىتابلاردىن تەرجىمە قىلىندى)

[1] خىمېنېز (1881-1958) ئىسپانىيىنىڭ داڭلىق شائىرى، 1956 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

www.uyghurkitap.com



سىنى قانماي سۆيۈشۈم ئۈچۈن،
ئۆزۈمنى بىر سۆيۈشۈم كېرەك.
— **ئەخەت كەلپىن ئىنسانىنىڭ «سۆيگۈم كېلەر لېۋىڭدىن» ناملىق شېئىرىدىن**

بىز گۇناھتىن يارالغان ئەسلى،
مۇھەببەتنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ.
ئال گۇناھنى ئۈستۈڭگە ئەي سەن،
مۇھەببەتنى يارانقان خۇدا.
— **ئەخەت كەلپىن ئىنسانىنىڭ «بىر ئىككىمىز ئۆمۈرۋايەت پاك» ناملىق شېئىرىدىن**

روھىغا
تۇتاشتۇر بىر سىمسىز تېلېفون ھەردەم،
تۇتاشتۇر سادانىڭ چەمبەر دولقۇنى.
كېلىدۇ تۇمانلار تورىنى بۆسۈپ،
جەننەتتە سايرىغان ئاققۇنىڭ ئۈنى.
— **تۇرسۇننىياز توختىنىڭ «گۇگۇم سىرى» ناملىق شېئىرىدىن**

سەندە بار باھارنى
چىشلەپ كەلگەن قۇياش قۇشلىرى.
سەندە بار گېگانت كۈننىڭ،
ئىھ قىمىرلاپ تۇرغان زوۋالى.
سەن — بۇيۇكلۇكنىڭ ئاتەش تىنىقى،
سەن — بىر چوۋالچاق چۈشلەر دەرىخى.
— **تۇرسۇننىياز توختىنىڭ «روھ» ناملىق شېئىرىدىن**

مېۋىلىگەن سانسىز يۇلتۇزلار،
چاراسلاپ يېرىلار ئاتەش نۇرلاردا.
— **تۇرسۇننىياز توختىنىڭ «ئۆمۈر دەرياسى» ناملىق شېئىرىدىن**

ئۇزسەم دەيمەن ئەۋجىگىدە بىر رەت.
— **تۇرسۇننىياز توختىنىڭ «خاتىرەمدە» ناملىق شېئىرىدىن**

ئەي جانان،
بىر سۆزۈم بار دېيەلمىگەن ھېچ،
يۇم- يۇم يىغلاپ تۇرغان يۈرەكتە.
مۇمكىن ئەمەس دېيىشكە، بەلكىم،
جىلۋە قىلىپ تۇرغان دەرەخنىڭ،
ياپراقلىرى سەزگۈر قۇلاقتۇر.

ۋۇجۇدۇمدەك سوغۇق ھۇجرامدا،
پىلدىرلايدۇ مەندەك يېتىم شام.
جاھان پۈتۈن كۆيگەن مىنۇتتا،
يۈرەك سەل - پەل تاپارمۇ ئارام.
— **تاھىر ماموت ئېلىنىڭ «سۈرەتلەر ئارىسىدا» ناملىق شېئىرىدىن**

بەلكىم ماڭا مەخپىي تۇتاشتۇر.
— **غەيرەت توختىنىڭ «سۆزلىمەيتتىم...» ناملىق شېئىرىدىن**

مەن بىر گۇناھ مۇقەددەس،
كىرىش ئۈچۈن جەننەتكە
قېقىپ تۇرغان ئىشىكىنى دوزاخنىڭ.
— **غەيرەت توختىنىڭ «مۇقەددەس گۇناھ» ناملىق شېئىرىدىن**

ئۆزگەردى ئالدىمدا بارچە شەيئىلەر
ئەمما ئۆزگەرمەيسەن مەشۇقۇم
كېتىسەن ئاۋازدەك سىڭىپ يىراققا...
— **ئوۋچىنىڭ «ئۆزگىرىش» ناملىق شېئىرىدىن**

ئۆچ ئالغۇم كېلىدۇ يالغۇزلۇقۇمدىن،
مەۋجۇتلۇق مەن ئۈچۈن يوقلۇقتىن چەكسىز.
بىر ئۈمىد كېلەر ھەم پەقەت ئۆلۈمدىن

...............

لەززەتلىك بولىدۇ پۈتكۈل گۇناھلار،
مەن گۇناھ يازماقچى ئۆزۈمگە تولۇق.

...............

كەتكۈم بار قەلبىمدىن، كەتكۈم بار كېچىپ،
چوقۇنغۇچى قەلبىمنى چەيلەيمەن چېقىپ.

................

مىسكىنلىك چىرمىسۇن مېنىڭ روھىمنى،
سەن بولاي، سەن مەن بول ئالمىشىپ بىررەت.
سەنمۇ ھەم تېتىپ باق سۆيۈش ئازابى.
— **مەمتىمىن مەتتوختىنىڭ «ئاخىرقى ئۆتۈنۈش» ناملىق شېئىرىدىن**

ئاي، قۇياش ۋە يۇلتۇزدىن باشقا،
ساختىلىققا كۆمۈلگەن دۇنيا.
ئۇلۇغ بۈگۈن ساختىلىق شۇنچە،
ساختىلىقسىز سەممىي بولساڭ،
ئەڭ دۆت، مەتۇ سانىشار بۇندا.
**مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇننىڭ «ساختا دۇنيا، ساختا بۇ ھايات» ناملىق شېئىرىدىن**

▲ يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناس ، دوتسېنت ئازات سۇلتاننىڭ «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى نەشردىن چىقىدۇ. بۇ كىتاب دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر، پەلسەپە تەتقىقاتى 9 - بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 50 - يىللاردىن دەۋرىمىزگىچە بولغان ئەگرى -توقاي تەرەققىيات جەريانى سىستېمىلىق، ئىلمىي ھالدا شەرھىيلەنگەن .

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر قايىل قىلارلىق دەرىجىدە خۇلاسىلانغان. ھەر بىر دەۋردە يېتىشىپ چىققان ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ھەم ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋەئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە سىستېمىلىق بىر ماتېرىيالنىڭ كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

▲ يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى بىر تۈركۈم كىتابلارنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇناقچى؛ كىتابلار مۇنۇلار:

1 . «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرى» . بۇ توپلامغا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىگە مەنسۇپ 140 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. ۋاقىت جەھەتتىن ئايرىغاندا، توپلام 1945 - يىلى يېزىلغان «جەڭچى ئاكامغا» دىن باشلىنىپ، 1964 - يىلى يېزىلغان «يۇخۋاتەيگە زىيارەت» تە توگەيدۇ. بۇ توپلام تېيىپجان ئىجادىيىتىدىن ئۆرنەك ئالغۇچى، ھەۋەسكارلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ.

2 . «رازى بولغىن، رازىيە» . ئابباس مۇنىيازنىڭ بۇ توپلىمى «خاسىيەتلىك زېمىن» پوۋېستى ۋە «رازى بولغىن، رازىيە» ، «ھۇنەرۋەن» ، «ھايات يولىدىكى يولداش» ، «يۇلتۇزلۇق ئائىلىلەر» . . . قاتارلىق بىر نەچچە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان. ھېكايىلەرنىڭ تىلى ئاممىباب - چۈشىنىشلىك بولۇپ، رېئال تۇرمۇش ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3 . «شاۋقۇن» . مۆمىن مۇھەممەدنىڭ بۇ رومانىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ غولجىدىكى ئۆسمۈرلۈك - بالىلىق چاغلىرى، مەكتەپ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى تەپسىلىي، چىن تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا تەسۋىرلەنگەن. روماندا يەنە ل. مۇتەللىپنىڭ پائالىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئەنۋەر ناسىرى، تاڭجارىق، قاسىمجان قەمبىرى. . . قاتارلىقلارنىڭ پائالىيىتىمۇ تەسۋىرلەنگەن.

4 . «سەئىدخان» . مىرزاھىت كەرىمىنىڭ بۇ رومانىدا يەركەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سەئىدخاننىڭ يەركەن خانلىقىنى قۇرۇش جەريانى ۋە سەئىدخانغا ئالاقىدار نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن.

5 . «لالە - قۇربان» . داڭلىق يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ بۇ رومانىدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كوچادا يۈز بەرگەن لالە - قۇربان ۋەقەسى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ۋەقە «رابىيە - سەئىدى» ۋەقەسىگە زامانداش بولۇپ، يازغۇچى شۇ ۋەقەلىك ئاساسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسيانكار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تىللاردا داستان بولغان كۈرەشلىرىنى تارىخىي يۇسۇندا تەسۋىرلىگەن.

6 . «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ» . يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ توپلىمىغا «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ» ، «داغدا قالغان قىز» ، «ئاخىرەتلىك سوۋغا» ، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق ئالتە پوۋېستى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەردە نۆۋەتتە كىشىلەر بىردەك نەپرەتلىنىۋاتقان چىرىكلىك، پارىخورلۇق، ساختىلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنغان ۋە ئۆتكۈر ھەجۋى ئاستىغا ئېلىنغان؛ ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى زىلزىلىگە سالىدىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ قىزىقارلىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن؛ زىيالىيلارنىڭ غەم - قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى، ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەگرى - توقاي

www.uyghurkitap.com

كەچۈرمىشلىرى جەلپ قىلارلىق ۋەقەلەر، جانلىق ئوبرازلار ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر ئارقىلىق
يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەڭ مۇھىمى، بۇ توپلامدىكى پوۋېستلاردا خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى، يۈرەك سۆزى
ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

7. «ئىنسان تەبىئىتى ۋە بىزدىكى ئىللەتلەر». ئىبراھىمجان ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان بۇ توپلام ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىق 11 ئاپتورنىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»، «بىزدىكى ئىللەتلەر»، «ھازىرقى ھالىتىمىزدىن تېز سىزما»، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا» دېگەنگە ئوخشاش 11 پارچە ماقالىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن، دەۋرگە ماسلىشىپ مېڭىش ئۈچۈن بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى شەرھىيلەنگەن.

8. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە يېڭى ئىزلىنىشلەر». بۇ — ئەكبەر قادىرنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرىدىن تەركىب تاپقان كىتاب. كىتابتا ئاساسەن ئۈچ خىل مەزمۇندىكى ماقالىلەر بار؛ بىرىنچى، نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مەتتىمىن ھوشۇر... قاتارلىق يازغۇچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىلىرى. خاتىرىلەردە ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەر مۇلاھىزىلىك ئاساستا يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئىككىنچى، كىتابتىكى بەزى ماقالىلەردە يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى مەسىلىلەر، خاھىشلارنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ مەنسۇپ بولغان ئېقىملىرىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئورنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھىيلەنگەن. ئۈچىنچى، توپلامدىكى خېلى بىرقىسىم ماقالىلەردە يېقىندىن بۇيان جامائەتچىلىك بىلەن يېڭى نەزەرىيىۋى ئاساس، يېڭى كۆزقاراش ئاساسىدا ئىلمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇشۇ نەزەرىيەلەر تەسىرىدە يېزىلغان يېڭى ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان.

9. «ھارغىن ھېسلار». غ. ئو. زۇلپىقارنىڭ بۇ توپلىمىغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان ئونغا يېقىن ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە چىن مۇھەببەت مەدھىيىلىنىپ، تۇرمۇشتىكى رەزىل، ساختا ئىللەتلەر قامچىلانغان. ھېكايىلەردە تۇرمۇش چىنلىقى كۈچلۈك. كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ.

10. «گۈگۈم تىنىقى». بۇ تۇرسۇن نىياز نەشرگە تەييارلىغان بىر قىسىم ئايال ئاپتورلارنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، دىلبەر قېيۇم، غەلىبە مۇھەممەت، ماھىگۈل پەخرىدىن، قەلبىنۇر تۇرغۇن... قاتارلىق 20 نەچچە ئاپتورنىڭ «قارا قۇشقاچ»، «ئەۋەتىلمىگەن مەكتۇپ»، «ساراڭ»، «ئاق بۆجەن»... ھېكايىلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە رەڭمۇرەڭ رېئال تۇرمۇشتا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئاياللارنىڭ ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت تۇرمۇشى جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى، ھايات مۇساپىسىدىكى قايغۇ - شادلىقى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاياللارغا خاس كۆزىتىش نۇقتىسى، پاك، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. ئەسەرلەردە رەزىللىكلەر پاش قىلىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ. ياخشى ئادەم، ياخشى ئادەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ.

11. «يىرتىلغان نىقاب». بۇ - ياش شائىر ئايگۈل ھەمدۇللانىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، قويۇق ئاممىباپلىققا، كۈچلۈك لىرىكىلىققا ئىگە، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى قويۇق لىرىكىلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغان. ھەربىر ئەسەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ، ئىنسانلار مەنىۋىيىتىدىكى چوڭقۇر ھېسسىياتنىڭ ھامان ئورتاق سەزگۈ ئىكەنلىكىنى مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىدا، شائىرنىڭ گۈزەللىك يارىتىشقا تىرىشىدىغان ئىرادىسى، يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى ھەرقانداق مۇشكۈللەر ئىچىدىمۇ بوشاشماي ئىلگىرىلەيدىغان پەرلىنتى ئىپادىلەنگەن.

12. «تىرىلگەن ئۆلۈك». مەزكۇر كىتاب - يازغۇچى مەتتىمىن شىپەنىڭ ئۈچىنچى ھېكايىلەر

توپلىمى بولۇپ، بۇ كىتاب «تىرىلگەن ئۆلۈك» قاتارلىق ئون پارچە ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە ئومۇمەن كىشىلىك تۇرمۇش، ئەدەب - ئەخلاق تېما قىلىنىپ، ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىز ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، مېھرىبانلىق، مۇھەببەتكە سادىقلىق. . . مەدھىيىلەنگەن. ناچار ئادەتلەر، ئەخلاقسىزلىق، نادانلىق، قاششاقلىققا ئوخشاش يارىماس ئىللەتلەر تەنقىدلەنگەن. شۇ ئاساستا بىلىم ئىگىلەش، سەمىمىي ئادەم بولۇش، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش. . . لازىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

13. «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى». ياش شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ 60 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا ئەنئەنىۋى شېئىر بىلەن يېڭىچە شېئىر، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىك تەرەپلىرى ئۇنۇملۇك بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، شېئىرلاردىكى ئويناق تىل، چوڭقۇر ھېسسىيات، مەزمۇندىكى كۆپ قىرلىق، چوڭقۇر تۇرمۇش پۇرىقى، جۈملە تۈزۈلۈشىدىكى ئۆزگىچىلىك ياش شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

14. «قان رەڭ جىلغا». ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ بۇ ھېكايىلەر توپلىمىغا «قاغجىرىغان تىنىق»، «خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى»، «تۇگىمەس ئازاب»، «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «قارا جاڭگال» قاتارلىق سەككىز پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەردە يېزىلارنىڭ رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن، مىللىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان نادانلىق، قاششاقلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئېچىپ تاشلانغان، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق. تىلى ئاممىباب.

15. «قارا پەرىشتە». ياش يازغۇچى كۈرەشجان ئۆمەرنىڭ بۇ ھېكايىلەر توپلىمىغا «گىلىرەڭ ئادەم»، «قارا پەرىشتە»، «تەن ۋە روھ»، «ھاماقەت بويتاق» قاتارلىق سەككىز پارچە ھېكايە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىلەر يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، تېما دائىرىسى كەڭ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش مەنىلىرى چوڭقۇر، قىزىقارلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىچە تۇيغۇ، ئۆزگىچە ھېسسىيات بېغىشلايدۇ.

16. «ئارمانلار يىلىنجايدۇ». ياش يازغۇچى پەرھات ئىلياسنىڭ بۇ پوۋېستىدا، ئارماندىن ئىبارەت ئېتىقادلىق، سەمىمىي، چىن مۇھەببەتكە سادىق ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردە ئاپتور ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىتابخانلارغا تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى، چىن مۇھەببەت ئەقىدىسىنىڭ ئۆزگەرمەس ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئەسەردىكى لىرىك تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىك كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ.

17. «ئاشىقىمەن دىيار ۋە گۈلنار». بۇ «كاككۇك قونغان تال»، «كاككۇك قايتا سايرىغاندا» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان يازغۇچى، شائىر ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، «ئانا يۇرت ئىشقى»، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، «باھارگۈل، ئەسلىدىم سېنى باھاردا»، «قەلبىمدە، يادىمدىسەن گۈزەل گۈلشەن»، «گۈلنارىم بار، نەۋ باھارىم بار» دېگەنگە ئوخشاش ئانا يۇرت ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلىرىلا كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى شېئىرلار ئاپتورنىڭ ھېكايىلىرىغا ئوخشاشلا لىرىك، جۇشقۇن بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ.

18. «ئەجەللىك ۋەسۋەسە». بۇ توپلامغا ياش يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئەجەللىك ۋەسۋەسە»، «ھالاكەت»، «مۇزلىغان دېرىزە»، «مەسىھ چۆلى»، «كېسەل» قاتارلىق بەش پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پوۋېستلاردا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرى، پسىخىك كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر ئىنسان تەبىئىتىگە چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئىنسان روھىدىكى ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئويلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. «ھالاكەت»، «مۇزلىغان دېرىزە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەينى ۋاقىتتا ژۇرنال يۈزىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

كىتابخانلار ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىچە بەدىئىي ئۇسلۇب قوللىنىلغان، مەيلى ۋەقەلىك، مەيلى تەسۋىر، مەيلى پەلسەپىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن كىشىگە پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ.

19. «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار». سۇلايمان ئابدۇرەھىم يازغان بۇ رومان 40-يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن، ئەمما گومىنداڭ تەرىپىدىن چاقىلىق ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم سۈپىتىدە سۈرگۈن قىلىنغان مامۇتجان بىلەن گومىنداڭ تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا مەجبۇرىي ئەۋەتىلىپ، يارىدار بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتى چارقىلىق ناھىيىسىگە كەتكەن بارات قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە باشلانغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن تەشكىللىنىپ ئامىنى قوزغاپ، گومىنداڭنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكى، ئەمما يەرلىك خائىن، ساتقىن ۋە جاسۇسلارنىڭ زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا بۇ ئىنقىلابچىلار بىرقانچە قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىپ، دەھشەتلىك ئازابلارنى تارتقانلىقى؛ ئاخىرى ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قاراشەھەر تۈرمىسىگە تاشلانغاندا، خەلق قوزغىلىپ، تۈرمىنى پاچاقلاپ، بۇ ئىنقىلابچىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۈرۈمچىگە مەخپىي قاچۇرۇۋەتكەنلىكى؛ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئىنقىلابچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن غۇلجىغا ئۆتۈپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئىنتايىن قىزىقارلىق بايان قىلىنىدۇ. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق.

20. «ئويغانغان زېمىننىڭ قەيسەر ئوغلانى». بۇ كىتاب ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىم، يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان تەزىيەنامە ۋە مەرسىيىلەرنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا چەكسىز قايغۇ - مۇسىبەتكە چۆمگەن سانسىز يۈرەكلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ تەزىيەنامە ۋە مەرسىيىلەر مەرھۇم ئالىمغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئالىي ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يارقىن ئىزھارى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغانلىقى كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتۈرمەي قالمايدۇ.

21. «قېنى سەن قانۇن؟ نەدە سەن ئادالەت؟». مەزكۇر توپلامغا جامائەتكە تونۇلغان ياش ئايال يازغۇچى دىلدار ئەزىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى يازغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدىن «قېنى سەن قانۇن؟ نەدە سەن ئادالەت؟»، «قۇياشنى قەلبىگە تاڭغان ئايال»، «ئازغىنلار ماكانىدىن كەلگەن سادا»، «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان ئاق لالە» قاتارلىق تۆت پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئىللىقتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر. كىشىلەرنىڭ ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرى جەلپ قىلارلىق قىلىپ بايان قىلىنغان.


«天尔塔格»文学双月刊
1996年 第6期

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1996-يىل 6-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：«天尔塔格»编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：2.20元

پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى سىزنىڭ دوستىڭىز

1997

**1**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

**2**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | |

**3**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

**4**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | | | |

**5**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

**6**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | | | | | |

**7**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

**8**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

**9**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | | | | |

**10**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

**11**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | | | | | | |

**12**

| 日 | 一 | 二 | 三 | 四 | 五 | 六 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب